# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

10

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ

# تارىخ ماتېرىياللىرى

**10**

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقات ھەيئىتى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## مۇندەرىجە


قاماققا ئېلىنىپ قاماقتىن چىققانغا قەدەر
— 1942 - يىلدىن 1946 - يىلغىچە شىڭ شىسەي
تۈرمىسىدە دۈشمەنگە قارشى قىلىنغان كۈرەش
پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە ........ ماجياۋسۇڭ (1)
ئابلىمىت تەرجىمىسى

شىڭ شىسەينىڭ سىياسى قايىنىمىدا
........................ چېن فاگبو (67)
مەمەت تۇرسۇن تەرجىمىسى

1943 -، 1944 - يىللىرى لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىدا
پارتلىغان مىنا ئاۋازى ........ دۇشۇيزىڭ (108)
خېۋىر تومۇز تەرجىمىسى

گومىنداڭ ھەربى ئىشلار كومىتېتى شىنجاڭغا
ئەۋەتكەن كادىرلار ئەترىدىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى
........................ پەن رۇگلى (117)
ئەيسا ھوشۇر تەرجىمىسى





**شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (10)**
جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى
※
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ 7220 - زاۋۇتتا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 11.25
1983 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M11098.123
تىراژى: 1 — 8،500
باھاسى
(ئىچكى ق

جۇشياۋلياڭنىڭ بەنگەنى 1945 - يىلى چوچەككە
تەشۋىق-ھال سوراشقا ئەۋەتكەنلىكىنىڭ باش-
ئاخىرى ..................... ئۇۋۇياك، ۋىن لىك (128)
ئەيسا ھوشۇر تەرجىمىسى

ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجا ئارىلىقىدا بولغان ۋەقەلەر
.............................................. شى جىمىڭ (159)
ئەيسا ھوشۇر تەرجىمىسى

گومىنداڭنىڭ زاپاس 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ گۇللىنىشى
ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىنىڭ قىسقىچە ئوتمۇشى
.............................................. دۇشۇيىزىك (183)
ئەيسا ھوشۇر تەرجىمىسى

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە
قايتىش جەريانىدىن ئەسلىمىلەر
.............................................. باۋ دېيەنخۇا (201)
ئەيسا ھوشۇر تەرجىمىسى

قومۇلدىكى بۇلاڭچىلىق ۋەقەسىدىن كورگەن -
بىلگەنلىرىم .............................. جاۋشىيىك (234)
ئەيسا ھوشۇر تەرجىمىسى



شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇش ھارپىسى-
دىكى ئولكىلىك پىرقە ............. لى فەنچۈن (242)
ئەيسا ھوشۇر تەرجىمىسى

شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۇمەت ئەزالىرىنىڭ ئىسمى-
لىكى (1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى)...... (259)
شىنجاڭ تىنچ ئازات بولۇش ئالدىدا جاڭجىجۇڭ،
تاۋشىيۇ، بۇرھان شەھىدىلەر ئوتتۇرىسىدا
ئالماشتۇرۇلغان تېلېگراممىلار .............. (261)
ھېۋىر تومۇر تەرجىمىسى

چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن ياڭ،
جىنلارنىڭ شىنجاڭدا ھوكۇمرانلىق قىلغان
ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى باج تۈزۈملىرى
ۋە ھاكىملار ...................... سەي خېڭشىك (275)
ئەشرەپ ئابدۇللا تەرجىمىسى

چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن ياڭ،
جىن ھوكۇمرانلىقىغىچە قەدەر شىنجاڭ مائارىپى-
نىڭ قىسقىچە ئەھۋالى .......... سەي خېڭشىك (290)
قۇربان مەھەممەت تەرجىمىسى

مۇندىن 70 يىل بۇرۇنقى شىنجاڭ قولسانائىتىنىڭ

قىسقىچە ئەھۋالى ........................ جى لو (314)
قۇربان مەھەممەت تەرجىمىسى

شىنجاڭ سەرەڭگە سانائىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋا-
لىدىن قىسقىچە تونۇشتۇرۇش
.............................................. ۋاڭزەيىۋەن (335)
ئىبراھىم روزى تەرجىمىسى



# قاماققا ئېلىنىپ، قاماقتىن چىققانغا قەدەر

## 1942 - يىلدىن 1946 - يىلغىچە شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە دۈشمەنگە قارشى قىلىنغان كۈرەش پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە

ماجياۋسۇڭ (مارۇپ)

**ئاپتوردىن:**

مەن 1968 - يىلدىن 1973 - يىلغا قەدەر لىن بياۋ ۋە"4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ تۈرمىسىدە خوتەندە (بىر يىل) ئۈرۈمچىدە (5 يىل) جەمى 6 يىل قاماقتا ياتتىم. ئەينى يىللاردا كاڭشېڭ باشچىلىقىدىكى مەخسۇس ئەنزە گۇرۇپپىسى، 1942 - يىلدىن 1946 - يىلغا قەدەر شىڭشىسەي، گومىنداڭ تۈرمىسىدە قامىلىپ 1946 - يىلى 6 - ئايدا بوشۇتۇلۇپ يەنئەنگە قايتىپ كەتكەن زور بىر تۈركۈم يولداشلارغا خائىن دەپ قارا چاپلىدى. بۇ خاتىرە 1972 - يىلى 11 - ئايدا مەخسۇس ئەنزە گۇرۇپپىسىغا يازغان نۇرغۇن ماتېرىياللىرىمدىن بىرسى.

ماتېرىيالدىكى پولاتتەك تارىخىي پاكىتلار بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ خائىن بولماستىن، بەلكى پارتىيىنىڭ

سادىق جەھچىلىرى ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
مەن بۇ ئارقىلىق لىن بياۋ، كاڭ شېڭ، جياڭ چىڭ
قاتارلىق ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھنىڭ بىزگە قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى پاش قىلىمەن ۋە قاتتىق
غەزەپ بىلدۈرىمەن، پارتىيە تارىخى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بۇ ماقالىنى
ئالاھىدە قايتىدىن كۆچۈردۈم.

1980 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

## 1. نەزەربەنت قىلىنغان مەزگىل

(1942 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 1943 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگە قەدەر ئۈرۈمچى شەھەر ئۈچ بۇرجەك كوچىسىدىكى «ۋاقىتلىق مېھمانخانىدا»)

1) 1942 - يىلى 9 - ئايدا، دەل 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى بارلىق خادىملارنى ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ جەنۇبىدىكى «باخۇلياڭ» غا توپلاپ، بىر تەرەپتىن شىنجاڭدىن چېكىنىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى جىددى ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن كوپچىلىكنى ئىستىل تۈزىتىشكە تەشكىللەپ ئۆگىنىش قىلىۋاتقان چېغىمىز ئىدى. 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشلۈك ئويقۇدىن ئەمدىلا تۇرغان ئىدۇق. شىڭ شىسەينىڭ مېھمان چاقىرىش نامى بىلەن لىن جىلۇ، لى شياۋپىڭ، لى جۇ-



لياڭ، خۇجيەن، ۋاڭمو، يۈيسۈن، بەيدافاڭ، ساۋجيەنپى، چېڭ خاۋرەن، دۇەن جىڭچى، ماشۇ، ليۇمىيەن، چېڭ جۇنسۇ، ۋۇ نەيجۈن، جاڭ يۈلەن ۋە مېنى ئۈرۈمچى شەھەر ئىچى ئۈچ بۇرجەكتىكى ۋاقىتلىق مېھمانخانىغا نەزەربەنت قىلدى. ھويلا ئىچىدە، ئۆيلەرنى ئەركىن ئارىلاپ يۈرۈشىمىزگە، گېزىت كۆرۈشىمىزگە بول قويۇلاتتى. 10 ئادەم بىر جوزىدا «مېھمان» تامىقى يەيتتۇق، «كۈتكۈچىلەر» بىزنى «ئەپەندى» دەپ ئاتايتتى، لېكىن ھويلىنىڭ سىرتىغا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى، ھويلا ئەتراپىغا ساقچىلار پوس قويۇپ قاتتىق ساقلايتتى. بۇ نەزەربەنت قىلىنغان ھاياتىمىزنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

2) ئىككىنچى كۈنى بىز دەرھال ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇپ چىقتۇق، لىن شياۋپىڭ شۇجىلىققا، لىن جىلۇ، لى جۇلياڭ، خۇجيەنلەر ھەيئەتلىككە تەيىنلەندى. بىز بىر نەچچە پارتىيە گۇرۇپپىسىغا بۆلۈندۇق، مەن لىن جىلۇ باشلىق بولغان گۇرۇپپىغا بۆلۈندۈم.

3) پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە تەشكىللىنىپ ئۆگىنىشنى باشلىۋەتتۇق. 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 - ئايغىچە ئۆگىنىشنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى داۋاملىق ئىستىل تۈزىتىش بولدى، ماۋجۇشىنىڭ 3 چوڭ ئىستىلنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى دوكلادى ئاساسىي ماتېريال قىلىندى. ئىستىل تۈزىتىشكە ئائىت 10 نەچچە ھۆججەت ۋە يولداش چېن تەنچيۇنىڭ ئىستىل

تۈزىتىش توغرىسىدىكى سەپەرۋەرلىك دوكلادى قوشۇمچە ماتېرىيال قىلىندى. ئۇچاغدا ھوججەت بولمىغانلىقتىن پەقەت ئەسلەشكە كوپچىلىكنىڭ سوھبەت، مۇزاكىرىسىگە تايىناتتۇق. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت — ئېڭىمىزنى ئوستۇرۇپ، ئەگەر رەسمى قولغا ئېلىنىپ قامالغاندىمۇ بىر كومپارتىيە ئەزاسىدا بولىدىغان ئالىجاناپ ئىنقىلاۋىي خىسلەتنى ساقلاش ئىدى. ئۆگىنىش داۋامىدا ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسىراتىمىزنى سوزلەپ ئىرادىمىزنى بىلدۈردۇق. يولداش لى شياۋپىڭ كوپچىلىككە شاۋ چۈنۇي، يۈن دەيىڭ، فاڭ جژمىڭ قاتارلىق ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلغان ئىش ئىزلىرىنى سوزلەپ بەردى. شۇنداقلا ھەركۈنى 2 سائەت رۇسچە ئۆگەندۇق. ئايرىم يولداشلار مەدىنىيەت ئۆگەندى.

4) 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن قايتۇرۇپ كەلگەن گوجژيۇەن، تەن گۈيىياۋ، شۇي لياڭ، گاۋدىڭباڭ، جىڭ يىشىڭلارمۇ قاماققا ئېلىنغانلىقتىن، ئۇلارمۇ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە قاتناشتى.

5) 11 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنىدىن باشلاپ بىر قىسىم ۋاقىت چىقىرىپ ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشى ئېلىپ باردۇق، يەنە بىر قىسىم ۋاقىتتا ۋ ك پ ب تارىخىنى ئۆگەندۇق، ئىككىنچى يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىر-



لىرىدا ۋ ك پ ب تارىخىنىڭ يۇقۇرقى بىر قىسمىنى ئۆگىنىپ بولدۇق.

6) مۇشۇمەزگىل ئىچىدە 11 - ئاي ۋاقىتلىرى بولسا كېرەك، لى شياۋپىڭ، چېن تەنچيۇنىڭ ئوز قەلىمى بىلەن «ئىشلىرىم ئوز يولىدا كېتىپ بارىدۇ، ئەنسىرىمەڭلەر» دەپ يازغان بىر بەت قەغەزنى كوتىرىپ كىرىپ ھەممەيلەنگە ئوقۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ «باخۇلياڭ» دىكى ۋاقىتلىق ئورنىدىن ھەر بىرىمىزگە 30 يۈەندىن شىنجاڭ پۇلى ئەۋەتىپ بەردى.

7) بىز بىر مەزگىل ئىچىدە گېزىتتىن، خەلقارادا 3 - ئىنتېرناتسىونالنى تارقىتىۋەتكەنلىك ستالىنگرات جېڭىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا پايدىلىق تەرەپكە قاراپ بۇرۇلۇش ياسىغانلىقى، ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ياۋروپادا ئىككىنچى فورونت ئېچىشنى قەستەن كېچىكتۈرگەنلىكى، ستالىن ئامېرىكا مۇخبىرىنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بەرگەندە، ئىككىنچى فورونت بولمىغاندىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى گېرمان فاشىستلىرىنى يەككە ھالدا مەغلۇپ قىلالايدۇ دەپ ئېيتقانلىقى، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلتنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن مائاۋىن زۇڭتۇڭ ۋېلسون گومىنداڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھەمكارلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن چۇڭچىڭگە، كېيىن شىنجاڭ ئارقىلىق

سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ مۇخبىرلارغا جۇڭگو بىلەن
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كەڭ زېمىنلىرى بىر - بىرىگە تۇ-
تاش، ھەمكارلىشىش لازىم. دېگەن سۆزلەرنى بايان قىلى-
غانلىقى، گومىنداڭ ئاخبارات ئاگېنتلىقى ئىككىنچى
فرونت ئېچىشتا ئالدى بىلەن ئاسىيادا ياپون باسقۇنچى-
لىرىغا قارشى جەڭ مەيدانى ئېچىپ، ئاندىن ياۋروپادا
گېرمان فاشىستلىرىگە قارشى جەڭ مەيدانى ئېچىشتىن
ئىبارەت. «ئالدى بىلەن ئاسىيادا، كېيىن ياۋروپادا جەڭ
مەيدانى ئېچىش نەزەرىيىسى» نى كەڭ تەشۋىق قىلغان-
لىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى كوردۇق.

8) شۇچاغدا شىنجاڭنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىنى گېزىتتىن:
گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا ئۆلكىلىك پىرقە قۇرغانلىقى،
گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە دىپلوماتىك خادىملار مەھكىمىسى
قۇرغانلىقى، شىڭ شىسەينىڭ چۆچەككە ئەۋەتكەن دۇبەن
مەھكىمىسى بەنگۇڭتىڭىنىڭ جۇرېنى پىڭ جىيىۋەن 12 -
ئايلاردا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى
خەۋەرلەرنى كوردۇق.

9) 1943 - يىلدىن باشلاپ قاراۋۇللار بىزگە بول-
غان نازارىتىنى كۈچەيتتى. ئاخشىمى پوستنى 2 - قەۋەتتى-
كى ياتىقىمىزغا چىقىدىغان پەلەمپەي ئېغىزىغا ئورۇن-
لاشتۇرۇپ، ئاخشىمى تەرەتكە چىقساق سۈرۈشتۈرىدىغان
بولدى. شۇڭا ئېھتىيات قىلىش ئۈچۈن ئۆگىنىش خاتى-



رىلىرىمىزنى كويدۇرۇپ تاشلىدۇق ھەممە ھەر ئېھتىمال-
غا قارشى تەييارلىق كوردۇق.

10) 1943 - يىلى 2 - ئاينىڭ باشلىرىدا بىر
كۈنى گېزىت تارقىتىش ئۇشتۇمتۇت توختىدى، بۇ ئەھۋال-
نىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرەتتى. پارتىيە
ياچېيكىسى لىن جىلۇ نامىدىن گېزىتنى توختاتقانلىقنى
سۈرۈشتۈرۈش توغرىسىدا خەت يېزىپ دەرھال شىڭ شىسەي-
گە ئەۋەتتى.

11) 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاخشىمى بىزنى بىر-
بىرلەپ يوقلىما قىلىپ، ئايرىم ھالدا ئاپتوموبىلغا سېلىپ
4 - تۈرمىنىڭ شەرقىي ھويلىسىغا ئېلىپ باردى.

## 2 • 4 - تۈرمىنىڭ شەرقىي ھويلىسىدا تۇرغان مەزگىللەر

(1943 - يىلى 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاخشىمىدىن
1943 - يىلى 3 - ئايغا قەدەر)

1) 1943 - يىلى 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يېرىم كېچىدە
مېنى رەسمىي قاماققا ئالدى. مەن بىلەن لى جېرلياڭ،
ۋاڭمو، يوي سۈنلەرنى بىر ئۆيگە قامىدى، تۈنبويى كوز
يۇمماي توتىمىز پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلىشىپ، بۇنى
شىڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن ئۈزۈل -
كېسىل يۈز ئورۇپ، ئۆزىنى باندىت جياڭ جيېشىنىڭ قوي-

نىغا ئاتقانلىغىنىڭ ئىپادىسى دەپ ھېساپلىدۇق. شۇندىن باشلاپ، بىز ئۇنىڭغا ھېچقانداق خام خىيالدا بولماي، ھەرقانداق تەھدىت ۋە قىزىقتۇرۇپ ئالداشلارنى رەت قىلىشقا ئىدىيىمىزدە تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ، تۈرمىنى دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان چوڭ مەكتەپكە ئايلاندۇرماقچى بولدۇق.

2) 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئەتىگەندە، گۈندىپايدىن قەغەز تەلەپ قىلساق، ئۇ بىزگە «جىنايەتچىلەرنىڭ يوليورۇق سوراش قەغىزى» دەپ خەت يېزىلغان قەغەز بىلەن بىردانە ئىشلىتىپ يېرىمى قالغان قېرىنداش قەلەم بەردى. لى جېڭلياڭ قەغەزدىكى «جىنايەتچىلەرنىڭ يوليورۇق سوراش قەغىزى» دېگەن خەتنى يىرتىپ تاشلاپ، بىز جىنايەت ئۆتكۈزمىدۇق، نېمە ئۈچۈن قولغا ئېلىپ، تۈرمىگە سولايسىلەر دەپ نارازىلىق خەت يېزىپ گۈندىپاينىڭ شىڭشىسەيگە بېرىشىگە تاپشۇردى.

3) ئەتىسى ئەتىگەندە خالاجايغا كېتىۋېتىپ خۇجىيەنىڭ سۆزلەۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپ قالدۇق، كەچتە چىڭخاۋرەننىڭ نارازىلىق قىلىۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كامېرلاردا ئۆز ئادەملىرىمىز بارلىغىنى بايقىدۇق ھەم ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلىماقچى بولدۇق.

4) تومۇر تۈرمە سىرتىدىكى شەپىلەرنى ئۇدا بىر نەچچە كۈن كۈزەتتۇق. ئوقۇيدىغان كىتاپ، گېزىت



يازىدىغان قەغەز، قەلەم يوق بولغانلىقتىن، توتىمىز مەسلىھەتلىشىپ شىنجاڭدا ئىشلىگەن خىزمەت ئەھۋالىمىز بىلەن تەجرىبىلىرىمىزنى سىستېمىلىق تونۇشتۇرماقچى بولدۇق. مەن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ خوتەن، بورتالادا مەدىنى ـ مائارىپ ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن خىزمەت ئەھۋالىمنى تونۇشتۇردۇم. لى جېڭلياڭ قەشقەر، مارالۋېشى قاتارلىق جايلاردىكى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن خىزمەت ئەھۋالىنى، ۋاڭمو، قەشقەر گېزىتخانىدا ئىشلىگەن خىزمەت ئەھۋالىنى، يۈي سۈن ئۈرۈمچىدە ئىشلىگەن خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەمدە ئاڭلىغان ـ بىلگەنلىرىمىز ئۈستىدە تەپسىلى سۆزلەشتۇق.

5) 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە گۈندىپايلار بىزنىڭ كودە ـ كورپىلىرىمىزنى ئېلىپ كەلگەندە، كىتاپلىرىمىزنى ئېلىپ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىگىنى سۈرۈشتۈردۇق ھەمدە ئۇلارغا شىڭشىسەيگە ئېيتىپ بارلىق كىتاپلىرىمىزنى دەرھال قايتۇرۇپ بېرىش تەلىۋىمىزنى يەتكۈزۈشنى جېكىلىدۇق، بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم توغرىسىدىكى كىتاپلارنى، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا چىقارغان بايانلىرى ۋە شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان «يېڭى دېموكراتىزىم توغرىسىدا»، «جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان تارىخى» ھەم رۇسچە كىتاپـ

لارنى ۋە بەزى كىلاسسىك كىتاپلارنى قايتۇرۇپ بەردى.
شۇندىن باشلاپ ئۆگىنىشنى رەسمىي باشلىۋەتتۇق. ۋاقىت-
نى بەلگىلەشكە سائەت بولمىغانلىقتىن، قاماقخانىدا
كۆيدۈرۈشكە بېرىلگەن شاگىنىڭ كۆيۈشىنى ۋاقىت ئۆلچىمى
قىلىپ بەلگىلىدۇق. ھەركۈنى 6 دىن 8 تال شاگ كۆيدۈرۈپ
بۇنىڭدا $\frac{2}{3}$ قىسىم ۋاقىتنى ماركسىزم - لېنىنىزم نە-
زىرىيىسىنى ئۆگىنىشكە، $\frac{1}{2}$ قىسىم ۋاقىتنى مەدەنىيەت
ۋە رۇسچە ئۆگىنىشكە ئاجراتتۇق. قەغەز مەسىلىسىنى ھا-
جەتخانىغا تارقىتىپ بەرگەن سامان قەغەزنى ئىشلەتتۇق،
چىش پاراشوكىنىڭ ئالىيومىن قېپىنى ئۈزۈپ دۈگىلەك
قىلىپ قېرىنداش ئورنىدا ئىشلەتتۇق. 2 - ئاينىڭ كېيىن-
كى يېرىمى بولسا كېرەك، مەن بىر مەزگىل ئىچىدە
جۇڭگو ئىنقىلاۋى تارىخى ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ ياپون باس-
قۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا قىلغان بايانات-
لىرى تويلىمىنىڭ بىر قىسمىنى، رۇسچە دەرسلىكى
2 - كىتاۋىنىڭ بىر قىسمىنى ئوقۇپ چىقتىم. لى جىۋ-
لياڭ «بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئىككى قەدەم چېكىنىش»
دېگەن نەزىرىيىۋى كىتاپلارنى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىي
كىتاپلارنىڭ بەزى باپلىرىنى ئوقۇپ چىقتى. ۋاڭمو،
يۈي سۇنمۇ بەزى نەزىرىيىۋى كىتاپلارنى ئوقۇپ چىقتى.
6) 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن 3 - ئاينىڭ ئوتتۇ-
رىلىرىغىچە تۇتىمىز ئوقۇپ چىققان نەزىرىيىۋى كىتاپلار



بىلەن كىلاسسىك ئەدەبىي كىتاپلاردىن ئالغان تەسىرا-
تىمىزنى ئۆزئارا سۆزلەپ ئالماشتۇردۇق، بۇنىڭ ئىس-
چىدە لى جىۋلياڭنىڭ يېقىنقى زامان ئەدەبىي تاللانما
ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، 1898 - يىلدىكى قانۇن ئىسلاھا-
تى ھەرىكىتىدىن بۇيان جۇڭگودىكى مەدەنىيەت ئاقار-
تىش ھەرىكىتى ئۈستىدە تەسىرات سۆزلەپ، جۇڭگونىڭ
يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر كىشىلەرنىڭ
ۋەتەننى، خەلقنى قۇتقۇلدۇرۇش يولىدا ھەقىقەتنى ئىز-
لىگەنلىك جەريانىنى ۋە ماركسىزم - لېنىنىزمنى
جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ جۇڭگو ئىنقىلاۋى-
نىڭ قىياپىتىدە يېڭى باشلىنىش بولغانلىقى توغرى-
سىدىكى ئەھۋاللارنى شەرھلەپ بەرگەن سۆزلىرى ھا-
زىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

7) گېزىت كۆرەلمىگەنلىكتىن، ھاجەتخانىغا بېرىش
ياكى ھاۋالىنىش مەيدانىغا بېرىش يولىدا گۈندىپاي-
لارنىڭ تاشلىۋەتكەن تاماكا قالدۇقلىرىنى تېرىۋېلىپ
ئاندا - ساندا پارچە خەۋەرلەرنى كۆرەتتۇق.

8) 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ
لى جىۋلياڭنىڭ ھەمشىرىسى يولداش ۋۇنەي-
جۈن ھەر ئايدا بىر قېتىم ئېلىپ كەلگەن يېمەك - ئىچ-
مەك، كىيىم - كېچەك، كېرەكلىك نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋې-
لىپ تۇردۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە بىرىنچى قېتىم ئېلىپ
كەلگەن نەرسىلەر ئىچىدىكى ئىككى دانە ئالمىغا: «ئارا-

يىراق، كوكۆل يېقىن، خۇددى مېنىڭ يېنىمدا سىز، كوپ بولسىمۇ يۇرەكسوزۇم ئېيتماق ئۇنى بەكمۇ قىيىن، ساغلام تەندە ساغلام ئەقىل، ئەقىدە قىلىپ قەدىرلەڭ سىز، كېچە - كۇندۇز، ئارزۇيۇم شۇ، ساق - سالامەت قايتىپ كېلىڭ»، دېگەن سوز ئويۇلغان ئىدى.

9) 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا بىر كۇنى ئەتىگەنلىك هاۋا يەپ قايتىشتا خۇجيەن بار كامىر ئالدىدىن ئوت- كەن ئىدىم. خۇجيەن تومۇر قاپقىدىن ساقلىنى سىلاپ (لى شياۋپىڭنى بىلدۇرمەكچى) ئاندىن ئوڭ تەرەپنى كورسىتىپ لى شياۋپىڭنى تونۇگۇن ئاخشام ئېلىپ كەت- كەنلىكىنى ئىشارەت قىلدى. مۇشۇ بىر نەچچە كۇن ئىچى- دە ئىككى كامىردىكىلەر هاجەتخانىدا ئالاقە باغلاپ، لى شياۋپىڭنى 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى بىلىۋالدۇق، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ سوراققا تارتىلغانلىقىنى پەرەز قىلدۇق. مۇنداق ئالاقە ئورنىتىشنى گۇندىپايلار بىلەن ئوگزىدىكى قورال- لىق ساقچىلارنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا، قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۇرۇش ئارقىلىق قولغا كەلتۇرگەن ئىدۇق.

10) 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولسا كېرەك، بىز 5 - نومۇرلۇق كامىر بىلەنمۇ ئالاقە ئورناتتۇق، ئۇلاردىن كەلگەن خەتتىن، «3 - مارت» ئاياللار باي- رىمىنىڭ ئالدى - كەينىدە لىن جىلۇ بىلەن ماشۇنى يوت-



كەپ كەتكەنلىكىنى بىلدۇق، ئۇلارنىڭمۇ چوقۇم سوراققا تارتىلغانلىقىنى پەرەز قىلدۇق. 5 - نومۇرلۇق كامىردا گاۋدېڭباڭ، ساۋجيەنپې، دوەن جىڭچىدىن باشقا يەنە يېقىندا 8 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمى- سىنىڭ «باخۇلياڭ» ۋاقىتلىق ئورنىدىن تۇتۇپ كەلگەن چېڭ گويىڭمۇ بار ئىكەن، چېڭ گويىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ بەزى ئەهۋاللىرىنى سوزلەپ: 1942 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۇنى سىلەرنى تۇتۇپ كېتىپ ئۇزۇن ئوتمەي، چوڭ دەرۋازا ئەتراپىغا هەربى ساقچىلار- دىن پوس قويۇپ، يولغا قارايدىغان دەرىزىلەرنى پۇتۇن- لەي مىخلاپ، باشقارمىدىكىلەرنى ئەركىن سىرتقا چىقىش- قا يول قويمىغانلىقىنى، مۇشۇ توغرىلىق يۇزمۇ - يۇز كورەش ئېلىپ بارغانلىقىنى، لېكىن قورائىچىدە هازىرغى- چە ئەركىن يۇرۇش - تۇرۇشقا مۇمكىن بولماي ۋاتقانلى- قىنى خەۋەر قىلدى. چېڭ گويىڭنىڭ: «چېچىمنىڭ يېرىمىغا ئاق كىردى. يولداشلارنىڭ كوپرەك يېتەكلى- شىنى سورايمەن»، دېگىنى كىشىنى قاتتىق كۇلكىگە سالاتتى.

11) خۇجيەنلەر بىلەن ۋەزىيەتكە بولغان مولچەر- لەشلىرىمىزنى ئوز - ئارا ئالماشتۇرۇپ لى شياۋپىڭنى ئەپچىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىگەنلىكتىن، چوقۇم سوراققا تارتىلدى، دەپ هېساپلىدۇق. ئۇنىڭ سوت ئۇستىدىكى كورىشىگە ماسلىشىش ۋەشىڭشىسەينىڭ بىزدىن هېچقانداق خام خىيال كۇتمەس-

لىگى ئۈچۈن ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىش ۋە نارازىلىق خەت يېزىش ئارقىلىق بىزنى قاماقتا ئالغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرمەكچى بولدۇق، لېكىن ھەرقايسى كامېردىكىلەر ئۆز ئالدىغا كۈرەش ئېلىپ بارغاندا، كۈچ ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى، تۈرمىدىكى ھەممە كامېرلار بىرلىكتە ھەرىكەت قوزغاش لازىملىقىنى ھېس قىلىپ ئاساسىي كۈچنى باشقا كامېردىكىلەر بىلەن ئالاقە باغلاشقا قاراتتۇق. خۇجىيەن بەيدافاڭلار ستالىننىڭ «لېنىنىزىم مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن كىتاۋى ئارقىلىق بىز بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلىدى.

12) 5 - نومۇرلۇق كامېردىكىلەر بىزگە يازغان ئالتۇنجى خېتىدە لىن جىلۇنىڭ تۈرمىدىن يوتكىلىش ئالدىدا يازغان ئىككى ناخشىسىنى قوشۇپ ئەۋەتىپ بەردى. „مەھبۇسلار ناخشىسى" نىڭ تولۇق مەزمۇنى مۇنداق: „مىللىتىمنىڭ كۆز يېشى دەۋردىن - دەۋرگە ئېقىپ كەلمەكتە، ۋەتىنىمنىڭ غېمىنى يېگەن قەھرىمانلار ئىرادىسىدىن يانماي، قاتتىق غەزەپ بىلەن، جازامەيدانىغا ماڭماقتا، تۇمشۇغىدىن قان پۇراپ تۇرىدىغان چىل بۆرىلەر بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، ئاھ مىللىتىم، كۈلپەت ئىچىدە قالغان ئانا ۋەتەن! 5 مىڭ يىللىق تارىخىڭنى دەپ سانسىز باتۇرلار ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلدى. مەڭگۈلۈك ئۇلۇغۋار ئىشلىرىڭ ئۈچۈن يەنە



نۇرغۇن سادىق ئوغۇل - قىزلار ئۆز ھاياتىنى بېغىشلايدۇ! قېلىن تام تۈرمىلەر ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلغان باتۇرلارنىڭ جېنىغا زامىن بولماقتا، قاراڭغۇ زۇلمەت يارامىلىق ئەزىمەتلەرنى يۇتماقتا، زەنجىر - كىشەن ئەركىنلىك قاناتلىرىنى بوغماقتا، تۆمۈر قاپقىلار ئىچىگە ۋەتەننىڭ كۆرمىگەن قەھرىمانلىرى قامالدى! ئۆز - ئارا قىرغىن قىلىشتىن مىللىي دۈشمەنلەر پايدىلاندى. جىنايى ئىشلاردىن قولىنى تارتمىغانلار ئاخىرى ئۆز جاجىسىنى تاپىدۇ. ئادەم چىداپ تۇرالمايدىغان قاڭسىق قان پۇراقلىرىنى قانغا ئامراقلار ئاخىرى ئۆز قېنى بىلەن تازىلايدۇ! مەھبۇسلار! يېڭى مەھبۇسلار! كەلگۈسىگە ئىشىنىپ ئۆز مەيدانىڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار! بېشىمىزنىڭ ئېلىنىشى، ھاياتىمىزدىن ئايرىلىش، ھېچگەپ ئەمەس، قاتتىق قىيىن - قىستاقلارغا ئۇچرىشىمىز ئادەتتىكى ئىش، مەھبۇسلار! يېڭى مەھبۇسلار! كەلگۈسىگە قەتئىي ئىشىنىپ مەيدانىڭلاردا چىڭ تۇرۇڭلار! كېسىلگەن باشلار بەدىلىگە ئەركىنلىكنىڭ ئالتۇن مۇنارىنى تىكلەيلى، ئىسسىق قېنىمىز بىلەن بايرىقىمىزنى قىزىلىغا بوياپ ئەبەدىل - ئەبەت لەپىلدىتەيلى!" يەنە بىرسى: ئېرىنى سېغىنىش ناخشىسى بولۇپ، لىن جىلۇ ئۆز يولدىشى چىڭ جۇنسۇغا ۋاكالىتەن يازغان. تولۇق مەزمۇنى: „تۈرمىدىكى باتۇر يولۋاسىم، چۈشۈمگە كىرگەن باتۇر كىشىمنى سېغىندىم. تەڭرى ماڭا ئاينى پۈچۈق، تۈننى

چۆل قىلىپ قويدى. دەرىزە سىرتىدىكى ئوت - چۆپلەر گويامەن بىلەن تەڭ غەمگۇزار بولدى، ئايمۇ ماڭا كېچىچە كۆز يېشى تۆكۈشۈپ بەردى. ئىپلاس قاغىلار، تۈز سىياقىغا كىرىۋېلىپ، يۇمشاق بىلەكلەرنى كۆرسىتىپ، ھورلۇق كۆكسىنى ئويىنىتىپ ئىشەنچلىك ئېرىمنى ئالداپ كەتتى. باتۇر يولۋاس چۈشۈپ قەپەزگە، ساھىپجامالىنى تۇل تاشلىدى. مەن ئەمدى ئەمەسمەن زىننەتكە بېرىلگەن نازىنىن، ئالىمەن قولۇمغا خەنجەر، ئېرىم ئۈچۈن ئۆچ ئېلىشقا! بولدۇم سەپەرۋەر، يىراق ئېرىمنى دەپ يوقىتىپ قويماي ئۆزەمنى، مۇشتۇمنى تۈگۈپ، كۆكرەك كېرىپ، مەزمۇت قەدەم باسىمەن، سۆيۈملۈك كىشىلەر بىلەن پىرگە، كۆرەش يولىغا ماڭىمەن! ئېرىم! غەم قىلماڭ! پاكلىقنى ساقلاڭ، مۇبادا پارلاق كۈن يېتىپ كەلسە، قايتىپ كەلسىڭىز قۇچاقلىشىپ كورۇشەرمىز، كورۇشەرمىز.

بۇ ئىككى ناخشا كىشىلەرنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى.

يولداش چىڭ گويىڭ بۇنىڭغا نوتا ئىشلىدى. نوتىمۇ شۇنداق جەسۇرانە، كۈچلۈك بولۇپ، تۈرمىدە بىزنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ جەزمەن ئېيتىدىغان ناخشىمىز بولۇپ قالدى. ئۇ بىزنىڭ دۈشمەنلەر بىلەن جان تىكىپ كۈرەش قىلىشىمىزغا ئىلھام بەردى. 5 - نومۇرلۇق كامېردىكىلەر خېتىدە يولداش لىن جىلۇنىڭ «باھارنى سېغىنىش ناخشىسى» دىگەن ئۈچىنچى ناخشىسى باردى-



گەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ناخشىنى بىزگە زادىلا يەتكۈزۈپ بېرەلمىدى.

13) يېقىنقى گېزىتتىكى خەۋەرلەرنى كۈچىمىزنىڭ بېرىچە ئامال قىلىپ قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، گەرچە گوندىپايلارنىڭ موخۇركا ئوراپ چېكىپ تاشلىۋەتكەن تاماكا قالدۇقلىرىنى تېرىپ بۇنىڭدىن بەزىدە ئانچە-مۇنچە ئىچكى - تاشقى خەۋەرلەرنى كورگەن بولساقمۇ، لېكىن تېخىمۇ كوپ خەۋەرلەرنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بىز تۆتىمىز ئالدىن پىلان تۈزدۇق. بىز ھاۋالىنىشتىن پايدىلىنىپ، گوندىپايلارنىڭ بىزگە قاراپ تۇرغان چېغىدا ئۈچىمىز ئۇلارنى گەپكە تۇتۇپ تۇراتتۇق، لى جىڭلياڭ ئالدىمىزدا قايتىپ كېتىپ گوندىپايلارنىڭ ياتىقىغا (گوندىپايلارنىڭ ياتىقى بىز بىلەن تام خوشنا ئىدى) كىرىپ ئۇلارنىڭ گېزىتلىرىنى ئېلىپ چىقاتتى. بۇ ئۇسۇلدا قولغا كىرگۈزگەن گېزىتتىن سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيەسىنىڭ جەڭ قىلىپ دېنېپىر دەرياسىدىن ئۆتكەنلىكىنى كورۇپ ناھايىتى خوشاللاندۇق.

14) شۆيلياڭ، گوجېيۈەن، تەن گۈيىياۋ، جىڭ يىشىڭلار ياتقان كامېر 12 - نومۇرلۇقمۇ ياكى 13 - نومۇرلۇقمۇ ئېسىمدە تازا ئېنىق قالماپتۇ، ئۇلار بىلەن ئالاقە باغلاش خېلى قىيىن كەلدى. سىلەر بار كامېردا نەچچە ئادەم بار دەپ سورىساق، ئۇلار ھاجەتخانىنىڭ تېمىغا 4 پۇتى بار بېلىقنى سىزىپ 4 ئادەمنىڭ

بارلىقىنى ئىشارەت قىلدى. بىز ئامالسىزلىقتا پەقەت گۇندىپايلار دىققەت قىلمىغان چاغدا، ھاۋالىنىشتىن قايتىش يولىمىزدا، دەرىزىدىن قەغەز تاشلاپ، ئۇلارنى دەرھال مەخپىي «ساندۇق»قا خەت يېزىشقا ئۈندىدۇق. 5 - ئايلاردا ئۇلار بىلەن رەسمىي ئالاقە باغلىدۇق. گوجۇيۈەننىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ 3 - ئايدا كېسەلخانىدا ياتقانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ كېسەلخانىدا ئاڭلىغان «سىرتتىكى يامان ئەھۋاللار» دىن خەۋەر تاپتۇق، بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا، لىن جىلۇ، لى شياۋپىڭ، ماشۇلارنىڭ سوت ئۈستىدىكى كۈرەشكە ماسلىشىش ھەمدە شىڭشىسەينىڭ بىزنىمۇ سوراققا تارتىشىنى كوزدە تۇتۇپ كۈچلۈك نارازىلىق ھەركەت قوللىنىپ ئۇنىڭ بىزدىن كۈتكەن خام خىيالىنى بىت - چىت قىلىش ئۈچۈن بىرلىشىپ ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتتۇق.

15) بىرلىشىپ ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىشنىڭ مەقسىدى، تەلىۋى ۋە ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشىنى توختىتىشنىڭ ئەقەللىي شەرتى، نارازىلىق خەت يېزىش ئۇسۇلى توغرىسىدا كوپ قېتىم خەۋەرلىشىپ ۋە كېڭىشىپ 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بىرلىككە كەلدۇق. ئۈرۈمچىدە خىزمەت ئىشلىگەن يولداشلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن باندىت شىڭشىسەي ھەمىشە مەخپىي سوراققا تارتىشنى قوللىنىدىغانلىقىنى



نەزەردە تۇتۇپ، ئەڭ ئاخىرى بىرلىككە كەلگەن پىكرىمىز مۇنداق بولدى: ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشىنىڭ شوئارىنى، شىڭشىسەيدىن بىزنى جىنايەتسىز دەپ ئېلان قىلىپ دەرھال قويۇپ بېرىشنى ھەمدە يەنئەنگە قايتۇرۇشنى جىددىي تەلەپ قىلىش، ئەگەر بۇنداق بولمىغاندا، دەرھال ئامما ۋەكىلى، ئاخبارات مۇخبىرلىرى قاتناشقان ھالدا ئوچۇق سوت ئۆتكۈزۈش، سوتتا ئامما ئالدىدا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشىمىزگە يول قويۇش، ھەرقانداق قانۇنسىز مەخپىي سوراق قىلىشقا قارشى تۇرۇش لازىم دېيىشتۇق. ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشىنى توختىتىشنىڭ ئەقەللىي شەرتلىرى: شىڭشىسەي شەخسەن ئۆزى ئادەم ئەۋەتىپ جاۋاپ بېرىش ياكى بىزنى دەرھال جىنايەتسىز دەپ ئېلان قىلىپ قويۇپ بېرىش ياكى ئوچۇق سوت ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت بولدى. ھەرقايسى كامېردىكىلەر پىكىر ئالماشتۇرغان مەزمۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا نارازىلىق خەت يېزىپ چىقماقچى بولدى. بىز تۇرغان كامېرنىڭ نارازىلىق خېتىنى لى جىڭياڭ يازدى.

16) 7 - ئاينىڭ بىر كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتا تۆت كامېردىكىلەر بىرلا ۋاقىتتا ئاچلىق ئېلان قىلدۇق ھەم نارازىلىق خېتى تاپشۇردۇق. باندىت تۈرمە باشلىقى جاڭسىشىڭ دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاچلىق ئېلان قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ، دەپ ۋاقىراپ تەھدىت

سالدى، بىزنى ئۇرۇپ پۇتىمىزغا كىشەن سالماقچى بول-
دى ۋە تۇت كامىردىكىلەرنىڭ قانداق ئالاقە باغلى-
غانلىقىمىزنى سۈرۈشتۈردى، بىز ئۇنىڭغا كەسكىن ھالدا
سەن شىڭشىسەيگە بىزنىڭ نارازىلىق خېتىمىزنى تاپ-
شۇرۇشۇڭ كېرەك، ئەگەر خەتتىكى تەلەپلىرىمىزگە
شىڭ شىسەي ئۆزى رەسمىي جاۋاب بەرمەيدىكەن، بىز
قەتئىي تاماق يېمەيمىز دېدۇق. ئۇ ۋاقىراپ ئادەملىرى-
گە كالتەك ئېلىپ كەل دېدى. بىز شۇ زامان ئۇنى
قاتتىق سوكۇپ: «بىز ئۆلۈشتىن قورقمايمىز - يۇ، سەنلەر-
نىڭ تەھدىتىڭدىن قورقۇپ قالامدۇق» دەپ كەسكىن
جاۋاب بەردۇق، جاڭشىشىڭ ئامالسىز قايتىپ كەتتى.
ئۇلار ئوگزىغا چىقىپ نەچچە ئاخشام ئوغرىلىقچە مو-
رىدىن قاراپ بىزنى كۆزەتتى. دەسلەپكى ئىككى كۈن-
ئىچىدە بىز شامالداش مەيدانىغا چىقىپ ئايلاندۇق،
كېيىن تالاغىمۇ چىقماستىن جىم ياتتۇق. 4 - كۈنى چۈشتە
يۇي سۈنىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي
قايتىپ كىردى. ئۇ: قورچاق ساقچى باشقارمىسىدىن
بىر ئادەم كەپتۇ، بۇ ئادەم نارازىلىق بىلدۈرۈش خې-
تىڭلارنى شىڭشىسەيگە يەتكۈزدۇق، لېكىن تەستىقى
تېخى كەلمىدى. سەن كوپچىلىكنى تاماق يېگۈزۈپ
تەستىقنى كۈتسەڭلەر دېگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇ سۆزنى
قاتتىق رەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى. 5 - كۈنى چۈشلەردە
لى جۇلياڭنى چاقىرىپ چىقىپ كېتىپ ساقچى باشقار-



مىسىدىن كەلگەن ھېلىقى ئادەم يەنىلا ئالدىنقى كۈنى
قىلغان سۆزلەرنى دەپتۇ. لى جۇلياڭ
ئۇنى قاتتىق رەت قىلغاندا، ھېلىقى
ئادەم ئەلپازىنى بۇزۇپ «سىلەر ھۆكۈمەتكە بۇيرۇق چۈ-
شۈرمەكچىمۇ!» دېگەن. لى جۇلياڭ ئۇنىڭغا قاتتىق
رەددىيە بەرگەن. 6 - كۈنى ئادەم كەلمىدى. بىز تۇرۇ-
ۋاتقان كامېردىكى 4 كىشى ئۆز ئارا بىر - بىرىمىزگە
ئىلھام بېرىشىپ: «داڭقى دۇنياغا مەشھۇر گەندى 6 كۈن-
لۈك ئاچلىق ئېلان قىلىش جەريانىدا قوي سۈتى ئىچىپ-
تىكەن. بىز بولساق ھېچنەرسە يېمەي 6 كۈننى ئۆتكۈز-
دۇق. گەندىدىنمۇ كۈچلۈك ئىكەنمىز» دەپ قىزىقارلىق
سۆزلەرنى قىلىشتۇق. 7 - كۈنى چۈشتە لى جۇلياڭنى
ئېلىپ چىقىپ كەتتى. قورچاق دۇبەن مەھكىمىسىدىن
كەلگەن بىر ئادەم ئۇنىڭغا شىڭشىسەي ئوچۇق سوت قى-
لىشقا قوشۇلۇپ تەستىق سالدى. كوپچىلىكنىڭ تاماق يەپ
سالامەتلىكىنى بىر ئاز ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن
ئوچۇق سوت قىلىشنى باشلىماقچى دېگەن، لى جۇلياڭ
ئۇنىڭدىن گېپىڭلاردا تۇرامسىلەر دەپ سورىغاندا ئۇ:
شىڭشىسەينىڭ رەسمىي ۋەكىلى سۈپىتىدە سىلەرگە جاۋاب
بېرىۋاتىمەن، دېگەن. لى جۇلياڭ قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن بىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ۋاقىتىنچە تاماق يەيدى-
غان بولدۇق، چۈشتىن كېيىن تاماق يېگەنگە قەدەر ئاچ-
لىق ئېلان قىلغانلىقىمىزغا توپ - توغرا 7 كۈن بولغان

ئىدى. باشقا كامېردىكىلەرمۇ ئوخشاش ئەھۋال ئاستىدا تاماق يېيىشتى.

17) تاماق يېگەندىن كېيىن ۋاڭ مونىڭ كېسىلى خەۋپلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ يېتىپ قالغانلىقتىن گۈندىپايلار ئۇنى زەمبىلگە سېلىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

## 3. 4 - تۈرمىنىڭ جەنۇبىي كىچىك هويلىسىدىكى مەزگىل

(1943 - يىلى ئاۋغۇستىن يىل ئاخىرىغىچە)

1) ئاۋغۇست ئايلىرى بولسا كېرەك، بىرىنچى كامېردىن لى جۈلياڭ، يۈي سۇن ۋە مېنى تۈرمىنىڭ جەنۇبىي هويلىسىغا يۆتكىدى. دەسلەپتە سوراق قىلىنىدىغان ئوخشايمىز دەپ ئويلاپ سوراققا چىقىشقا جىددىي تەييارلىق كۆرۈپ، غۇرۇرىمىزنى ساقلىماقچى بولدۇق. ئەمما بىر قانچە ئاي ساقلىغان بولساقمۇ، سوراقتىن ھېچقانداق دېرەك بولمىدى.

2) بۇ مەزگىلدە مەن، ماۋزېدۇڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ھەققىدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى توپلىمىنى ئۆگىنىپ بولۇپ لېنىننىڭ «دۆلەت ۋە ئىنقىلاپ» دىگەن ئەسىرىنىڭ بەزى بابلىرىنى ۋە لېئونتېيېۋنىڭ سىياسىي - ئىقتىساتنامىلىق ئەسىرىنى ئۆگەندىم. ھەممىدە لى جۈلياڭ، يۈي سۇن بىلەن سىياسىي - ئىقتىسات



ئۆگىنىشتىن ئالغان تەجرىبە ۋە ھېسسىياتلىرىمىزنى ئۆز ئارا ئالماشتۇردۇق. رۇس تىلىنى مەشىق قىلغاچ ۋ ك پ ب تارىخىنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم.

3) تۈرمىنىڭ جەنۇبىي هويلىسىدا پەقەت بىر قاتار ئۆي بولۇپ، جەمئىي 8 كامېر بار ئىدى. بىز تەپسىلىي كۆزەتكەن بولساقمۇ، بۇ يەردە بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بارلىقىنى سېزەلمىدۇق. سىياسىي ۋەزىيەت ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىش ئۈچۈن نويابىردىن باشلاپ خوشنا كامېردا ياتقانلار بىلەن ئالاقە باغلىماقچى بولدۇق. تۈنجى قەدەمدە بىرىنچى كامېردىكىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، بۇرۇن يۈي سۇن بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىدا بىرگە ئىشلىگەن جاۋ پەيلىلىك كىشىنىڭ بارلىقىنى بىلدۇق. ئۇ يۈي سۇنگە خەت يېزىپ، بەزىلەر «نېمە ئۈچۈن تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاندەك دۈشمەن بىلەن تىركىشىمىز» دىگەن ئىبارە بىلەن ئالۋاستى (باندىت شىڭ شىسەينى دېمەكچى)نىڭ رايىغا بېقىپ، يالغاندىن ئىقرار قىلساق، قۇتۇلامدۇق - دېيىشىدۇ. سىزنىڭچە قانداق قىلساق بولۇر؟ دەپ سورىغان. يۈي سۇن ئۇنىڭغا دەرھال خەت يېزىپ، ھەرگىز يالغاندىن قالايمىقان ئويدۇرما ياساپ ئىقرار قىلماسلىق لازىم. ھەر قانداق قىيىن - قىستاقلار ئالدىدا تىز پۈكمەسلىك كېرەك دەپ جاۋاپ بەرگەن. بىزگە خوشنا تام كامېردا ھەربىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى جاڭ جىنيۈەن ئىسىملىك بىر كىشى

بار ئىدى. ئۇ كىشى ئارىمىزدىكىلەردىن بەزىلەرنىڭ ئىنگلىز تىلىنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ بىزدىن ئىنگلىز تىلى ئۆگىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. بىز مەسلىھەتلىشىپ ئۇنىڭغا ئىنگلىز تىلىنى مەن ئۆگەتمەكچى بولدۇم. بۇ جەرياندا ئۇ، ئۆزىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي مەسلىھەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈردى، دىگەن بوھتان بىلەن قامالغانلىقىنى ماڭا ئۇقتۇردى. ئۇ يەنە ئالۋاستىلار باشلىقىنىڭ (شىڭ شىسەينى دېمەكچى) يېقىندا چۇڭچىڭگە بېرىپ گومىنداڭنىڭ بىر يىغىنىغا قاتناشقانلىقىنى، يىغىندا ھەدەپ گەپ سېتىپ، جياڭ جيېشىنىڭ نەق مەيداندا تەقدىرلىشىگە ئېرىشىپ، شىڭ شىسەينى ۋەتەن مۇداپىئەسىدە تەدبىرلىك «دولەت ئۈچۈن ساداقەتلىك، مىللەت ئۈچۈن ۋاپادارلىقنى ئادا قىلدى» دەپ ماختىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ ئىشلارنى تەپسىلى سۆزلەپ بەرسىڭىز دەپ سورىسام ئۇ ماڭا ژورنال بەرمەكچى بولدى. بۇ ژورنالدا شىڭ شىسەي ساختىپەزلىك بىلەن قوراشتۇرۇپ چىققان بىر يۈرۈش مەزمۇنلار بار ئىكەن، ھاۋالىنىش مەيدانىدىكى قار دوۋىسىدىن پايدىلىنىپ بۇ ژورنالنى ماڭا بەردى. بۇ ژورنال شىڭ شىسەي ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قويىنىغا ئاتقاندىن كېيىن نەشر قىلغان «يېڭى شىنجاڭ» دىگەن ژورنال ئىكەن. ژورنالدا شىڭ شىسەينىڭ بىر ماقالىسى بېسىلغان ئىدى، ماقالىنىڭ مەزمۇنى شىڭ شىسەي



ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 3 قېتىملىق توپىلاڭ كوتىرىش ئەنزىسىنى پاش قىلىپ قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى، 1942 - يىلى 12 - ئاپرېلدا توپىلاڭ كوتەرمەكچى بولغان ئەنزىنىڭ ئەڭ يېقىنقى بىر قېتىملىق سۇيىقەست ئىكەنلىكى، يەنى 3 - قېتىملىق چوڭ توپىلاڭ كوتىرىش ئەنزىسى بولۇپ كولىمى ئەڭ چوڭ خەلقارا ئارقا كورۇنۇشى بارلىقى، توپىلاڭ قوزغاپ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىپ كەتمەكچى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ماقالىدا يەنە بىر مۇنچە ئىسىملار تىزىلغان بولۇپ، پۈتۈنلەي يوقىتىلدى دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە مىڭ يىمىن، پەن بونەن، ليۇ شىپىڭلارلەرنىڭ ئىسمى يېزىلغان، ماقالىدا يەنە سۇڭمېيلىڭنى كوككە كوتىرىپ ئادەمنىڭ غىدىقى كەلگۇدەك ماختىغان، گومىنداڭغا ھەددى - ھېسابسىز خوشامەت قىلىنغان، بىز شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شىڭ شىسەينىڭ سۇيىقەستلىك ئەپتى - بەشىرىنى بىلىشكە باشلىدۇق.

4) دىكابىرنىڭ باشلىرىدا ۋاڭمو كامىرغا قايتىپ كەلدى. بىلىشىمىزچە ئۇنى داۋالىنىش ئۈيىگە ئېلىپ بارغان ئىكەن. ۋاڭمو بىزگە دەپ بېرىشىچە ئۇ داۋالىنىش ئۈيىدە لى شياۋپىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. قايتىش ۋاقتىدا لى شياۋپىڭ ئۆزىنىڭ سوراققا تارتىلغان

مەزگىلدە بىر قانچە قېتىم ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى، سو-
راق مەيدانىدا مىلتىقنىڭ ، پەن بونەن، ليۇشىپىڭلار ئاسى-
لىق قىلغانلىقىنى، كوپچىلىكنىڭ ھوشيارلىقىنى ئوستو-
روپ ئاسىلارنىڭ ئالدىمىزغا چوشمەسلىكىنى، بولارنى كوپ-
چىلىككە يەتكوزوپ قويوشنى تاپىلاپتو. لى شياۋپىڭ يەنە
ئونىڭغا: شىمالىي شەنشىدە راديو ئىستانسىسى قورولۇپ-
تو، ھەر كونى پوتون دونياغا ئاڭلىتىش بىرىدىكەن دىگەن.

## 4. يانديت شىياڭشىسەيىنىڭ 2 - تۇرمىسىدە تۇرغان مەزگىل

(1944 - يىلى ياۋاردىن ئىيونغىچە)

1) بىر كامىردا تۇرۇۋاتقان تۇتقۇنى 2 -
تۇرمىگە يوتكەپ بارغاندىن كېيىن، شۇي لياڭ، گوجىيۈەن،
تەنگويياۋ، جىڭيىشىڭلارغا قوشۇپ قويدى. دەسلەپتە
2 - تۇرمىنىڭ يىڭى كامىرلىرىدا تۇردۇق، بىر
قانچە كون ئوتكەندە ئىچكى ھويلىدىكى 7 - نومورلۇق
نىسبىي قاراڭغۇ كامىرغا يوتكەلدۇق. بو يەرگە كېلىپ
ئەتىسى ماشۇنىڭ دەرىزىدىن تاشلىغان بىر پارچە قەغى-
زىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ماشۇ مېنىڭ تونۇگون كەچتە گون-
دىپايلارنى ئەيپلىگەن ئاۋازىمنى ئاڭلاپ بىزنىڭ
بو جايغا يوتكىلىپ كەلگەنلىكىمىزنى بىلگەن-
ىكەن. ئونىڭ ئەۋەتكەن خېتىدىن، ئو 4 - تۇرمىدىن



... يوتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن، ئونى كاتولىك چېركاۋىس-
...غا ئاپىرىپ سوراق قىلغانلىقىنى، ئو يەردە دوشمەنلەر
دەسلەپتە ھىلە - مىكىر ئىشلىتىپ ئالدىغانلىقىنى، كېيىن
زورلوق بىلەن مەجبورى تىز پوكتوروش ئوچون، پوپوزا
قىلىپ قىستىغانلىقىنى، ئو ئىشلارنى ئونىڭ رەت قىلىپ
چېكىندورگەنلىكىنى، ئونىڭ پوتىنى باغلاپ تاپىنىغا پىش-
شىق خىش قويوش جازاسىنى قوللانغانلىقىنى، بونىڭدى-
مو تىز پوكمىگەندە خائىن پەن بونەن ئاخىرى ئوتتورىغا
چىقىپ ئونى تەسلىم بولوشقا ئونىدىگەنلىكىنى، خائىن
پەن بونەن يوزمو - يوز تۇرۇپ ئونىڭغا شۇيجې بىلەن
ماشىڭزىنى (بو مېنىڭ لەقىمىم) تىللاپ بەرگەنلىكىنى، شو-
داق قىلسىمو ئو يەنە قەتئىي تىز پوكمىگەنلىكىنى، ئاخىرى
مانا بو قاراڭغۇ كامىرغا ئېلىپ كېلىپ، تابوگونگىچە
بو يەردە قامىلىپ يېتىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئو خەتتە
يەنە سوراق قىلغان قورچاق سوت ئەمەلدارلىرى ئىچىدە
...نىڭ شىسەيىنىڭ ئادەملىرى بولوپلا قالماستىن، ئوزىنى
...ومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىدىن كەلدوق دىگوچىلەرنىڭمو
...ارلىقىنى، بولار ھەدىسىلا كوممونىزىم — جوڭگوغا مۇۋاپىق
...كەلمەيدو، ئىنتېرناتسىونال ئاللىقاچان تارقىلىپ كەتتى.
...جوڭگو كوممونىستىك پارتىيىسىمو تارقىلىپ كېتىشى
...كېرەك. شەنشى، گەنسو، نىڭشيا چېگرا رايونى — فېيو-
...داللىق بولونمە ھاكىمىيەت، قىزىل 8 - ئارمىيە، يېڭى
... - ئارمىيەلەر بولسا پارتىزانلىق قىلىۋاتىدو، ھوجوم

قىلالمايدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سەنمىـ
جۇيىنى ئۈزۈل - كېسىل ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاداقـ
قىچە كۈرەش قىلىمىز دىگىنى يالغان، ۋاھاكازالار دىگەنـ
لىگى يېزىلغان، خەتنىڭ ئاخىرىدا كوپچىلىككە بۇجەھەتـ
تە ئۇلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق
كورۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. ماشۇيەنە خەتتە
سوراق كۈتۈش ئويىدە يولداش لىن جىلۇ بىلەن ئالاقـ
لاشقانلىغىنى، سوراق ئۈستىدە قاتتىق تۇرۇش توغرىسىدا
ئوز ئارا ۋەدە قىلىشقانلىغىنى ئېيتقان. ماشۇنىڭ
خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنىنىڭ ئەتىسى، بىز ھال
سوراپ ماشۇغا ھورمەت خېتى يازدۇق.

2) ماشۇنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن كوپچىلىك ماۋجۇ-
شىنىڭ «يېڭى دېموكراتىزىم ھەققىدە» دىگەن ئەسىرىنى
ئۇقتىلىق ئۇگەندى ھەمدە ماۋجۇشىنىڭ بۇ كىتاۋىدىكى
تەلىماتىنى قىبلىنامە قىلىپ ئوندەك تېما چىقىرىپ،
گومىنداڭ سوراق ئۈستىدە پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىزنى
تىللىسا رەددىيە بېرىشنىڭ تەييارلىغىنى كوردۇق ھەمدە
يالغاندىن سوت ئويۇشتۇرۇپ بىرسى سوراق قىلسا، بىرسى
جاۋاپ بېرىپ، باشقىلار بىرچەتتە تۇرۇپ باھالاش
غى ئېلىپ باردۇق ۋە بۇنداق ئۇگىنىشنى خېلى ئۇزۇن
داۋاملاشتۇردۇق.

3) شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھاجەتخانا ئارقىلىق
شەرقىي ھويلىدىكى كامىرلاردا ياتقان كىشىلىرىمىز بىلە



ئالاقە باغلىدۇق. مالوف، يۇجۇشياڭ، جاڭ دۇڭيۇي،
گاۋدىڭباڭ، ساۋجيەنپې، چىن گويىن، دوۋەنجېڭچىلارنىڭـ
مۇ بارلىغىدىن خەۋەر تاپتۇق. ئۇلار
ئارقىلىق يەنە خۇاڭ يىمىن، رېن يۇەنگۇاڭ
ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭمۇ بارئىكەنلىكىدىن خەۋەر
ئالدۇق. ئەر - خوتۇننىڭ بىر كامىرغا قامىلىشىدا جەزمەن
مەسىلە باردەپ قاردۇق، بۇ ئىككىيلەن بالىمىزنى شۇي
جې زىيانكەشلىك قىلىپ ئولتۇرۇۋەتتى دەپ تىللىغانـ
لىغىنى ئاڭلىدۇق. بۇلار ھەققەتەن ئەكسىيەتچىلىكتە
ئۇچىغا چىققانلىقتىن، بىز ئىزچىل ئالاقە قىلالىمىدۇق.
بىز ھەرقايسى كامىردىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ بىر
قېتىم ئاچلىق ئېلان قىلماقچى بولغان ئىدۇق، مالوفتىن
كەلگەن خەتتە، يۇجۇ شياڭ تەۋرىنىپ قالدى. بىز تۇر-
غان كامىردا ئۇبولغانلىقتىن مۇزاكىرە قىلىشقا ئامالسىز
مۇباداقالدۇق، دىگەن.

4) كېيىن يەنە شەرقىي ھويلا ئارقىلىق يەتكۈزۈپ
بەرگەن غەربىي ھويلىدىكىلەرنىڭ خېتىدىن، خۇجيەن،
بىرسىبەي دافاڭ، چىڭخاۋرەندىن باشقا يەنە پىڭجەن قاتارلىق
كىشىلەرنىڭ ۋە ئاۋاتسىيە ئەتىرىدىكى بەزى كىشىلەر-
نىڭ غەربىي كامىرلاردا سولىنىپ ياتقانلىغىدىن خەۋەر
تاپتۇق. پىڭجەن بىرلىشىپ ئاچلىق ئېلان قىلىشنى
ھازىرچە ئېلىپ بارماي ۋاقتىنچە ھەرقايسى كامىرلاردا
ئوختىماي كۈرەش ئېلىپ بېرىپ پەيت كۈتۈپ تۇرۇش

لازىم دەپ ئىپادە بىلدۈردى. پىلىك جەن يەنە «مىلىك ئىمىندىن پەخەس بولۇش كېرەك، چۈنكى ئۇ ساختىپەز ئادەم» دەپ كوپچىلىكنىڭ ئېسىگە سېلىپ قويدى، پىلىك جەن يەنە دوۋەن جىڭچىنىڭ ئالاقە باغلاشتا بەزىدە چاندۇرۇپ قويىدىغانلىقىغا قارىتا «ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى كۈچەيتىش لازىم» لىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

5) 3 - 4 - ئايلاردا بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا تامىقىمىز ياخشىلىنىپ ئاق ئۈن جىڭمومىسى، سۆكپياز بىلەن قورۇغان دۇفۇسەي بەردى ھەمدە ئۇدا بىر نەچچە كۈن ياخشى تاماق يېدۇق، كوپچىلىك ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەمدى سوراققا تارتىلىدىغانلىقىنى بايقىدى، چۈنكى شىڭشىسەي بۇرۇن كىمنى سوراق قىلماقچى بولسا، ئالداش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ياخشى تاماق بېرەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەننىڭ ھەرقانداق تەھدىدى ۋە ئالداپ قىلتاققا چۈشۈرۈشنى تارمار قىلىپ، كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ ئالىي خىسلىتىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، كوپچىلىك يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سوراققا بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى كۈچەيتتى.

6) شۇ كۈنلەردە ھەرقايسى كامېردىكىلەر دەرىزە ئارقىلىق ئۆز ئارا ئالماشتۇرغان ئاخباراتتىن گومىنداڭنىڭ نۇرغۇن ئەمەلدارلىرىنى قولغا ئېلىپ قامىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ئىچىدە گومىنداڭ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى ۋە نازارەتلەرنىڭ نازىرلىرى



بارلىقىنى، شىڭ شىسەي مېھمان چاقىرىش ئۇسۇلى بىلەن بۇلارنى دۇبەن مەھكىمىسىگە تەكلىپ قىلىپ بىر - بىرلەپ قولغا ئالغانلىقىنى، گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدىكىلەرنى مېھمانغا چاقىرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كەلمىگەنلىكتىن، تۇتالمىغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە شىڭ شىسەينىڭ سوۋېت كونسۇلخانىسىغا بېرىپ گۇناھىغا توۋا قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ھەمدە رىبىندۇكلياك ئىسىملىك ئادەمنى موسكۋاغا ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدۇق، چۈنكى گېزىت بولمىغانلىقتىن، بۇ ئىچكى خەۋەرلەرنى گۇمانى قاراپلا ئاڭلاپ قويدۇق. لېكىن، سوراققا تارتىلىشقا بولغان تەييارلىقىمىزنى بوشاتمىدۇق.

7) 5 - ئاينىڭ بىر كۈنى بولسا كېرەك، قاتتىق بوران چىققان بىر ئاخشىمى يېرىم كېچىدە دەرىزىگە يېقىن ئېگىز توسما تام ئۈستىدە قوراللىق ھەربىي ساقچىلارنىڭ توختىماي يۈگۈرۈپ يۈرگەن، قورال- سىداۋلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان، بېنزىن تۇڭلىرىنىڭ يەرگە سوقۇلۇپ يۇمىلاۋاتقان ئاۋازلىرى ۋە ئاياق تاۋۇشلىرى بىزنى چوچۇتۇپ ئويغىتىۋەتتى، ئەتىسى ئەتىگەندە ئاڭلىشىمچە، ئەسلىدە تونۇگۈن ئاخشام باندىت شىڭ شىسەي مەخپىي بۇيرۇق بېرىپ ئىچكى ھويلىغا ئوت قويۇپ سىرتقا قارىتا مەھبۇسلار توپىلاڭ كۆتەرگەنلىكى ئۈچۈن

پاستۇرۇلدى، دەپ ئېلان قىلماقچى بولغان ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن تام ئەتراپىغا بېنزىن، ئوتۇن - لاۋلارنى دۆۋىلەپ، تام ئۈستىگە پىلىموت تۇتقان قوراللىق ھەربى ساقچىلارنى پوس قويۇپ ھازىرلىنىپ بەلگە بېرىش مىلتىغىدىن ئاۋاز چىققان ھامان ئوت قويىدىغانلار ئوت قويۇپ، ئوققا تۇتىدىغانلار ئوققا تۇتۇپ ئىچكى ھويلىنى قانغا بويىماقچى بولغان، لېكىن بۇ ئارىلىقتا بۇ ئىشتىن جۇشاۋلياڭ خەۋەر تېپىپ، ئىچكى ھويلىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خادىملىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى گومىنداڭنىڭ چوڭ ئەمەلدارلىرىمۇ بار بولغاچقا ئالاھىدە ھەربىلەرنى ئەۋەتىپ 2 - تۈرمىنى قورشاپ بۇ ۋەقەنى توساپ، بىر چوڭ بالايى - ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىكەن.

8) بىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن گۇمانلاندۇق. كېيىن ھاۋالىنىش ئورنىدا گومىنداڭنىڭ تۈرمىنى ئوتكۈزۈۋالغانلىق توغرىسىدىكى ئېلانىنى، ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى يىڭچى ئەمەس، خۇگۇجىڭ ئىمزا قويغانلىقىنى كوردۇق. ئېلاندا مەھبۇسلارنىڭ تۈرمە تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ، ئەگەر كىمدىكى خىلاپلىق قىلسا قاتتىق جازالىنىدۇ، دېيىلگەن.

9) ئوتكۈزۈۋېلىنغان كېيىنكى تۈرمە بىر مەزگىل تۇراقسىز ھەم قالايمىقان بولدى. تۈرمىنى باشقۇرغان گومىنداڭچىلار بىلەن قاماقتىكى بىر قىسىم گومىنداڭچىلارنىڭ ئوز ئارا قىلىشقان گەپ - سوزلىرى ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ نۇرغۇن ئىچكى سىرلىرىنى بىلىۋالدۇق. بۇ خەۋەرلەرنىڭ تېزلىگى، ئاجايىپ - غارايىپلىغى ۋە راستلىغىنى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشى تەس ئىدى. بۇ خەۋەرلەرنى ئىچكى ھويلىدىن ئاڭلاپلا قالماستىن، كېسەلخانىدىنمۇ كوپلىگەن ھەقىقى خەۋەرلەرنى ئاڭلىدۇق. مەسىلەن: جۇشاۋلياڭ شىڭشىسەينى ئەنخۇايۇەنگە (جەنۇبىي باغچىغا) ئاپىرىپ بىرلا مۇھاپىزەتچىسى بىلەن قالدۇرۇپ ۋەزىپىسىنى ئوتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇرلاپتۇ. شىڭشىسەي ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۇ، جياڭجيېشىگە بۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەر ئاستى خادىملىرى ئىكەنلىگى ئېنىقلاندى، دەپ بەتنام چاپلاپ تېلېگىرامما يوللاپتۇ، شىڭشىسەي يەنە بىرلا ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا بېرىپ گۇنايىغا توۋە قىلغاندىن كېيىن رىبىن پەملىلىك بىر كىشىنى موسكۋاغا ئەۋەتىپ، ئوز قەلىمى بىلەن ستالىنغا خەت يېزىپ گۇنايىغا توۋە قىلىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇ خەتتە ئۇ جياڭجيېشىنىڭ بېسىمى ئارقىسىدا يالغاندىن «12 - ئاپرېل» ئەنزىسىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ ئامالسىزلىقتىن بۇ خاتالىقنى سادىر قىلغانلىغىنى، بۇنى گومىنداڭ، جياڭجيېشى شۇنداق قىلدۇرغانلىغىنى، ھازىر شىنجاڭدىكى بارلىق گومىنداڭـ

چىلارنى قولغا ئالغانلىغىنى، مۇشۇ ئارقىلىق ستالىنغا
ۋەدە قىلىپ ستالىندىن كېچىرىم سوراپ، ئۆزىنىڭ
ساداقەتلىگىنى قايتىدىن قوبۇل قىلىپ، يېڭىۋاشتىن
دوستلۇق ئورنىتىشنى سەممى تەلەپ قىلىپتۇ. لېكىن،
ستالىن بۇ خەتنى ئۆز پېتىچە جياڭ جيېشىگە يوللاپ
بېرىپتۇ. جياڭجيېشى بىر تەرەپتىن شىڭشىسەيگە تېلېگىرامما
ئەۋەتىپ قامالغان گومىنداڭچىلارنى ئۆز بېشىمچىلىق
بىلەن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلماي مەركەزدىن ئەۋەت-
كەن سوراق قىلىش ئۆمىگىنىڭ يېتىپ بېرىشىنى كۈتۈپ بىر-
لىكتە بىر تەرەپ قىلىشنى ئۇقتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن
ئىشەنچلىك كىشىسى جۇشاۋلياڭنى دەرھال ئۈرۈمچىگە
ئەۋەتىپتۇ. جۇشاۋلياڭ ئايرودورومغا كەلگەن ھامان گو-
مىنداڭ ئارمىيىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاندىن شىڭشىسەي-
گە ئۆزىنىڭ ئالدىغا چىقىشنى ئۇقتۇرۇش قىپتۇ. شىڭ
شىسەي ئايرودورومغا چىققاندىن كېيىن ئۇ جاڭجيېشى-
نىڭ شىڭشىسەينى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دېخانچىلىق.
ئورمانچىلىق مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىگەنلىگى توغرى-
سىدىكى ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان خەتنى كۆرسىتىپ،
ئاندىن شىڭشىسەينى قوراللىق يالاپ «جەنۇبىي باغچى-
غا» ئېلىپ بېرىپ ۋەزىپە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇرلاپتۇ.
شىڭشىسەي يېڭىلگەنلىگىگە كۆزى يېتىپ «جەنۇبىي باغ-
چا»دىن مەخپىي ھالدا شۇ چاغدا يەنىلا ئۆزىنىڭ كون-
تۇرۇللۇغىدا تۇرۇۋاتقان ساقچى ئورگانلىرىدىكى لى



يېڭچى قاتارلىق كىشىلەرگە شىڭشىسەينىڭ سىرىنى بىل-
گۈچىلەرنى ئۆجۈقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن تۈرمىگە ئوت قويۇپ
كۆيدۈرۈۋېتىشنى ئۇقتۇرۇپ تۇ دېگەندەك سۆزلەرنى
ئاڭلىدۇق.

10) قالايمىقان ئەھۋالدا لىشياۋپېڭ ئىلگىرى -
ئاخىر بولۇپ كوپ قېتىم مەخپىي ئادەم ئەۋەتىش ئارقى-
لىق خەت - چەك، گېزىتلەرنى يەتكۈزۈپ تۇردى (كېيىن
بۇ ئادەمنىڭ دوكېيلىق «گاۋبەنجاڭ» ئىكەنلىگىنى بىل-
دۇق) ھەمدە داۋالىنىش ئۆيىدىن بەزى ئىچكى خەۋەر-
لەرنى ئاڭلاپ تۇردۇق.

### 5. شىڭشىسەي تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ ئۆز گۇرۇھىغا قاراشلىق 2 - تۈرمىنىڭ ئىچكى قوراسىدا

(1944 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلى)

1) لىشياۋپېڭدىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بىر قانچە قېتىم خەت كەلدى. ئىسىمدە قالغان مۇھىم مەز-
مۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) گومىنداڭنىڭ داۋالىنىش ئۆيىنى باشقۇرغۇ-
چى خادىملىرىنىڭ داۋالىنىۋاتقان گومىنداڭچىلارغا
ئاشكارىلاپ قويۇشىچە. شۇنىڭدەك داۋالىنىش ئۆيىدە ئو-
چۇق - ئاشكارە تارقىلىپ يۈرگەن گەپلەردىن قارىغاندا،

قورچاق مەركەزنىڭ سوت ئۇمىكى شىنجاڭغا كېلىپ 10 چوڭ تۈرمىدىكى قامالغانلارنى قويۇۋەتكەندەك، لېكىن ھەقىقى كوممۇنىستلارنى كوممۇنىستىك پارتىيىدىن (يۈز ئۆرۈشكە) مەجبۇرلىغىندەك، كوپچىلىك بۇنىڭدىن ھوشيار تۇرۇشى لازىم، دېيىلگەن.

(2) يەر ئاستى قاتناش خادىملىرى بارلىق يولداشلىرىمىزنىڭ ئىسىملىگىنى چۇڭچىڭدىكى دۇڭ بىۋۇغا يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ، كوپچىلىكنىڭ جاڭجۈيى، لىيۇپىڭلار ئوردىغا قويغان «ھەممەيلەن بىر نىيەتتە يەنئەنگە قايتىش» چاقىرىقىغا ئەمەل قىلىپ دۇڭ بىۋۇنىڭ تەنپەن جوزىسىدا گومىنداڭ ۋەكىللىرىدىن بىزنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا ماسلىشىشنى ئۈمىت قىلغان.

(3) ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ئىنتايىن ياخشى بېرىلگەن يەرلىك گېزىتنى كوپچىلىكنىڭ ئالماشتۇرۇپ كورۇپ تۇرۇشنى ئۈمىت قىلغان.

(4) ئۇ ھەر قايسى تۈرمىدىكى ئادەملىرىمىز بىلەن ۋە لىيۇپىڭ تۇرغان ئائىلىلىكلەر قوراسى بىلەنمۇ ئالاقە ئورنىتىپ، ئائىلىلىكلەر قوراسىنى ئۇر ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى تۈرمىلەرنىڭ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ دۈشمەن بىلەن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان.

(5) پۇرسەت تېپىپ داۋالىنىش ئويىگە ئادەم



ئەۋەتىپ ئۇزى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشنى ئۈمىت قىلغان.

2) لى شياۋپىڭ ئارقىلىق لىيۇپىڭنىڭ ئەۋەتكەن بىر قانچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ئىچىدە قالغان مۇھىم مەزمۇننى ئومۇملاشتۇرۇپ تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن.

(1) يەرلىك گېزىتنىڭ ئېلان بېتىدە نەرسە - كېرەكلىرىنى تاپشۇرىدىغان ئورنى تېپىلمايۋاتقان «مەھبۇسلار» ئىسىملىگى ئىچىدە لىن جىلۇنىڭ ئىسمىنى كورگەنلىكىنى، تا ھازىرغىچە ھېچقانداق دېرىكى بولمىغان، شۈيجې بىلەن جۇبىن يولداشنىڭمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى مولچەرلەپ، بۇ ئۈچ نەپەر ئىنقىلاۋىي يولداشلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا گومىنداڭ دائىرىلىرىگە قاتتىق نارازىلىق خەت يازغان (ئۇ خەتنىڭ تولۇق تېكىستىنىمۇ ئەۋەتكەن ئىكەن، بىز كورۇپ چىقتۇق).

(2) لىيۇپىڭ خېتىدە: «قۇربان بولغان 3 يولداشنىڭ روھى كوپچىلىكنىڭ مەڭگۈ ئۈگىنىشىگە ۋە خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ» دىگەن.

(3) ئۇ خېتىدە «ھەممەيلەن بىر نىيەتتە يەنئەنگە قايتىش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كوپچىلىكنى دۇڭ بىۋۇنىڭ چۇڭچىڭدا ئوتكۈزگەن تەنپەن جوزىسىدىكى كۈرەشكە ماسلىشىشقا چاقىرغان ھەمدە «كوپچىلىك ئوزىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيە ئەزاسى ۋە خىزمەتچى خادىملىرى

ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ، روشەن ھالدا ھەممەيلەننى شەرتسىز قويۇپ بېرىش ۋە يەنئەنگە قايتۇرۇش تەلىۋىنى قويۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن.

(4) ئۇ يەنە خېتىدە، باندىت شىڭ شىسەي بىزنى شىنجاڭدىكى 6 بۈيۈك سىياسەت ھوكۇمىتىنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن. ئۇ، ئەلۋەتتە بىزنى قايتۇرۇپ ئاپىرىپ قويۇشى لازىم ئىدى، لېكىن ئۇ بىزنى ئەكسىچە قاماققا ئالدى ۋە رەھبەرلىرىمىزنى ئۆلتۈردى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ ۋەھشى فېودال يەرلىك خاقان، بورە پۇشتىدىن بولغان چوشقا ئىكەن، دەپ باندىت شىڭ شىسەينى قاتتىق سوككەن.

(5) ئۇ خەتتە يەنە «دۇنيادا كىم تۈرمىنى ياخشى دەيدۇ» دىگەن مەزمۇندا بىر كوپلېت ھەجۋى شېئىر يازغان. ئۇنىڭ مەزمۇنى:

«دۇنيادا كىم تۈرمىنى ياخشى دەيدۇ»،
مەدھىيىلەشكە زورلىسىمۇ مەدھىيىلىيەلمەيمەن.
سىماچيەنمۇ تۈرمىگە چۈشكەن، ۋېن تيەنشاڭ تۈرمىدە ئۆلگەن. ئۇلارنىڭ ۋىجدانى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، مەڭگۈ يوقالمايدۇ.

(6) ئۇ يەنە بىزگە: بىز تۈركۈملەپ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئېغىر كېسەللەر قاتارىدا ئائىلىلىكلەر قوراسىدا قېلىپ دۈشمەن تەرەپتىن تۇتۇپ كېتىلمىگەنلىكىنى، قېرى، ئاجىز، مېيىپ كېسەللەر ۋە ئاياللار، بالىلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەت بىللە تۇرغانلىقىنى، لېكىن قارا، ئىگىز بويلۇقنى (چياۋگوجېننى دىمەكچى) تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى، ئائىلىلىكلەر قوراسى ئەسلىدە باخۇلياڭدا بولۇپ، كېيىن يەنە چىداۋەن قاتارلىق جايلارغا يۆتكىلىپ كېتىلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغان.



(7) يولداش ۋۇمالىن ئېغىر كېسەل بولغانلىقتىن، تۈرمىدە دوختۇر، دورا - دەرمەكنىڭ يوقلۇقىدىن ئازاپلىنىپ ئۆلگەنلىكىنى، ئۇ توغرىدا تۈرمە دائىرىلىرى بىلەن قاتتىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئائىلىلىكلەر قوراسىغا ئاپىرىپ دەپنە قىلىشنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى، چىداۋاندا ئائىلە تەۋەلەر تەزىيە ناخشىسى ئېيتىپ دەپنە قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغان.

(8) ئۇ بىزنىڭ دائىم خەت يېزىپ تۇرۇشىمىزنى ئۈمىت قىلىپ: «ئۆيدىن كەلگەن خەت تۈمەنمىڭ ئالتۇنغا باراۋەر» دىگەن.

(9) ئۇ يەنە ئاۋاتسىيە ئەترىتىدىكى كىچىك ئۇكىلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

(10) ئۇ يەنە، ئائىلە تەۋەلەرنىڭ ھەر قايسى تۈرمىدىكى يولداشلارغا تاماق ئېلىپ، كىيىم - كېچەك تىكىپ، ياخشى ياردەم بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇرغان.

3) لى سۇپىڭ ئېلىپ كەلگەن گېزىتلەردىن خەلقارادا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ بۇداپىشتقا كىرگەنلىك خەۋ-

رىنىڭ بارلىقىنى، ئىچكى خەۋەردە پارتىيىمىزگە ۋاكالىتەن دۇڭ بىۋۇ گومىنداڭ ۋەكىلى جاڭ جىژجۇڭ بىلەن چۈڭچىڭدا تەنپەن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقى، دۇڭ بىۋۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى سىياسىي مەھبۇسلارنى ئىسمىنى ئاتاپ قويۇپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، گۇاڭدۇڭدا لياۋچېڭجى قاتارلىقلارنى، سىچۈەندە يېتىڭ قاتارلىقلارنى، شىنجاڭدا شۈيجې قاتارلىقلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ۋە مەملىكەت بويىچە 19 ئازات رايوندا، شۇنىڭدەك ھەرقايسى ئۆلكىلەردە جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن ئۆلكە باشلىقى ياكى مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە ئادەم بەلگىلەشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، شىنجاڭ خەۋەرلىرىدە شىڭ شىسەي لەنجۇ ئارقىلىق چۈڭچىڭغا بارماقچى بولۇپ، لەنجۇ ئايرودورومىدا مۇخبىرلارغا سۆزلەپ: يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتا، دېخانچىلىق بىلەن ئورمانچىلىق مۇھىم دېگەنلىكى، شىنجاڭدىكى باندىت شىڭ شىسەينىڭ ئورنىغا ۋۇجۇڭشىن ئالماشقاندەك، ۋۇجۇڭشىن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي خوشنا دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى تەكىتلىگەنلىكى، گومىنداڭنىڭ پەۋقۇلئاددە دىپلوماتىيە خادىمى جياڭجىڭگو ھەدېسىلا «سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا بىرىنچى بولۇپ ياردەم بەرگەن دۆلەت». «جۇڭگو - سوۋېت دوست بولۇشى كېرەك» دېگەندەك



سۆزلەرنىڭ بارلىقىنى كورگەنلىگىمىز ئېسىمىزدە تۇرۇپتۇ.

4) لى سۈپىڭدىن كەلگەن خەتكە ئاساسەن بىز تۇرغان كامېردىن يۈيسۈنى يالغاندىن ئېغىر كېسەل بولغان قىلىپ ھاجەتخانىدا يىقىلىپ قالغاندا گۈندىپايلار ئۇنى داۋالىنىش ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى، شۇنداق قىلىپ لى سۈپىڭ بىلەن ئالاقە باغلىدۇق. كېيىن لى جىژ ليا گۇمۇ باردى. بىز ھەرقايسى كامېردىكى يولداشلارغا مەخسۇس ھال سوراش خېتى يېزىپ، كۈرەش جەريانىدا باغلىنىپ قاماققا ئېلىنغان يولداشلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىدىغانلىقىمىزنى ۋە ھال سورايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردۇق ھەمدە ئۇلارغا بىزنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ئەھۋالىمىزنى ئۇقتۇردۇق.

5) بىز تۇرغان گۈندىخانىدىكىلەر قۇربان بولغان 3 يولداشنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن مەخسۇس ماتەم يىغىنى ئېچىپ، ھەركىم ئايرىم ھالدا ئۆزلىرى يازغان ماتەم شېئىرلىرىنى، ماتەم ناخشىلىرىنى، ماتەم بېغىشلىمىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى ھەمدە يولداش لى ۋېن يولداش شۈي جېنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغان ئىنقىلاۋىي تارىخىنى سۆزلىدى. ئىنقىلاۋىي قۇربان يولداش جۇبىننىڭ ئىنقىلاۋىي تارىخى توغرىسىدىكى يېزىلغان جۇدۇەنخۇانىڭ بېغىشلىمىسىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقىدى. قايغۇلۇق ماتەم ئىچىدە ھەممە بىردەك: قايغۇ-

مىزنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، گومىنداڭ فاشىستلىرى بىلەن ئاداققىچە كۆرەش قىلىمىز، دېيىشتى.

6) بۇ مەزگىلدە ئىچكى خەۋەرلەر ھەممىلا يەردە تارقىلىپ يۈرەتتى. ئارىلىقتىكى دەرىزىدىن ئاڭلانغان گەپلەردىن ۋە داۋالىنىش ئۆيىدىن كەلگەن ھەم يۆيسۈن، لى جېزلىياڭلار داۋالىنىش ئۆيىدىن قايتىپ كەلگەن چاغدا ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەردىن قارىغاندا شىڭ شىسەي كىچىك ئىنىسى (شىڭ شىچىنى دېمەكچى) شىڭ شىسەينىڭ قانداق قىلىپ ئۆلتۈرگەنلىكى، شىڭ شىسەي يەنە ئۆزگۈنايىنى شىڭ شىچىنىڭ خوتۇنى چېن شيۈيىڭغا دۆككەپ ئۇنى قولغا ئېلىپ قاتتىق جازالىغانلىقى، لېكىن چېن شيۈيىڭ باشتىن-ئاخىر تىز پۈكمىگەنلىكتىن ئۇنى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈپ گۇۋاچىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش مەقسىدىگە يەتكەنلىكى، شىڭ شىسەي چۇڭچىلىك يىغىنىدىن قايتىپ كېلىپلا قىسقىغىنە بىر مەزگىل ئاغزى قۇلىغا يەتكەندەك خوشال بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت تۈپتىن ئۆزگەرگەنلىكتىن، خۇددى نېرۋىسىدىن ئادىشىپ ساراڭدەك بولۇپ قالغانلىقى قاتارلىق سۆزلەر تارقىلىپ يۈردى. كېيىن بۇ گەپلەرنىڭ ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. لېكىن 3 نەپەر ئىنقىلاۋىي قۇرباننىڭ قانداق قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى زادىلا ئالالمىدۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي شامالغا چىققان يەردە بىر ئۇيغۇر مەھبۇسنىڭ سېرىق قەغەزنى ھاراققا چىلاپ لىنجىلۇنىڭ ئاغزىغا، يۈزىگە چاپلاپ قويغانلىقتىن بوغۇلۇپ ئۆلگەن دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق، لېكىن كېيىن بۇ گەپنىڭ يالغانلىقى ئىسپاتلاندى.

7) گومىنداڭ تۈرمىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، بىز سوراققا تارتىلىپ سوتلىنىشنىڭ بارلىق تەييارلىقىنى تېخىمۇ چىڭ ئىشلەپ، جاپالىق ۋەزىيەتنى كۈتۈۋالماقچى بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگەندۇق ھەمدە مەدەنىيەت ئۆگىنىشى ۋە چەتئەل تىلى ئۆگىنىشىنىمۇ توختاتمىدۇق.

8) 1944 - يىلى 10 - ئاي مەزگىللىرىدە گومىنداڭنىڭ تۈرمە دائىرىلىرى «سىياسىي مەھبۇسلارنى تىزىملاش جەدۋىلى»نى تارقاتتى. جەدۋەلدە، ئىسمى، يېشى، يۇرتى، مىللىتى، شىنجاڭدا قانداق خىزمەت ئىشلىگەنلىكى، قايسى پارتىيە، سىياسىي گۇرۇھلارغا قاتناشقانلىقى، قاچان، قەيەردە قولغا ئېلىنغانلىقى، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىشنى خالايدىغانلىقى، دۆلەت ئىشلىرىغا قارىتا پىكرى ۋە ئەسكەرتىش قاتارلىقلار بار ئىدى. جەدۋەلنى ئىگىز بويلۇق بىر كىشى ئەكىلىپ تارقىتىپ «ئۇزۇن كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى ......» دېگەن سۆزنى قىلدى. ئۇ كىشى ساۋيۈي يازغان «ئايىنىش» ناملىق كىتابىنى كۆرۈپ، بۇ كىتاپ ياخشى كىتاپ دەپ ماختىدى. مەسلىھەتلىشىپ ئۆزىمىزنىڭ جۇڭگو كومپارتىيە ئەزاسى

ئىكەنلىكىمىزنى ئاشكارىلىدۇق ھەمدە ھەر قايسى ئۆزلىرىنىڭ دىمەكچى بولغان سۆزى بويىچە جەدۋەلنى تولدۇردى. جەدۋەلگە 1942 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى گۇناسىز قولغا ئېلىندۇق، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ ئەمدى بىزنى شەرتسىز قويۇپ بېرىپ يەنئەنگە ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىمىز، دەپ يازدۇق. دولەت ئىشلىرىغا قارىتا قانداق پىكرىڭلار بار دىگەن گىراپىغا، گومىنداڭ دائىرىلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە سىياسى مەھبۇسلارنى دەرھال قويۇپ بېرىشىنى، چەكلىگەن پارتىيىلەرنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇشىنى، بىرلا پارتىيىنىڭ دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى، دېموكراتىيىنى يولغا قويۇپ سۇڭجۇڭشەننىڭ سوۋېت بىلەن گۇڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىپ، ئىشچى - دېھقانلارغا يار - يۆلەكتە بولۇشتەك 3 چوڭ سىياسىتىدىن ئىبارەت سەنمىنجۇيىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ئىجرا قىلىشىنى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ۋە دولەت قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن، گومىنداڭ بىلەن گۇڭچەنداڭ ھەمكارلىشىشنى ئاساس قىلغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار قاتناشقان، دېموكراتىك بىرلەشمە ھوكۇمەت قۇرۇپ، سىرتقا قارىتا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوستانە ئىناق ئۆتۈش قاتارلىق مەزمۇنلارنى يازدۇق. ئىسمى، يېشى، يۇرتى، شىنجاڭدا قانداق خىزمەت ئىشلىگەن دىگەن گىراپىغا



ھەر قايسىمىزنىڭ شىنجاڭدا ئاشكارە تەرجىمھالىمىزنى تولدۇردۇق.

9) 11 - ئايلاردا گومىنداڭ تۇيۇقسىز ئادەم ئەۋەتىپ بىزنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم توغرىسىدىكى كىتابلىرىمىزنى يىغىۋالدى. يوشۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان بەزى كىتابلىرىمىزنىمۇ ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھەركىتىنىڭ فاشىستىك ھەركەت ئىكەنلىكىنى، كوممۇنىستلار ئۈچۈن ماركسىزم - لېنىنىزم كىتابلىرىنى ئوقۇش ھەققانى - توغرا ئىش ئىكەنلىكىنى كورسىتىپ خەت ئارقىلىق نارازىلىق بىلدۈردۇق.

10) بۇ چاغدا تۈرمىدە يەنە ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ قوزغىلىپ گومىنداڭغا قارشى قوراللىق كۈرەش قىلىۋاتقان خەۋىرى تارقالدى.

11) بىز گومىنداڭنىڭ تۈرمىگە بىۋاستە ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان ۋەزىيەتكە قارىتا ئۈچ جەھەتتە تەييارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتتۇق. ناۋادا سوراققا تارتىلىپ قالساق، ئەگەر دۈشمەن «12 - ئاپرېل» يالغان ئەنزىنى سوراپ قالسا، ئۇنىڭغا قانداق قايتۇرما زەربە بېرىمىز؟ ئەگەر دۈشمەن پارتىيىمىزنى، ئارمىيىمىزنى، ئازاتلىق رايونىنى ھەتتا ماركسىزم، لېنىنىزم، كوممۇنىزمنى تىللىسا قانداق قايتۇرما زەربە بېرىمىز؟ قىسقىسى، ھەممە بىز نىيەتتە بىزنى شەرتسىز قويۇپ بېرىش، يەنئەنگە

قايتىپ كېتىش يولىدا قۇربان بېرىشتىنمۇ باش تارتماي كوممۇنىستلارنىڭ ئالىجاناپ يۈكسەك پەزىلىتىنى جارى قىلدۇرىمىز دېيىشتۇق.

## 6. تۈرمىدىكى گومىنداڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئاممىۋى خاراكتېرلىق زور كۆرەش

(1945 - يىلى ئەتىيازدىن 1946 - يىلى 2 - ئايغىچە)

1) 1945 - يىلى ئەتىيازدا، قارلار ئېرىشكە باشلىدى. مەركىزىي سوت ئۆمىگى بىرىنچى قېتىم بىز تۇرغان كامېردىكىلەرنى سوراققا تارتتى. بىز ئۆزىمىز تولدۇرغان جەدۋەلدىكىگە ئوخشاشلا ئۆزىمىزنىڭ جۇڭگو كومپارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىك قىياپىتىمىزنى پۈتۈنلەي ئاشكارىلاپ، سىياسىي بايرىقىمىز روشەن ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەيدانىغا ۋەكىللىك قىلىپ، گومىنداڭنىڭ سوتچى ئەمەلدارلىرى بىلەن زاكۇنلاشتۇق. بۇ بىر رەسمىي ھەم ئوچۇق سوت بولۇپ كورۇنۇشتە ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولدى. مېنى سوراققا تارتقان سوتچى ھەربىي كىيىم كىيىپ مايورلۇق بەلگىسىنى تاقىغان ئىدى. سوتلىغۇچىلار ئولتۇرىدىغان سەھنىدە ئورۇندۇقلار تىزىلغان، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا خاتىرە يازغۇچى، ئىشىكتە قانۇن ساقچىلىرى بولۇپ، ئىشىكنى تاشقىرىغا



قارىتىپ چوڭ ئېچىۋەتكەن ئىدى. گۇندىپايلار مېنى سوراقخانىنىڭ ئىشىگىگە ئەكىلىپ قويۇپ يېنىپ كەتتى. سوتچىنىڭ سورىغان سوئاللىرى بىز تولدۇرغان جەدۋەلدىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشايتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ سوئالىغا جەدۋەلدىكى مەزمۇن بويىچە ئوخشاش جاۋاپ بەردىم. ئىسمىمنى سورىغاندا، ئىسمىم مارۇي، 28 ياش، خۇيزۇ، يۇرتۇم ئەنخۇي فېڭيالىق دەپ جاۋاپ بەردىم (مەن ئەسلىدە ئەنچىڭلىق ئىدىم. لېكىن ئەسلى شىنجاڭدا ئاشكارە خىزمەت ئىشلىگەن ۋاقتىمدا تولدۇرغان بويىچە ئېيتتىم. بۇچاغدا سوتچى خاتا ئاڭلاپ قېلىپ، سەن شەنشى فېڭيالىقمۇ؟ دەپ گەپ قىستۇردى. مەن قايتىلاپ ئەنخۇي فېڭيالىق ئىكەنلىكىمنى چۈشەندۇردۇم). قايسى پارتىيە - گۇرۇھتىن؟ دەپ سورىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى دەپ جاۋاپ بەردىم (سوتچى سوز قىستۇرۇپ، سەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خادىمىمۇ ياكى 8 - ئارمىيىسىدىنمۇ؟ دەپ سورىدى. مەن قايتىلاپ شۇنداق دەپ جاۋاپ بەردىم). شىنجاڭدا قانداق خىزمەت ئىشلەيسەن؟ دەپ سورىدى. مەن شىنجاڭدا ئەسلى 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدىم. كېيىن شىڭ شىسەينىڭ تەكلىۋى بويىچە 6 بۈيۈك سىياسىي ھاكىمىيەت خىزمىتىگە قاتنىشىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدە مۇپەتتىش ۋە مۇۋەققەت ئىدارە

باشلىغى، بورتالا ناھىيىسىدە مائارىپ كېجاگى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتۈدۈم دېدىم. قاچان، نېمە ئىش بىلەن قولغا ئېلىندىڭ؟ دەپ سورىدى. مەن 1942 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچىدە، ئەسلىدىكى 8 - ئارمىيە ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئورنىدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مېھمانغا چاقىرىش نامى بىلەن گۇناسىز قولغا ئېلىندىم. شۇ چاغدا قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئىچىدىكىلەردىن بىرى بولىمەن. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىنكى ئارزۇيۇم: شەرتسىز ھالدا كوللىكتىپ قويۇپ بېرىپ يەنئەنگە ئاپىرىپ قويۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلىمەن، دېدىم. دولەت ئىشلىرىغا قارىتا پىكرىمنى «تولدۇرغان جەدۋەل»گە ئوخشاش مەزمۇندا جاۋاپ بەردىم. سوتچى مېنىڭ جاۋابىمغا ھېچقانداق پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى. ئىقرار خاتىرىسىگە دەرھال قول قويدۇردى. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ سوراققا تارتىلىپ جاۋاپ بېرىشىم جەمى يېرىم سائەتتەك داۋام قىلدى. سوراقخانىدىن دەرھاللا قايتۇرۇلدۇم. ئەگەر «12 - ئاپرېل» يالغان ئەنزىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىزنى تىللاپ، پارتىيىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىسا، بۇنىڭغا قارىتا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن تەييارلىقلار بار ئىدى. ئەمما بۇ خىل كۈرەش ۋەزىيىتى بولمىغانلىقتىن، تەييارلىقلىرىمىزنىڭ بىرسىمۇ ئىشلەنمىدى. مەن سوراقخانىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىۋاتقىنىمدا



بىر نەچچە گۇندىپايلار ھەر بىرى بىردىن سولانغۇچىلارنى تۇتۇپ سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. ئەسلىدە بىر قانچە سوراقخانىلاردا تەڭلا سوراق ئېچىپ، بىر تەرەپتىن بىزنى سوراق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاممىنىمۇ سوراق قىلغان ئىكەن. بىز تۇرغان كامېردىكىلەردىن سورالغان سوراقلارنىڭ مەزمۇنى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، ھەممىسىلا يېرىم سائەت ئەتراپىدا داۋام قىلدى. كېيىنچە بۇ قېتىمقى قورچاق مەركىزىي سوت ئومىگىنىڭ سوراق قىلىشى شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدىكى 10 چوڭ تۈرمىگە قامالغان نەچچە ئون مىڭ ئادەمنى، سىياسىي مەھبۇسلارنى تىزىملاش جەدۋىلىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئىگەللەپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ ئەھۋالغا قاراپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر تەرەپ قىلماقچى بولغانلىقى ئىسپاتلاندى. ئۇلار (1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1945 - يىلىنىڭ 2 - ئايلىرىغىچە بىر تەرەپتىن سوراققا تارتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىگەللەپ بولغان بارلىق چوڭ - كىچىك گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسىنى، شۇنداقلا يەرلىكتىن تۇتۇلغانلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ بەردى ھەمدە سوراقخانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن ئايرىلىشنى خالايدىغانلىق ئىپادىسىنى بىلدۈرگەن خائىن دېڭ مىڭ، يۈجۈشيا قاتارلىقلارنىمۇ قويۇپ بەردى. خۇاڭ يىمىن، رېن يۈەنگۇاڭلارمۇ ئەتىمالىم مۇشۇ

چاغدا قويۇپ بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن. پەن بونەن، لىيۇشىپىڭ، مىڭ يىمىڭلار ئاسىلىق قىلغاندىن كېيىن، ئاللىقاچان ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن يۈزكورۇشۇپ ئۇبدان كۈتۈۋېلىنغان ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا پەن بونەن ئاخىرىغىچە مايۇرلۇق ئۇنۋانى بىلەن ساقچى ئەمەلدارلىرىنى تەربىيىلەش مەكتىۋىگە دەرس ئۆتمەكتە. مىڭ يىمىن 1945 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا چۇڭچىڭغا يوتكىلىپ، گومىنداڭ ئىشپىيونلۇق ئورگىنىدا مۇھىم ۋەزىپە ئۆتىگەن. پەقەت بىزدەك قەيسەرلىك بىلەن تىنىم پۈكمەستىن شەرتسىز ھالدا قويۇپ بېرىپ يەنئەنگە قايتىپ كېتىشنى قەتئىي تەلەپ قىلغان بارلىق جۇڭگو كوممۇنىستلىرىلا قاماقتا قالدى. بەلكى ئۇزۇن ئۆتمەي گومىنداڭنىڭ رەسمىي ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىپ داۋاملىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىمىز مۇمكىن ئىدى. شۇڭلاشقا 1945 - يىلدىكى گومىنداڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنىڭ بىزدەك كوممۇنىستلارغا ئادەتتە كورۇلۇپ باقمىغان ۋەھشىلەرچە زىيانكەشلىك قىلغان ئېغىر ۋەزىيەت شەكىللەندى.

2) 1945 - يىلى 3 - ئايدىن باشلاپ گومىنداڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى بارلىق ئەرلەر كامېرىدا تۇرۇۋاتقان يولداشلىرىمىزنى ئىچكى قوراغا توپلىدى. ئۇ يەردە بىر مەزگىل چوڭ ئىشىكلا سولىنىپ كامېرلارنىڭ ئىشىكلىرى سولانمىدى. ئېغىر كېسەل بولغانلارنى قوراللىق گۈندىپايلار نازارەت



قىلىپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كېسەل كورسىتىشكە يول قويدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋاڭيۇ (فاڭجىچۇن)، مالوف (مامىڭفاڭ)، پىڭ جەن (ليۇخۇپىڭ)، لى جىلياڭ (يۇنياڭ) قاتارلىق يولداشلار ۋاقىتلىق رەھبەرلىك يادروسى تەشكىللەپ، ئىچكى ھويلىدىكى بارلىق يولداشلارنىڭ ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئاياللار قاماقخانىسىدىكى چاڭزىيى ۋە داۋالىنىش ئويىدىكى چياۋگوجىن، لى سۇپىڭلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت ئورناتتى.

3) چوڭ ئىشىكنىڭ يېنىدىكى قارا تاختىغا ھەركۈنى گومىنداڭنىڭ گېزىتلىرى چاپلاپ قويۇلاتتى، بۇ گەرچە گومىنداڭنىڭ گېزىتى بولسىمۇ، خەلقارا خەۋەرلەر بېتىدە گەپنى يوشۇرغىلى بولمايتتى، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى گېرمان فاشىستلىرىنىڭ قىسىملىرىنى شىددەت بىلەن قوغلاپ زەربە بەرگەنلىكى، قىزىل ئارمىيە بېرلىن ئەتراپىغا يېتىپ بارغانلىقى، ستالىن ئۇزۇن ئۆتمەي سوۋېت بايرىقىنى بېرلىن شەھىرىنىڭ ئۈستىگە قادايمىز، دەپ جاكالىغانلىقى، دۇڭبىۋۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋەكىل بولۇپ، جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە سانفىرانسىسكوغا بارغانلىقى، قىزىل ئارمىيە بېرلىننى ئالغاندىن كېيىن يەنە پوتسىدام يىغىنىنى ئاچقانلىقى ھەمدە پوتسىدام باياناتى ئېلان قىلىنىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىنى شەرتسىز تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەنلىكى قاتار-

لىق خەۋەرلەرنى باستى. خەۋەرلەر بېتىگە ئازات رايونلار توغرىسىدىكى خەۋەرلەر بېسىلمىسىمۇ، لېكىن مەملىكەت ئىچىدە دېموكراتىيە - ئىتتىپاقلىق دولقۇنىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كورۇۋالغىلى بولاتتى.

4) خەلقارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى مۇنداق ياخشى ۋەزىيەتتە، گومىنداڭ بىزنى ھەرگىزمۇ بوش ئۇتكۇزۇۋەتمىدى. 5 - ئايلاردا ئۇلار بىزنى تۇرمۇشتا خورلاشنى كۇچەيتتى، بىزگە ھەر كۇنى كىپەك مومىسى بەرگىلى تۇردى. بۇ چاغدا بىز بەيدافاڭ، سى خەنسەيلەرنى سوزلەشكىلى ئەۋەتسەك، تۇرمەدائىرىلىرى ئۇلارنى ئۇرۇپ ھەممە يېرىنى جاراھەتلەندۇرۇپتۇ. بىز ئۇلارنى زەمبىلگە سېلىپ قايتۇرۇپ كەلدۇق ھەمدە 7 - ئايدىن باشلاپ بىزنى سوراققا تارتىپ پارتىيەدىن يۇز ئورۇشكە مەجبۇرلىدى.

5) 6 - ئايلاردا گومىنداڭ تۇرمىسىنىڭ سىياسىي بولۇم باشلىقى سوۋېيلىن بىز تۇرغان كامېرغا باستۇرۇپ كىرىپ تەييارلىقسىز تۇرغان پەيتىمىزدە بەزى ماركسىزم - لېنىنىزم كىتاپلىرىمىزنى تارتىۋالدى. بىز قاتتىق نارازىلىق بىلدۇرسەك، ئۇ: سىلەرنىڭ مېڭەڭلەر بەكمۇ چوڭقۇر زەھەرلىنىپتۇ. مەن سىلەر بىلەن سوزلەشمەيمەن دەپ كىتاپلارنى مەجبۇرى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

6) 7 - ئايلاردا مەن جىددى خاراكتېرلىق سوقۇر ئۇچەي بولۇپ، دوختۇرخانىغا ئەۋەتىلدىم. ئوپېراتسىيە



قىلىشتىن ئىلگىرى تونۇمايدىغان بىر كىشى قوراللىق گوندىپايىنىڭ چىقىپ كېتىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ماڭا بىر پارچە خەت بەردى. خەتتە «تۇرمە دائىرىلىرى ئادەم ئەۋەتىپ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى بىر يولداش بىلەن سوزلەشمەكچى بولۇۋاتىدۇ. دىققەت قىلىشىڭلارنى سورايمەن» دېيىلگەن. خەتنىڭ ئاخىرىغا «جىياپىڭ يازغان» دەپ ئىمزا قويۇلغان (كېيىن بىلىشىمىزچە ئۇ كىشى پاكتىيۇن بولۇپ، مەخپىي خىزمەت ئىشلەيدىغان بولغانلىقتىن بىز پەقەتلا يۇز كورۇشمىگەن ئىدۇق). مەن دەرھال ھەممە كېسەلخانىلارنى ئىزلەپ چىقتىم، دېگەندەك بىزدىن يەنە بىر يولداش دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن: «تۇرمە دائىرىلىرى ئادەم ئەۋەتىپ سىزنى ئىزدىلىدىمۇ» دەپ سورىسام ئۇ «ئادەم كەلدى» دېدى. مەن «ئۇلار نېمە دېدى؟» دەپ سورىسام ئۇ «تۇرمەدائىرىلىرى مېنى خۇاڭيۇمىننىڭ يولىدا مېڭىشقا ئۇندىدى» دېدى. مەن يەنە: «سىز قانداق جاۋاپ بەردىڭىز» دېسەم ئۇ: «مەن تېخى جاۋاپ بەرمىدىم، يولدۇشۇم بىر كېلىپ كەتسە دەپ ئويلاۋاتىمەن» دېدى. مەن دەرھال ئۇنىڭغا جىددى ھالدا: «سىز نېمىشقا ئۇلارنىڭ ئالدىدا قەتئى تۇرۇپ قاتتىق رەددىيە بەرمەيسىز، بۇنىڭدا ئوزىڭىزگە چاتاق تېپىۋالماسسىز» دېدىم. تۇرمىدىكى ئىشپىيونلار ئىككىنچى قېتىم كېلىپ ئۇنى گەپكە كوندۇرمەكچى بولغاندا بۇ

يولداش قاتتىق رەددىيە بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قاراڭغۇ كامىرغا سولاپ قويغاندا دەرھال ئاچلىق ئېلان قىلىپ قارشىلىق بىلدۈرۈپ. ئەڭ ئاخىرى دۈشمەننىڭ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمىغا قايتۇرما زەربە بەرگەن.

7) مەن ئوپېراتسىيە قىلىنىپ 5 - كۈنى ئوپېراتسىيە قىلىنغان جاي تېخى تۇتاشمىغان ئىدى. تۈرمە باشلىقى خۇۋېيچىڭ ئېغىر كېسەلدە تۇرۇۋاتقانلىقىمدىن پايدىلىنىپ داۋالىنىش ئۈيىدە سوراققا تارتتى. بۇ فاشىستلارچە سوت قىلىش ئىدى. باش سوتچىنىڭ ئورنىدا خۇۋېيچىڭ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يېنىدا كاستىيوم كىيىۋالغان سالاپەتلىك ئىشپىيوندىن بىرى ئولتۇردى. سوراقخانىنىڭ ئىككى تەرىپىدە گۈندىپايلار ئورە تىزىلىپ تۇردى. سېستىرا مېنى سوراقخانىغا چىقىشنى ئېيتقاندا مەن تېخى بېلىمنى تۈز قىلالمايتتىم. ھاسسا تاياق تايىنىپ سوراقخانىغا چىقتىم. خۇۋېيچىڭ مېنى سوراقخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئاغزى ئېچىلىش بىلەنلا تىللاپ: «سەن تېخى دوختۇرخانىدىمۇ كوممۇنىزىمنى تەشۋىق قىلىپسەن، مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟» دىدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا يېنىدا ئولتۇرغان سالاپەتلىك كىشى ماڭا تەھدىت سېلىپ مىنىڭدىن: «سەن ئۆلۈشنى خالامسەن ياكى ھاياتلىقنىمۇ؟ جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن ئاخىرغىچە بىللە مېڭىشتا چىڭ تۇرساڭ ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق. ئەگەر جۇڭگو كومپارتىيىسىدىن ئايرىلساڭ دەرھال



سېنى قويۇپ بېرىمىز ھەممە تەلۋىڭ بويىچە مۇشۇيەرگە ئورۇنلاشتۇرىمىز، مانا بۇ ھايات يولى» دىدى. مەن ئۇلارغا شۇ جايدىلا كەسكىن رەددىيە بېرىپ: «مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، ئەلۋەتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئاداققىچە ئەگىشىپ ماڭىمەن. بارلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خادىملىرىنى شەرتسىز ھالدا قويۇپ بېرىشنى، سىزنىڭ يەنئەنگە قايتىپ كېتىشىمىزگە يول قويۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلىمەن. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۆلسەممۇ تىز پۈكمەيمەن» دىدىم. خۇۋېيچىڭ مېنىڭ سۆزۈمنى بۆلۈپ: «سەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىكەنسەن، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇش قىلماي نېمە ئۈچۈن ئارقا سەپكە كېلىۋالدىڭ؟» دىدى. مەن ئۇنىڭغا دەرھاللا جاۋاپ بېرىپ: «شىنجاڭدا 8 - ئارمىيىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسى بار. مەن ئەسلى شۇ يەردىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ بىرى ئىدىم. كېيىن پارتىيىمىزنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىكسەپ سىياسىتىگە ئاساسەن، پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى مەسئۇل خادىملىرىنىڭ تەستىقى ۋە شىڭشىسەينىڭ تەكلىۋى بىلەن 6 بۈيۈك سىياسى ھاكىمىيەت خىزمىتىگە ياردەملىشىش، شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش بۇنىڭ بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەپ، خەلقارا

قاتناش يولىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئارقاسەپنىڭ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ئاكتىپ ھالدا ياخشى ئىشلەشنى مەقسەت قىلىپ بۇ يەرگە كەلگەن ئىدىم» دېدىم. خۇۋېيچىڭ ئارقىدىنلا يەنە تىللاپ كەتتى: «سىلەر جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ خادىملىرى ئارقاسەپتە قالايمىقان قىلىۋاتىسىلەر» دېدى. مەن دەرھال رەت قىلىپ: «سېنىڭ بۇ گېپىڭ ئىغۋا» دېدىم. خۇۋېيچىڭ يېنىدىكى گۇندىپايلارنى مېنى ئۇرۇشقا قول ئىشارەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر سېپتىرا (ئۇنىڭ ئىسمى جۇ) قول تەككۈزمە! دېدى. خۇۋېيچىڭنىڭ غەزىۋى ئۆرلەپ بۇ سېپتىرانى ئۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى بىۋاستە مېنى ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئېغىر ئاغرىق تۇرۇپ يەنە ۋەھشىلەرچە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئېغىر زەخىملەندىم. ئۇ مېنى پارتىيىدىن ئايرىلىشقا داۋاملىق تەھدىت سالماقچى بولدى. مەن قەتئىي رەت قىلدىم. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا مېنى ماشىنا بىلەن 2 - تۈرمىنىڭ يېڭى سېلىنغان قاراڭغۇ كامىرىغا سولاپ قويۇپ پارتىيىدىن ئايرىلىشقا داۋاملىق مەجبۇرلىدى، مەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشىنى باشلىدىم. گومىنداڭ تۈرمە دائىرىلىرىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردۈم. 5 - كۈنىگە كەلگەندە ھوشۇمدىن كېتىپ ئۆلەر ھالەتكە يەتكەندە ئۇلار مېنى قاراڭغۇ زىنداندىن ئېلىپ چىقىپ داۋالىنىش ئۆيىگە ئاپىرىپ ئۇ



يەردە بىر كۈن ياتقۇزدى. ھوشۇمغا كەلگەندە مېنى داۋالىنىش ئۆيىدە ياتقۇزماي 2 - تۈرمىنىڭ ئىچكى ھويلىسىدىكى ئەسلى ياتقان كامىرغا ئەكىلىپ قويدى.

8) باندىت خۇۋېيچىڭ ماڭا ۋەھشىلەرچە زىيانكەشلىك قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا داۋالىنىش ئۆيىدە تۇرۇۋاتقان باشقا بىرنەچچە يولداشنىمۇ، ئىچكى ھويلىدىكى بەزى يولداشلارنىمۇ سوراققا تارتىپتۇ. 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولسا كېرەك ئەتىمالىم، ئىچكى ھويلىدىكى كامىرلارنىڭ ئىشىكىنى كۈندۈزىمۇ سولاپ قويىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە بولغان بىر ئىش شۇكى: 8 - ئايدا خۇجيەننى سوراققا تارتقاندا كېچە - كۈندۈز توختىماي سوراق قىلىپ ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىدى. سوراقچى ئالمىشىپ خۇجيەننى پەقەت ئۇخلاتمىدى، ئازراقلا كوزىنى يۇمسا مۇشتلاپ، كالتەكلىدى. بۇنىڭ بىلەن خۇجيەن چارچاپ ھالسىزلىنىپ تاياقتىن ئېغىر زەخىملەندى.

9) 8 - ئايلاردا يولداش چياۋگوجېن ئۇزۇن مۇددەتقىيناش ئازاۋىغا ئۇچراپ، ئاغرىپ داۋالىنىش ئۆيىدە ئۆلدى. ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۇنى زادى داۋالىمىدى ھەمدە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پارتىيىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىدى. چياۋگوجېن باشتىن - ئاياق تىز پۈكمىدى. ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا گۆەنسەي (ئۆلۈك ساندۇغى)

بەرمىدى. داۋالىنىش ئۈيىدە داۋالىنىۋاتقانلاردىن لى سۇپىڭ قاتارلىق بىر نەچچە يولداشلار كېيىم - كېچەكلىرىنى سېتىپ بىردانە گۆەنسەي سېتىۋېلىپ دەپىن قىلدى. يولداش چياۋگوجىن ئۆلۈش ۋاقتىدا بىر تەرەپتىن قان تۈكۈرۈپ، يەنە بىر تەرەپتىن: مېنىڭ ئۆمرۈمنىڭ كۆپرەكى تۈرمىدە ئۆتتى. ئەپسۇسكى پارتىيە ئۈچۈن كوپ خىزمەت قىلالمىدىم، دەپ ھەسرەت قىلغان.

10) ياپون تەسلىم بولغاندىن كېيىن ئىچكى ۋەزىيەت بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. خەلقارا ۋەزىيەتتىمۇ بەزى تەتۈر ئېقىملار پەيدا بولدى. تۈرمىدىكى ئىشپىيونلار بىزگە بولغان ھۇجۇمنى ۋە پارتىيىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلاشنى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيتتى. كوپچىلىك بۇنىڭغا زادىلا چىداپ تۇرالماي، ھەممەيلەن بىرلىشىپ بىر قېتىم كەڭ كولەمدە ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا زەربە بېرىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. 2 - تۈرمىدىكى پارتىيە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئېتىرازنامە يېزىپ، گومىنداڭ تۈرمە دائىرىلىرىنىڭ بىزنى قانۇنسىز ھالدا كومپارتىيىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلاشتەك فاشىستىك سوراققا تارتىشنى دەرھال توختىتىش، تۈرمۈشنى ياخشىلاش ھەمدە قاماقتىكى كومپارتىيە خادىملىرىنى شەرتسىز قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە بۇ مەقسەتكە يەتمىگىچە ئاچلىق ئېلان قىلىشنى ھەرگىزمۇ توختاتمايدىغانلىقىنى ئوچۇق



ئوتتۇرىغا قويدى. 9 - ئايدا دەل ماۋجۇشى چوڭچىڭغا بېرىپ سوھبەت ئۆتكۈزگەن كۈنلەردە بىز تۈرمە دائىرىلىرىگە بۇ ئېتىرازنامىنى رەسمى سۇندۇق ھەمدە نەچچە يۈز كىشى بىراقلا ئاچلىق ئېلان قىلغانلىقىمىزنى جاكالىدۇق. ئاچلىق ئېلان قىلىپ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن تۈرمە دائىرىلىرى بىزنى پارتىيىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلاش يۈزىسىدىن سوراققا تارتىشنى ۋە باشقا سىياسىي زىيانكەشلىكلەرنى توختىتىشقا مەجبۇر بولۇپ، تۈرمۈشنى ياخشىلاشقا ھەمدە دەرھال شەرتسىز قويۇپ بېرىپ يەنئەنگە ئاپىرىپ قويۇش توغرىسىدىكى تەلىۋىمىزنى يۇقۇرى ئورۇنلارغا يەتكۈزۈشكە يول قويىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

11) ئاچلىق ئېلان قىلىپ 3 - كۈنى دۈشمەن مېنى ئېلىپ چىقىپ ھەمەل قىلىپ ئوكۇل سېلىشقا مەجبۇرلىدى. تۈرمە باشقۇرغۇچى ۋۇ × × بىر تەرەپتىن ھەمەل قىلىپ يەنە بىر تەرەپتىن مەندىن كومپارتىيىگە ئاخىرىغىچە ئەگىشىپ مېڭىشتا چىڭ تۇرامسەن-تۇرامامسەن، ماركسىزمغا ئىشىنەمسەن - يوق؟ شەرتسىز قويۇپ بېرىپ يەنئەنگە قايتىش تەلىۋىڭدە چىڭ تۇرامسەن - يوق دەپ سورىدى. مەن ئۇلارغا: مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى. ماركسىزمغا ئىشىنىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىمەن. شەرتسىز قويۇپ بېرىپ ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ بارلىق كىشىلىرى بىلەن بىرلىكتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۇرۇۋاتقان يەنئەنگە قايتىپ كېتىش-

تە ئەلۋەتتە چىڭ تۇرىمەندە، مەقسەتكە يەتمىگىچە ئاچلىق ئېلان قىلىشنى ھەرگىزمۇ توختاتمايمەن دىدىم. تۈرمە باشقۇرغۇچى ۋۇ ×× تېخىمۇ ئەشەددىيلەشكەن ھالدا: «ئۆلسەڭ دەپ ئۆلەلمەيدىغان، ياشايمەن دەپ ياشىيالمايدىغان قىلىپ قويىمىز دىدى.» مەن يەنە ئۇلارغا رەددىيە بەردىم ۋە ئاچلىق ئېلان قىلىشنى 6 - كۈنىگىچە داۋاملاشتۇردۇم. رەھبەرلىك كۆرۈپ پىسەندىن ئادەم كېلىپ كۆپچىلىكنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختاتتى، دەپ ئۇقتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن مەنمۇ ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختاتتىم.

12) ماشۇ، لىۋبىن قاتارلىق كىشىلەرگىمۇ مەجبۇرى ھەمەل قىلىپ ئوكۇل سېلىپتۇ. ئۇلارمۇ بوشاشماي ئاچلىق ئېلان قىلىشتا باشتىن - ئاياق چىڭ تۇردى. ئاچلىق ئېلان قىلىش توختىغاندىن كېيىن ماشۇ بىر مەزگىل مەن بىلەن بىر كامېردا تۇردى. مەن ئۇنىڭغا بىر كۇپلېت شېئىر تەقدىم قىلدىم. چۈنكى، ئۇمىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش داشۆبىسىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ئىدى. شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنمۇ خوتەندە بىللە ئىشلىدۇق. ئۇنىڭ ئىسمى ماشۇ، مېنىڭ ئىسمىم ماروۋي يېقىشىمىزمۇ تەڭشىلىپ كېتىدۇ. بىز بىرلىكتە جاپا - مۇشەققەت، بەختسىزلىكلەرگە يولۇقتۇق، شۇنداقلا يەنە بىر تۈرمىدە ياتتۇق، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت



ئورتاق كۆرەشتە ئۆلسەكمۇ تىز پۈكمىدۇق، ئۇمۇ ماڭا بىر كۇپلېت شېئىر تەقدىم قىلدى.

13) تۈرمە دائىرىلىرى زىيانكەشلىك قىلىشنى ۋاقتىنچە بىر مەزگىل توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يەنە سوراققا تارتتى. سوراقنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى يەنىلا پارتىيىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلاش ئىدى. بۇ سوراق 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1946 - يىلىنىڭ 2 - ئېيىغىچە داۋاملاشتى. بۇ مەزگىلدە ئىرادىسى مۇستەھكەم بولمىغان بىر قانچە ئۇنسۇرلار، گەرچە ئېقىمغا ئەگىشىپ نەچچە قېتىملىق كۆپچىلىكنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلىش كۈرىشىگە قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇچاغدا مەملىكەت ئىچىدە ئازاتلىق ئۇرۇش باشلانغان، ئىچكى ئۇرۇش كەڭ كۆلەمدە پارتلاش ئالدىدا تۇرغان، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي قوراللىق كۈچلىرى ماناسقا كەلگەن پەيتتە بۇ بىرنەچچە ئادەم خائىنلىق قىلىپ دۈشمەن قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، پارتىيىدىن ئايرىلىش ئىقرارنامىسى يازدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قويۇپ بېرىلىپ، شىنجاڭدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە دوۋەن جىڭچى ۋە ئاۋاتسىيە دۇيىدىكى بىر نەچچە كىشىلەر بار ئىدى.

14) بۇ قېتىمقى سوراق قىلىش 1946 - يىلىنىڭ 2 - ئايلىرىدا مېنىڭ ئۈستۈمدە بولدى. تۈرمىنىڭ سىياسى

بولۇم باشلىغى سوۋېتلەر باش سوراقچى بولۇپ يېنىدا رەسمىي خاتىرە يازغۇچىسى بار ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئالداپ قىلتاققا چۈشۈرمەكچى بولۇپ: دوۋەن جىڭچى بۇيەردىن چىقىپلا ساقچى باشقارمىسىدا كادىرلار بولۇمىنىڭ باشلىغى بولدى. سەنمۇ ئۇنىڭدىن ئۈگەنسەڭ بولىدۇ دېدى. مەن ئۇنىڭغا قاتتىق رەددىيە بەرگەندىن كېيىن ئۇ تەھدىت سېلىپ: ئامېرىكىنىڭ قولىدا ئاتوم بومبىسى بار. 3 - دۇنيا ئۇرۇشى قوزغىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، موسكۋا پارتلىتىۋېتىلىدۇ، يەنئەن دېگەننىمە ئۇ...... دەپ مېنى قورقاتماقچى بولدى. ئۇ ئۆلۈمنى پەش قىلىپ، «كاللاڭ كېسىلسە، چېچىڭنى ئۇستۇرىمەن، دېيىش ئەخمەقلىق بولىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ مەنىسى ئۇلار جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ۋەكىلى شۆيجېنى ئۆلتۈرگەن يەردە قالغان ئادەتتىكى خادىملارنى ئۆلتۈرۈش ھېچگەپ ئەمەس دېمەكچى، مەن دەرھال كەسكىن رەت قىلىپ، ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولسۇن مېنىڭ كومپارتىيىگە بولغان ساداقىتىم ھەرگىزمۇ ئۆزگەرمەيدۇ...... دېدىم. سوۋېتلەر مەندىن گېپىڭنىڭ راستلىقىغا تىل خەت بېرەلەمسەن؟ بۇ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت، دېدى. مەن قەتئىي ھالدا: «ئۆلسەممۇ تىزپۈكمەيمەن» دېگەن 4 خەتنى يازدىم. ئاندىن ئۇ ئامالسىزلىقتا ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ



پۇرسەت كەلگەندە ئۇلتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئەسلىدىكى كامىرغا ئەكىلىپ قاماپ قويدى.

## 7. تۈرمىدىن بوشاپ يەنئەنگە قايتىش

(1946 - يىلى 3 - ئايدىن 6 - ئايغىچە)

1) 1946 - يىلى 3 - ئايلاردىن باشلاپ ئائىلىلىكلەر قوراسىدىكى ئايال، ئاجىز، مېيىپ يولداشلار قۇتقۇزۇش ئورنىدا يېرىم يىلدەك ياتقاندىن كېيىن ئىچكى ھويلىغا كەلتۈرۈلدى. 2 - تۈرمىنىڭ يېڭى تۈرمىسىدىكى يەنە بىر قىسىم كېسەل يولداشلارمۇ كوچۈپ كەلدى. لىيۇپېڭ (جاڭ زىيى) شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدى.

2) بۇچاغدا گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئىلى 3 ۋىلايەت ھوكۇمىتىنىڭ ۋەكىللىرى سوھبەت ئۆتكۈزۈپتۇ دېگەن خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي قوراللىق قىسىملىرى ماناسقا كەلگەندىن كېيىن گومىنداڭ تىپچىلىق سوھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سوھبەت جوزىسىدا 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى گومىنداڭدىن سولاقتىكى بارلىق جۇڭگو كومپارتىيە خادىملىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىش تەلىۋىنى قويغان ئىكەن.

3) ئېھتىمال 4 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى بولسا

كېرەك، قورچاق گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىك پەۋقۇلئاددە ۋەكىلى جياڭ جىڭگو بىر بار ھويلىغا كېلىپ بىر قۇر ئايلىنىپ چىقىپ كەتتى. دۇنىڭ ئۇنى موسكۋادىكى چاغدا تونۇيدىكەن. شۇ يەردىلا ئۇنىڭدىن بىز جۇڭگو كومپارتىيە خادىملىرىنى بۇ يەرگە توپلىدىڭلار، شۈيجې، جۇبىڭ، لىن جىلۇ قاتارلىق 3 يولداش نىمە ئۈچۈن كۆرۈنمەيدۇ؟ دەپ سورىغان. جياڭجىڭگو ئۇنىڭغا قايتىپ كېتىپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن جاۋاپ بېرىمەن دەپ كېتىپ قالدى. ئاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە جياڭجىڭگو بىر پارچە خەت كىرگۈزدى. خەتتە «شۈيجې، جۇبىڭ، لىن جىلوقاتارلىق 3 كىشىگە 1943 - يىلى 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىڭ شىسەي ئۆلۈم جازاسى بەرگەن» دەپ يېزىلغان ئىدى.

4) تەخمىنەن 5 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى بولسا كېرەك، چۇيۋۇ، داڭبىڭگاڭ ئىسىملىك گومىنداڭنىڭ ئىككى خادىمى كەلدى. ئۇلاردىن بىرسى كاستيوم، شىلەپە كىيىپ كۆزەينەك تاقىغان، قولىغا ھاسا تۇتقان، يەنە بىرسى گېنېرالچە ھەربى كىيىم كىيگەن ھالدا كېلىپ كوپچىلىكنى قوراغا توپلاپ شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدا ھاكىمىيەت باشقۇرۇۋاتقان جاڭجىجۇڭغا ۋاكالىتەن، قاماقتىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بارلىق خادىملىرىنى شەرتسىز قويۇپ بېرىپ، يەنئەنگە ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىنى، ماشىنا تەييارلانسىلا يولغا چىقىشقا بولىدىغانلىقىنى، مەسئۇل



ئەمەلدار تەيىنلەپ مەخسۇس قوغداپ شىمالىي شەنشىگە ئاپىرىپ قويىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بىز ئۇلارغا شەرتسىز قويۇپ بېرىلگەن بولساق گومىنداڭنىڭ مەركىزىي ئاخبارات ئورگىنى پۈتۈن دۇنياغا رەسمىي ئېلان قىلىپ خەۋەر تارقىتىپ سەممىيەتلىك كۆرسەتسۇن! — دىدۇق. چۇيۋۇ ماقۇل بولدى. 2 - كۈنى گومىنداڭنىڭ يەرلىك گېزىتلىرىدە شىنجاڭدا قاماقتا ياتقان كوممۇنىستلارنىڭ ھەممىسى قويۇپ بېرىلدى، ئۇلارنى يەنئەنگە ئاپىرىپ قويۇلىدىغان بولدى دىگەن خەۋەر ئېلان قىلىنغانلىقىنى كوردۇق.

5) جاڭجىجۇڭ يەنە دۇنىڭ (چۇيچۇبەينىڭ ئايلى) دۇيى (چۇيچۇبەينىڭ قىزى) ۋە باشقا ئىككى، ئۈچ ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ زىياپەت ئۈستىدە كوپچىلىكنى شەرتسىز قويۇپ بېرىپ يەنئەنگە قايتۇرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە دۇنىڭلارغا: سىلەر ئۈچىڭلار يەنئەنگە بېرىپ بىۋاستە ماۋجۇشى بىلەن بىللە تۇرىدىغان بولدۇڭلار دەپ ئۇقتۇردى. جاڭجىجۇڭ «ماۋ ئەپەندى» دىمەستىن «ماۋجۇشى» دەپ ئاتىدى. يەنە قىزغىن ھالدا چۇيچۇبەي ئۆزى بىلەن شاگىخەيدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ئىكەنلىگىنى ئېيتتى.

6) گومىنداڭ لىۋياجى (گېنېرال، قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىغى)نى ھەربى ماشىنا ئەترىدىنى باشلاپ يولدا قوغداپ ئاپىرىپ قويۇشقا تەيىنلىدى.

7) تەخمىنەن 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاڭ سەھەر
ماشىنىغا ئولتۇرۇپ 2 ـ تۇرمىنىڭ ئىچكى قوراسىدىن چىقتۇق.
ئەتىگەنلىك تاماقنى داۋانچىڭدا يېدۇق. شۇندىن باشلاپ
تۇرمىدىن قۇتۇلدۇق، لېكىن شىڭشىڭگە يېتىپ بارغىنىمىزدا
بىزنى خۇزۇڭنەن تۇتۇۋالماقچى بولدى. ئاڭلىشىمىزچە ئۇ
بىزنى خەنىياڭدىكى لاگېرغا ئاپىرىپ قويماقچى ئىكەن.
8 ـ ئارمىيىنىڭ شىڭشىدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باش-
قارمىسىنىڭ مەسئۇلى جۇزىجيەن ھەر كۈنى كېلىپ مېڭىش-
قا ئالدىراتقانلىقتىن، ئاڭلىشىمىزچە ليۇياجى جاڭجى-
جۇڭغا تېلېگىراما بەرگەندە، جاڭجىجۇڭ خۇزۇڭنەن بى-
لەن كوپ قېتىم تېلېگىراما ئارقىلىق مەسلىھەتلەشكەن
ئىكەن. ئاخىرى بىز شىڭشىدىن بىخەتەر ئۆتۈپ لۇچۇەنگە
كەلدۇق. گومىنداڭنىڭ شىمالىي شەنشىدىكى قامال لىنى-
يىسىدىن ئۆتۈش ۋاقتىمىز دەل ئۇرۇش توختىتىش كې-
لىشىمىنىڭ ۋاقتى توشۇشقا بىر ـ ئىككى كۈنلا قالغان ئى-
كەن (6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى). بىزنىڭ تەلىيىمىز ئوڭدىن
كېلىپ كېلىشىم ۋاقتى ئىچىدە دۈشمەن قولىدىن قۇتۇلۇپ
كېتەلىۋالدۇق.



# شىڭشىسەينىڭ سىياسى قاينىمىدا

چىن فاڭبو

## 1. شىنجاڭغا قەدەم بېسىپلا ۋەھىمىگە چۈشۈپ قېلىش

1935 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا بىز خۇشال-
لىق ھېسسىيات ۋە زور ئۈمىت بىلەن شىنجاڭ ـ سۇيىيۈەن
(كوكخوت) ماشىنا ـ ترانسپورت شىركىتىنىڭ ماشىنىسىغا
ئولتۇرۇپ، شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋە-
تەننى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى بى-
لەن ئىچكى موڭغۇل سالىغىدىن ئۆتۈپ، شىنجاڭغا يۈ-
رۈش قىلدۇق. بىر ئايدىن ئارتۇق جاپالىق سەپەر قى-
لىپ، 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپ، شۇ
يەردىكى ھۆكۈمەتنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتۇق.
چۈنكى، ئۇ چاغدا قۇمۇلدا ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەن-
نى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى كۈ-
تۈۋالىدىغان مەخسۇس مېھمانخانا قۇرۇلغان ئىدى. شۇ-
ڭا تاماق، ياتاق قۇلايلىق، تۇرمۇش كۆڭۈلدىكىدەك ئو-
رۇنلاشتۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ماڭا ناتونۇش بول-

غاچقا، ھەممە نەرسىلەر يىپقىلىق تۇيۇلاتتى. بولۇپمۇ قۇ-
مۇلدا ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىمىغا قاتنىشىپ تېخىمۇ
قىزىقارلىق ھىس قىلدىم. بىراق ئەڭ مۇھىمى شۇكى،
ئۆز يۇرتى قولدىن كەتكەن، مۇنقەرزلىكنىڭ تەمىنى توي-
غىچە تېتىغان، جياڭجيېشىنىڭ قارشى تۇرماسلىق سىيا-
ستىدىن يۇرتىكى 30 مىليون قېرىندىشى ئازاپ -
ئوقۇبەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان، ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋە-
تەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ نە-
تىجە چىقىرالمىغان مەندەك بىر ياشقا نىسبەتەن ئېيت-
قاندا، «جاھانگىرلىكنى يوقىتايلى»، «بولۇپمۇ ياپون
جاھانگىرلىگىنى يوقىتايلى»، «غەربىي شىمالنى ئىسلاھ
قىلىپ، شەرقىي شىمالنى قايتۇرۇۋالايلى» دىگەن باي-
راقنى ئىگىز كوتەرگەن يەرگە كېلىش نىمەدىگەن مەنى-
لىك، نىمەدىگەن كوڭۇللۇك - ھە! بىراق ماڭا ھەممىدىن
باشقىچە تۇيۇلغىنى، سىياسى تەكشۇرۇش بولدى. تەك-
شۇرۇش ئەستايىدىل، ئىنچىكە بولۇپ بىخەستەلىك قىلى-
مايتتى. شۇڭا مېنىڭ ئىدىيەمدە بىر خىل ۋەھىمە پەيدا
بولدى. چۈنكى، مەن بىلەن بىرگە كەلگەن دوستۇم يول-
داش گاۋبويۇي (گاۋ، خېيلۇڭجياڭ ئولكىسىنىڭ بەيچۇ-
ۋەن ناھىيىسىدىن بولۇپ بېيپىڭ مىنگو داشۇېسىنى پۈت-
تۇرگەن، „18 - سېنتەبىر“دىن كېيىن، ياپونغا قارشى
تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەركىتىگە ئاكتىپ قاتناش-
قان. بېيپىڭدىكى ۋاقتىدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش



ئىتتىپاقىغا قاتناشقان. شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن،
شىنجاڭ گېزىتخانىسى ئالتاي شوبىسىنىڭ باش تەھرى-
رى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش ئۇيۇشمىسىنىڭ
مۇدىر كاتىۋاتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئوتىگەن. 1941-
يىلى شىڭشىسەي تەرىپىدىن تۇرمىگە تاشلىنىپ، تۇرمى-
دە ئولتۇرۇۋېتىلگەن). مېنىڭ بىر نەۋرە تۇققۇنۇم چىڭشى-
سەننىڭ ئىسمى بىلەن كەلگەچكە ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ،
چوڭ بىر بالايى - قازانىڭ بېشىمىزغا كېلىشىدىن قورق-
تۇق. ئۇنىڭ ئۇستىگە سوۋيېتەندىكى ۋاقتىمىزدا شىنجاڭ-
سوۋيېت ماشىنا شىركىتىنىڭ مەسئۇلى مەن بىلەن گاۋ-
بويۇينىڭ شىنجاڭغا بېرىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىق توغرى-
سىدا تېلېگىرامما تاپشۇرۇۋالمىغاچقا ماشىنىغا چىققىدى-
لى قويمايمىز دەپ تۇرۇۋالغان ئىدى. قايتا - قايتا
سوزلىشىش ۋە ياپونغا قارشى تۇرۇش ئارمىيىسى ئائىلە
تەۋەلىرىنىڭ „ئەگەر چىڭ ئائىلىسىدىكى بۇ ئىككى
ئاكا - ئۇكىنى ماشىنىغا چىقارمىساڭلار، بىزمۇ شىنجاڭغا
بارمايمىز، دەپ تۇرۇۋېلىشى نەتىجىسىدە ئاخىر ئاپتوۋۇز
شىركىتىنىڭ مەسئۇلى: ئاكا - ئۇكا ئىككىسى شىنجاڭغا
بارسا مەيلى، لېكىن قۇمۇلغا بارغاندا
مەسىلە چىقسا، ئوزەڭلار مەسئۇل، شىركىتىمىزگە
دوڭگەپ قويمىساڭلار بولىدۇ. چۈنكى شىنجاڭنىڭ ئەھ-
ۋالى ئالاھىدە بولغاچقا، ئادەم تۇتۇش دىگەن ئادەتتى-
كى ئىشقا ئايلىنىپ قالغان دىدى. بىز ئەھۋال چىقسا

ئۆزىمىز مەسئۇل بولىمىز دەپ ۋەدە بەردۇق. ئەنە شۇنىڭـ
دىن كېيىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭغا كېلەلىدۇق.
قۇمۇلدىكى تەكشۈرۈشنىڭ بۇنداق چىڭ ئىكەنلىكىنى كىم
بىلسۇن، شوپۇرنىڭ ماشىنا چاقى ئىچىدە ئېلىپ كەلـ
گەن ئەپيۇنىنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا تېپىۋېلىپ، مۇسادىرە
قىلدى، شوپۇرمۇ قولغا ئېلىندى. ئۇ ئىش مەندىكى ۋەھىـ
مىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

ئەسلىدە مەن تاغام چىڭ رۇڭگىنىڭ مۇناسىۋىتى
بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن ئىدىم. تاغام جىلىن ئۆلكىسى
يىلەن ناھىيىسىدىكى جىڭ شۇشى(ئۈچ خەتلىك پەملىلىك)
لىدۇگېنېرالنىڭ قول ئاستىدىكى ئادىمى بولۇپ، بۇرۇن
يىلەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان.
لىدۇغا ئەگىشىپ ياپونغا قارشى تۇرغاندىن كېيىن،
1933 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلـ
گەن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا، شىڭ شىسەي «12 - ئاپرېل»
سىياسى ئۆزگىرىشىدە ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ،
شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولۇۋالدى. تاغام
شىڭ شىسەي بىلەن يۇرتداش ھەم كونا تونۇش بولغاچقا،
شىڭ شىسەي ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئىشىنەتتى. ئۇنى دۇبەن
مەھكىمىسىنىڭ مەرەملىگىگە تەيىنلىگەچكە شىڭنىڭ يېنىـ
دىن ئايرىلمايتتى، 1934 - يىلى تاغام كېسەل بولۇپ
قازا تاپقان ئىكەن، بۇ خەۋەرنى قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەنـ
دىن كېيىن ئاڭلاپ، تېخىمۇ خاتىرجەمسىزلەندىم، تاغام بولمىـ



غاندىكىن پىشكەللىككە ئۇچرايدىغان بولدۇم، دەپ قاتـ
تىق ئەندىشىدە قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۇبەن مەھكىـ
مىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇپ، ياپونغا قارشى تۇرۇش ئارمىـ
يىسىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى كۈتۈشكە ئەۋەتكەن
ۋاڭ سەنمۇنىڭ قورقۇنچلۇق گەپلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ
بەك سەراسىمىغا چۈشتۈم.

1936 - يىلى دەل باھار بايرىمىنىڭ ھارپىسىدا
ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، بىر نەۋرە ئىنىم چېن شىيلىڭ
بىلەن كورۈشتۈم. ئۇمۇ يولداش گاۋبويۈينىڭ ئاكامنىڭ
ئىسمى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەنلىكىنى تولىمۇ خەتەرلىك
ئىش بولۇپتۇ دەپ قارىدى. ئۇ «جامائەت خەۋپسىزلىك
باشقارمىسىدىن ئىبارەت بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈش تەس،
دۇبەن ئىشى خېلى ئاسان. دادام ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا
مېنى شىڭ شىچى تۇەنجاڭنىڭ تەربىيىلەپ قاتارغا قو-
شۇشقا تاپىلىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ دۇبەن ئالدىدا بىر
نەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويۇشقا يارايدۇ، لېـ
كىن جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ ئىشى ئاسانـ
غا چۈشمەيدۇ» دىدى. مەن شىڭ تۇەنجاڭ بىلەن كورۈشـ
كىنىمدە ئۇمۇ گاۋبويۈينى ئېلىپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن تاپاـ
تەنە قىلدى. لېكىن ئۇ دۇبەنگە دەپ بېقىشقا، دۇبەننىڭ
يولىيورۇغىنى كۈتۈپ تۇرۇشىمىزغا ماقۇل بولدى. ئاخىر
شىڭ شىسەي: يولداش گاۋبويۈينى جۇچۇنخۇي
(جۇدۇڭجياۋ، ئۇنى شىنجاڭ گېزىتى ئالتاي

شۆبىسىنىڭ گېزىتخانا باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ ئەۋەتكەن) بىلەن بىللە شىنجاڭ گېزىتى ئالتاي شۆبىسىدە خىزمەت قىلىشقا، شىڭ تۈەنجاڭنىڭ ئۆزى بىۋاستە جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يىۋۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، بىزنىڭ ئەمدىلا مەكتەپتىن چىققان ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىمىزنى، ھېچقانداق سىياسى مەسىلىمىزنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بىر مەزگىل كۆزىتىپ ئاندىن بىر نەرسە دەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. مانا شۇنىڭ بىلەن چىڭ شىسەن بولۇۋالغانلىق ئاخىرلاشتى، چىڭ شىسەن ئىسمىنى گاۋ بويۇيگە ئۆزگەرتتى.

يۇقۇرقى پىشكەللىكلەردىن كېيىن ئىدىيەمدە جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىغا نىسبەتەن قورقۇش پەيدا بولدى. ئەمەلىيەتتە ھوقۇق بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ قولىدا بولۇپ، شىڭ شىسەي قوماندانلىق قىلالمايتتى. كېيىن ئۆلكىلىك 1 - سىفەنگە ئوقۇتقۇچى بولدۇم. ھەر قېتىم سىرتقا چىققىنىمدا مەكتەپكە 200 مېتىر كېلىدىغان كىچىك كوۋرۇك يېنىدا بىر ئادەمنىڭ دائىم ئۇياق-بۇياقنى ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەتتىم. ئۇ كىشى بۇ كىچىك كوۋرۇكنىڭ رىشاتكىسىدا ئولتۇراتتى، ئەگەر كىچىك كوۋرۇك تەرەپكە قاراپ ماڭسام، بۇ كىشى يېقىن ئارىدىكى كوچىغا يوشۇرۇنۇۋالاتتى. بۇ خىل ئەھۋال ناھايىتى ئۇزاققىچە داۋاملاشتى. ئۇ چاغلاردا بۇنداق



پايلاقچىلىق ئىشلىرىنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولاتتى. بۇ خىل پايلاقچىلار ھەر خىل ئادەملەرنىڭ قىياپىتىدە ياسىنىۋېلىپ، مەخسۇس بىر ئادەمنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، شۇ كىشىنىڭ ھەركەت ئەھۋالىنى جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسى 2 - بۆلۈمىگە دوكلات قىلىپ تۇراتتى. 1936 - يىلى كۈزدە مەن جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما تەشۋىقات بۇسى تىياتىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندىم. پۈتۈن شەھەردىكى ھەرقايسى كەسپىي تىياتىرخانىلار ۋە ھەرقايسى ئورگان، مەكتەپلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمەكلىرىگە رەھبەرلىك قىلاتتىم. جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىدىكى تىياتىر ئۆمەكلىرىگە مەسئۇل بولغان ۋۇخەنۋېن بىلەن خېلى تونۇشۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇ ماڭا: سىز شىنجاڭغا يېڭى كەلگەندە، مەن سىزگە توپ - توغرا يېرىم يىل ھەمرا بولدۇم، سىز مېنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ سىفەن مەكتەپ يېنىدىكى كىچىك كوۋرۇك بېشىدا ھەمىشە بىر ئادەم تۇراتتى، ئۇ مانا مەن ئىدىم، ھەر كۈنى سىزنىڭ ھەركىتىڭىزنى كۆزىتىپ رەھبەرلىككە دوكلات قىلاتتىم، دەپ بەردى. بۇ ئەھۋال شىڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغان كۈندىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رازۋېدكا قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بارلىق خىزمەتچىلەرگە پايلاقچى قويغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ھەممە كىشى ئۈچۈن ئوخشاش

ئىدى. شۇڭا مەن شىنجاڭغا قەدەم بېسىپلا ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدىم.

## 2. شىڭ شىسەينىڭ سىياسى قايىنىمىغا رەسمى چوكۈپ كىرىش

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مېنىڭ شىنجاڭنىڭ سىياسى ئەھۋالىغا بولغان تونۇشۇممۇ پەيدىن - پەي چوڭقۇرلاشتى. 6 بۈيۈك سىياسەتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدىم، قەدىمى، قالاق، قويۇق فېئوداللىق تۈسكە ئىگە شىنجاڭدا كورۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى. سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە، سانائەت، دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ھەم قاتناش - ترانسپورت جەھەتلەردە تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. بولشېۋىكلار ھەم جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ھەرقايسى ئورگان، مەكتەپلەرنىڭ قىياپىتى يېڭى تۈس ئالدى، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ئېلىپ كەلدى. ھەقىقەتنى ئەمىلىيەتتىن ئىزلەش، نەزىرىيىنى ئەمىلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئىستىلى كۆنسېرى تەسىرىنى كېڭەيتتى، بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي قىياپىتىدە كورۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. كوتىرەڭگۈ روھلۇق بولۇپ، بىلىمگە ئىنتىلىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى، ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش قىزغىنلىقى كۈنسېرى يۇقۇرى كوتىرىلدى. «غەربىي شىمالنى ئىسلاھ قىلىپ، شەرقىي شىمالنى قايتۇرۇۋالايلى»، «يۇرتىمىزنى قايتۇرۇۋالايلى» دىگەن شوئارلار كوكتە ياڭرىدى. شىنجاڭ ئالغا باسماقتا ئىدى. بۇ چاغدا شىڭشىسەي ئۆزىنى ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنى ھورمەت قىلىدىغان، كىشىلەر بىلەن ئاسان چىقىشىدىغان، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە قىلىدىغان، ھەممە ئىشتا ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەيدىغان قىياپەتكە كىرىۋالدى. ئۇ ھەمىشە مەھكىمىنىڭ ھەرقايسى باشقارما، ئىشخانىلىرىغا بېرىپ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلاتتى. كادىرلار بىلەن سوھبەتلىشىپ، مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلاتتى. ئۆزى بىۋاستە جاھانگىرلىككە قارشى ئۆگىنىش كۇرسى، ئوفىتسېرلار مەكتىۋى، مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا دەرس ئۆتەتتى. ئەرزىيەتكە كەلگەنلەرنى ئۆزى قوبۇل قىلاتتى. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن ۋاسكىتبول ئوينايتتى، ھەر قېتىملىق تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا 100 مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىغا قاتنىشاتتى (ئۇ ئۆزى نازارەت، باشقارما رەھبەرلىرىنى مۇسابىقىغا قاتنىششقا ھەركەتلەندۈرەتتى). ھەممىلا يەردە كادىرلارغا غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى

بىلدۈرەتتى. ھەر يىلى ئۈزۈم پىشقاندا تۇرپاندىن ئۈزگە
سوغا قىلىنغان ئۈزۈمنى كادىرلارغا تەقسىم قىلىپ بېرەت-
تى. بىر قېتىم غەربىي بىنادا ھەربى مەكتەپنىڭ كو-
مىسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش
مۇراسىمى ئېچىلغاندا، ئۇرۇمچى شەھەرلىك ھەرقايسى
ئورگان، قىسىملارنىڭ ھەممە رەھبەرلىرى قاتناشتى. مەن
قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولۇش سۈپىتىم بىلەن
شىڭشىسەي بىلەن كورۇشۇشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ مېنى
يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاممۇتتىن بىرنى ئېلىپ شوپىگىنى
سويۇۋېتىپ، ماڭا بېرىپ، مېنىڭ يېمىسەم بولمايدىغان-
لىغىنى ئېيتتى ھەمدە ئۆز سوزىدە مېنى ئالاھىدە ماخ-
تىدى، ئۇ چاغدا مەن راستىنلا نەزەرگە ئېلىنغانلىغىم
ئۈچۈن ھاياجانغا چومگەن ئىدىم. بۇ ئادەتتىكى ئىشلار-
دىن ئىدى. مانا ئۇلارنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ ئۇنىڭغا
پىداكارلىق قىلماي، 6 بۈيۈك سىياسەتكە سادىق بولماي
تۇرغىلى بولسۇن؟ شۇڭا شىڭشىسەي تەرىپىدىن تۇرمىگە
تاشلانغان بەزى كىشىلەر تاكى ئولۇم ئالدىدا تۇرۇپمۇ
شىڭدۇبەن مېنى ھەرگىز ئولتۇرمەيدۇ، دەيتتى. يەنە
بىر تەرەپتىن شىڭشىسەي ھوقۇقىنىڭ كۈنسايىن مۇستەھ-
كەملىنىشىگە ئەگىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن گۇمانلى-
نىدىغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن ئېھتىيات
قىلىدىغان بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمى، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كۈچىدىن



ئۆز كوڭلىدە قاخشايتتى. شۇڭا 1938 - يىلى
ئۈچ تەرەپ ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدىن كېيىن بىردىنلا ئۆز-
گىرىپ، سىرتقا ئاز چىقىدىغان، ئاستا - ئاستا ئادەم
بىلەن مۇناسىۋەت قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا
6 بۈيۈك سىياسەت مۇستەقىل سىياسى گۇرۇھى، دىگەن
شوئار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇ، جۇڭگودا ئۈچ چوڭ سىياسى
گۇرۇھ بار، يەنى گومىنداڭ سىياسى گۇرۇھى، كوممۇنىست-
لار سىياسى گۇرۇھى، 6 بۈيۈك سىياسەت سىياسى گۇرۇ-
ھىدىن ئىبارەت. 6 بۈيۈك سىياسەت سىياسى گۇرۇھى،
گومىنداڭ سىياسى گۇرۇھىغىمۇ، كوممۇنىستىك پارتىيە
سىياسى گۇرۇھىغىمۇ كىرمەيدىغان، ئۆز ئالدىغا
مۇستەقىل سىياسى گۇرۇھ دىدى. شۇڭا ئۇ 6 بۈيۈك سىيا-
سەت سىياسى گۇروھ ئۈچۈن كادىرلارنى ئاكتىپلىق بىلەن
تەربىيىلەپ ئوستۇردى. لى يىڭۋۇ، جاڭزوجۇ، جۇفىڭمىڭ،
چيۈيۇشۇڭ، شىڭ شىجى قاتارلىقلار تايانچلاردىن بولۇپ
ھېساپلىناتتى ھەمدە ياش ئوقۇغۇچىلارنى، ياش ھەربى،
مەمۇرى كادىرلار ھەم ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى-
لەرنى ئوبېكتى قىلىپ زور كۈچ بىلەن ئوستۇردى. 1938-
يىلى ئۇجاڭزوجۇنى شىنجاڭ ئىنستىتوتىنىڭ باشلىقلىغىغا،
ئولكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قوشۇمچە مۇدىرلىغىغا،
جۇفىڭمىڭنى ئولكىلىك 1 - سىفەن مەكتىۋىنىڭ مۇدىرلى-
غىغا، لى يىڭۋۇنى شىنجاڭ ئولكىلىك سىياسى كادىرلار كۇرسى-
نىڭ مۇدىرلىغىغا، چيۈيۇشۇڭنى ئوفىتسېرلەر مەكتىۋى سىياسى

بۇسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەپ ئەۋەتتى. بۇنىڭدىكى مەقسەت
6 بۈيۈك سىياسەتكە سادىق تايانچلارنى تەربىيىلەش،
سىناش، ئىگىلەش، تاللاشتىن ئىبارەت ئىدى.
ئۇ بولشېۋىكلارغا تىروتسكىچىلار دېگەن گۇناھنى چاپ-
لاپ، شىنجاڭدا توپىلاڭ قوزغاشنى سۈيىقەست قىلىۋاتىدۇ،
6 بۈيۈك سىياسىي ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرماقچى دەپ، ئار-
قا - ئارقىدىن سوۋېتكە يولغا سالدى. سىرتقى ناھىيە-
لەرنىڭ خىزمىتىنى كۈچەيتىش دېگەننى باناقىلىپ، كوم-
مۇنىستلارنى چەت رايون، ناھىيىلەرگە يوتكىۋەتتى. شىڭ
شىسەي مانا شۇنداق قويۇق كورسىتىپ ئوپكە ساتىدى-
غان، ئالدىدا تۈزۈك، كەينىدە بۇزۇق، ئىككى يۈزلىمە-
چى، سۈيىقەستچى، ساختىپەز، ئۇچىغا چىققان ئوپپورتو-
نىزىمچى ئىدى.

1939 - يىلى 5 - ئايدا مېنى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ
ھاكىملىقىغا يوتكىدى. مەن جىڭخۇا (قۇتۇبى) ناھىيىسى-
نىڭ ھاكىملىق ئەمىلىنى تاپشۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى
ئوتەپ بولۇپ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ، شىڭ بىلەن كورۇشتۇم،
ئۇنىڭ ماڭا دېگەن سوزى ناھايىتى ئاددىلا بولۇپ: قۇ-
مۇلنىڭ مۇھىت - شارائىتى مۇرەككەپ، قۇتۇبىدىكىدەك
ئاسانغا چۈشمەيدۇ، سىز ئاۋال ئۆلكىلىك 1 - سىفەن
مەكتىۋىدىكى جۇ مۇدىر بىلەن سوزلىشىپ ئەھۋالنى ئۇق-
قاندىن كېيىن ئاندىن يولغا چىقىڭ، تىنەپ كەتمەڭ،
بولمىسا خىزمەتنى ياخشى قىلالمىغاننىڭ ئۈستىگە خا-



تالىق ئوتكۈزۈپ قويۇشىڭىز مۇمكىن، دېدى. بۇگەپلەر-
دىن كېيىن جۇ فىڭمىڭ ھەر كۈنى مېھمانخانىغا كېلىپ
مېنى يوقلاپ تۇردى. بىز پوچتىغا ئولتۇرۇپ پاراڭنى بىر
باشلىۋالساق ئۇنىڭ ئاخىرلىشىشى ئۈچۈن يېرىم
كۈن كېتەتتى. جۇ ئالدى بىلەن ماڭا مۇنداق دېدى:
شىڭ دۇبەن سىزنى بۈيۈك سىياسەتكە سادىق، خىزمەت
ئىقتىدارى بار دەپ تونۇيدىكەن، قۇمۇلنىڭ خىزمىتى
مۇھىم. خىزمىتىڭىزنىڭ ئوڭايراق بولۇشى ئۈچۈن، سىز-
گە نۆۋەتتىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئەھۋالنى ئېنىق
سوزلەپ ئوتۇش زورۇر. شىنجاڭدا سوۋېت مەسلىھەتچى-
لىرى، ھەربىي ئوقۇتقۇچىلىرى، مۇتەخەسسىسلىرى، دوخ-
تۇرلىرى بار، بۇجەھەتتىكى ئەھۋاللارنى سىزمۇ بىلىسىز.
سوۋېت بىلەن دوست بولۇش سىياسىتى بولغاچقا، ئۇلار
بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يىرىكلەشتۈرۈپ قويغىلى بول-
مايدۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەۋەتكەن كادىر-
لارمۇ بار، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى تېخى ئاشكارىلانغىنى
يوق. كوڭلىمىزدە سان بولۇشى كېرەك، ئۇلار 6 بۈيۈك
سىياسەتنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنىدۇ. باشقىچە ئىش ئېلىپ
بېرىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالنى سىزمۇ
بىلىسىز، كورۇنۇشتە بىز مەركەز بىلەن مۇناسىۋەت ساق-
لاۋاتقاندەك بولساقمۇ، لېكىن ئۇلار شىنجاڭدا سەنمىنجۇ-
يىنى يۈرگۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس، بىراق ئەڭ مۇھىمى
شۇكى، 6 بۈيۈك سىياسەت دېگەن مۇستەقىل سىياسىي گۇ-

رۇھ، بىز شىڭ دۇبەنىنىڭ بۇيرۇغىنى ئاڭلىشىمىز، 6 بۈيۈك سىياسەتكە سادىق بولۇشىمىز، مەيدانىمىز مۇستەھكەم بولۇشى، باشقىلارغا ئەگىشىپ ماڭماسلىقىمىز لازىم. قۇمۇلدىكى پاسازىر بېكىتى، ئاۋىئاتسىيە، قىزىل 8 - پولك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى سوۋېتلىكلەر باشقۇرىدىغان ئورگان. جۇڭگو - قۇمۇل لىنىيىسىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش باشقارمىسى ھەم شۇنىڭغا قاراشلىق رادىيو ئالاقە پونكىتى قاتارلىقلار گومىنداڭنىڭ بىۋاستە تۇرغۇزغان ئورگىنى. جۇڭگو ترانسپورت جەمىيىتى، سوۋېتنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ياردەم قىلغان ماددى ئەشيالارنى توشۇپ بېرىشنى بېجىرىدىغان ئورگان بولۇپ، ماشىنا بېكىتى، ئاۋىئاتسىيە بېكىتىنىڭ بارلىق تەمىناتىغا مەسئۇل، ئۇ جاينىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ، ماددى بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەش مىقدارى زور، گەرچە گۇچۇڭ، جىمسار، مورى قاتارلىق جايلاردىمۇ توشۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، يەنە ئاساسلىقى شۇ جاينىڭ ئۆزىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتە: ماشىنا بېكىتى، ئاۋىئاتسىيە بېكىتىدىن باشقا، قىزىل 8 پولك بىرلەشمە پارتىيىگە قاراشلىق بولغاندىن سىرت، قۇمۇل رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۈيچىڭفانمۇ سوۋېت ئەۋەتكەن، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن: مەمۇرى باشلىق ليۇشىپىڭ، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چىتيەنمىن، قىز-



لار مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى شىن لىپىڭ قاتارلىقلار بار، گومىنداڭ تەرەپتىن: جۇڭگو - قۇمۇل ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جۇكيۇ ۋە شۇنىڭغا قاراشلىق رادىيو ئالاقىلىشىش پونكىتىنىڭ بارلىق خادىملىرىمۇ بار، مۇشۇ تەرەپلەردىكى مۇناسىۋەت توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، خىزمەت ئېلىپ بېرىش ئوڭايغا چۈشمەيدۇ، بۇرۇنقى ھاكىملارنىڭ ھەممىسى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن پۇت تىرەپ تۇرالماي ئاغدۇرۇلدى.

جۇ مۇدىرمىنىڭ بىلەن تۆت-بەش قېتىم سۆزلەشكەندىن كېيىن (ھەر قېتىمقى سۆھبەت ئەھۋالىنى شىڭغا دوكلات قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى) شىڭ مېنى قوبۇل قىلدى، ئۇ مەندىن جۇ بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىنكى تەسىراتىمنى سورىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ، شەرقىي شىماللىقلارنىڭ بىردىنلا بېيىپ كېتىش ئۇسۇلىنى قوللانماسلىق لازىم (مەنىسى گادايلارنىڭ بىردىنلا باي بولۇپ كېتىشى). سىياسى خىزمەت ئىشلەشتە سەۋىيىلىك بولۇش، ئەقىللىقراق بولۇش لازىم. ئىشىڭىز بولسا ماڭا خەت يېزىڭ، زۆرۈر تېپىلغاندا خەتنى مەخسۇس ئادەم ئارقىلىق ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ، دېدى. مانا شۇنىڭ بىلەن مەن راستىنلا شىڭشىسەينىڭ سىياسى قاينىمىغا چۆكۈپ، 6 بۈيۈك سىياسەتنىڭ تاپانچىلىرىدىن بولۇپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە 4 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت خىزمەت ئىشلىگەن

بولدۇم، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كېلىنىپ،
شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسى كادىرلار كۇرسىنىڭ مۇدىر-
لىقىغا تەيىنلەندىم. ۋاقىت قىسقا بولسىمۇ، قولۇمنىڭ
ئەھۋالىنى ئالدىن ئىگەللىۋالغاچقا، مەسىلىلەرنى ھەل
قىلىشتا كۆڭلۈمدە سان بولدى، چوڭ مەسىلە تۇغۇلمىدى.
بۇ بىر مەزگىلنى تېپ - تېچ ئۆتكۈزگەن بولدۇم.

### 3. شىڭ شىسەينىڭ ھىيلە - مىكرى، سوۋېتنىڭ تېخىمۇ ئېلگىرىلىگەن ھالدا كورۇۋېلىش

1940 - يىلى يانۋاردا شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسى
كادىرلار كۇرسىغا يۆتكەپ كېلىنىپ لى يىڭۇنىڭ ئورنىغا
كۇرس مۇدىرى بولدۇم. چۈنكى بۇ كۇرس ناھىيە، رايون،
كەنت دەرىجىلىك كادىرلارنى تەربىيىلەيدىغان ئورگان
بولغاچقا، شىڭ كۇرس باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە
ئالغان ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلكە شەھىر-
نىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرىدىن، مەمۇرى رايونلاردىن،
ناھىيىلەرنىڭ ھەرقايسى ئورگان، رايون، يېزىلىرىدىن
كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تاللىۋېلىنغان
ئاكتىپ، ئىقتىدارلىق، 6 بۈيۈك سىياسەتكە سادىق تا-
يانچلاردىن ئىدى. شۇڭا كۇرس مۇدىرى بولۇش ئاسانغا
چۈشمەيتتى. ئىشنىڭ مەيلى چوڭ ياكى كىچىكلىكى بولۇ-
شىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىسى كۇرس باشلىقىغا دوك-



لات قىلىناتتى. مەن ئىشنى ئوتكۈزۈۋېلىپ ئۇزۇن ئوت-
مەيلا بىر كۈنى قېلىن قار يېغىپ، ئوقۇغۇچى ۋاڭدې-
يۈي ئوگزىگە قار سۈپۈرگىلى چىقىپ يىقىلىپ كېتىپ
يارىلاندى. مەن دەرھال ئادەم چىقىرىپ ئۇنى دوختۇر-
خانىغا ئەۋەتتىم، مەن يارىسى ئانچە ئېغىر ئەمەس،
دوختۇر داگنوز قويغاندىن كېيىن شىڭغا دوكلات قىل-
سامۇ بولىدىغۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. كىم بىلسۇن، شىڭ
تېلېفون بېرىپ ئەھۋالنى سوراپ قالدى، ئۇ: بۇندىن
كېيىن ئوقۇغۇچىلارغا بۇنداق ئىشلارنى قىلدۇرماڭ، يې-
قىلىپ يارىلانسا زىيان چوڭ بولىدۇ، قارا خىزمەتچىلەر-
نى ئىشلەتمەي نېمە قىلىسىز، دېدى. ئۇ يەنە سامانىنىڭ
ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈپ، مەيلى قانداق ئىش بولمىسۇن،
سىز دوكلات قىلمىسىڭىز، دوكلات قىلىدىغان ئادەم بار،
مەن ئۆيدە تۇرۇپ سىلەردە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى-
نى بىلىپ تۇرىمەن، دېدى. بۇنىڭدىن شىڭنىڭ كوز -
قۇلاقلىرىنىڭ كوپلىگىنى، مەخپى پايلاقچىلارنى كوپلەپ
قويۇپ قويغانلىقىنى كورۇۋېلىشقا بولىدۇ. 1940 - يىلى
"12 - ئاپرېل" ھارپىسىدا تەرجىمانلار بولۇمچىسىنىڭ
باشلىقى ھامىتنى، ئوقۇغۇچى چۈيدەيفۇنى قولغا ئالدى،
بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن كۇرس تەۋرىنىپ، ئەھۋال جىددى-
لىشىپ، ھەممەيلەننىڭ كوڭلى دەككە - دۈككىدە قالدى.
1940 - يىلى 5 - ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى شىڭ
ماڭا تېلېفون بېرىپ، ئوز يېنىغا بېرىشىمنى ئېيتتى.

مەن مەھكىمىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ مېنى ياتاقخانىسىغا دۇبەن مەھكىمىسى سىياسى تەلىم - تەربىيە باشقار-
دا قوبۇل قىلدى. ئۇ يېقىندىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پىسىدا خېلى كوپ يىل خىزمەت ئىشلىگەن، شىڭ بىلەن
چىقىرىشىپ تەتكەندىن كېيىن ماڭا شۇنداق دېدى: جۇ فىڭىۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى. شىڭ ئۇنى ياقتۇراتتى، ئۇمۇ
مىڭ تەۋرىنىپ قالدى، ئۇ 6 بۈيۈك سىياسەتتىن گۈشىگە ھەقىقەتەن سادىق ئىدى. شىڭغا نىسبەتەن ئەزەل-
مانلىنىۋاتىدۇ. ئىككىڭلار كونا ساۋاقداش، شۇڭا سىردىن ئالا كوڭۇللۇك قىلمىغان ئىدى. ئەمەلىيەت راستىنلا
ھوكۇمەت ئۈچۈن كوپرەك خىزمەت قىلىشىڭىز لازىم بوشۇنداق بولدى. شىڭ شىسەي ئاخىرى ئۇنىمۇ قولغا ئې-
لىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن سوزلىشىپ باقسىڭىز، ئۇنىڭدىلىپ تۈرمىگە سولىدى. ئوچۇق - ئاشكارە ھالدا سوۋېت
زادى قانداق مەسىلە بارلىقىنى ئۇقۇڭ، سىز ئۇنى قەئىتتىيپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارشى تۇرۇپ،
دېناس دەپ ئىشىنىۋەرسىڭىز بولمايدۇ، سىياسى خىزگوميىنداڭنىڭ قوينىغا ئوزىنى ئېتىپ، ساختا نىقاپنى
مەتتە يۈز قاراش مۇمكىن ئەمەس، دېدى. مەن دەرھال ئېلىپ تاشلىغاندىن كېيىنمۇ، جۇ فىڭمىڭ تۈرمىدە قولغا
لا: ئۇنداق ئەمەستۇ؟ مەن قۇمۇلغا بېرىشتىن بۇرۇن ئۇئېلىنغان. 1 - سىفەندىكى ساۋاقداشلارغا، سىلەر ئىقرار
مېنىڭ بىلەن چوڭقۇر سوھبەتلەشكەن، ئۇنىڭ تونۇش قىلىپ مەسىلە تاپشۇرۇڭلار، شىڭ دۇبەنگە سادىق بو-
سەۋېبىسى ناھايىتى يۇقۇرى، ئۇ 6 بۈيۈك سىياسەتكە لۇڭلار دەپ تۇردى، شۇڭا تۈرمىدىكى سىفەن ئوقۇغۇچ-
سادىق، دەپ جاۋاپ بەردىم. شىڭ شىسەي، ئادەم دېگەن ئوز-لىرى ئۇنىڭغا «جۇ» سادىق دەپ لەقەم قويغان ئىدى.
گىرىپ تۇرىدىغان نەرسە، سىز بەكمۇ تالىپلىق قىلىپ كەت-شىڭ مانا مۇشۇ دەرىجىدە ئوزىگە سادىق بولغان
مەي، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاڭ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئادەمنىمۇ گۇمانلىنىپ يوشۇرۇن ھىساۋات
نائىلاج جۇنىڭ ئويىگە بېرىپ يۇردۇم (جۇ يەنىلا 1 - ئېلىۋاتقانلىقىنى كورۇپ، مەن تېخىمۇ خا-
سىفەن مەكتىۋىنىڭ شياۋجاڭى ئىدى). ھەر قېتىم بارغىنىمدا تىرجەمىسىزلەندىم، ھەر قېتىم ئۇنىڭغا دوكلات
نىمدا ئىككى - ئۈچ سائەت سوھبەتلەشتۇق، سوھبىتىمىز-قىلغىنىمدا ئامالسىز ھېچقانداق مەسىلە سەزمىدىم دەيتتىم.
نىڭ ھەممىسى تاغدىن - باغدىن قىلىنغان گەپلەر بو- 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئۇماڭا: بولدىلا! ئۇنى سىرت
لۇپ، تۇتامى يوق مەسىلىلەر ئىدى. مەن خېلى كوپ ناھىيىگە ئەۋەتىۋېتەيلى، ماناسقا بېرىپ ھاكىم بولسۇن،
قېتىم بارغان بولسامىۇ بىرەر مەسىلە سېزىۋالالمىدىم. سىز ئولكىلىك 1 - سىفەنىنىڭ شياۋجاڭلىقىنى ئوتكۈزۈۋېلىڭ
چۈنكى، جۇ بىلەن شىڭ كەيپۇەنلىك يۇرتداش ئىدى. دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ

قوشۇمچە رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مېنى شىنجا ئۆلكىلىك 1 - سىفەننىڭ شىاۋجاڭلىغىغا تەيىنلىدى ھەمدە تەيىنلەشتە مائارىپ نازارىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمىدى. مەن سىفەنگە بېرىپ ئىش ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن بۇرۇن شېڭغا بېرىپ يوليورۇق سورىغىنىمدا، ئۇ ھېچقانداق ئەيمەنمەستىن: سىزنى دۇبەن، قوشۇمچە رەئىس تەيىنلەپ ئەۋەتتى، مائارىپ نازارىتىنىڭ يوليورۇغىنى ئىجرا قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، دېدى. چۈنكى شۇچاغدىكى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى مىڭ يىمىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. شېڭ مىڭنىڭ مائارىپچىلار ئىچىدە تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىپ كېتىشىدىن، ياشلارنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلاتتى. شېڭ شۇڭا مائارىپقا بىۋاستە قول سېلىپ، ھەرقايسى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قاتتىق كونترول قىلدى.

مەن سىفەن مەكتىۋىنىڭ ئىشىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، مائارىپ نازارىتى موڭغۇل، قازاق مەكتىۋىدىن ئەن پەملىلىك (ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن) بىر ئوقۇتقۇچىنى يۆتكەپ كەلدى. ئۇ شىنجاڭ ئىنىستىتوتىنى پۈتتۈرگەن ئىكەن. مەن بىر ئوقۇتقۇچى يۆتكەپ كېلىش دېگەن مائارىپ نازارىتىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى ئادەتتىكى ئىش ھېساپلىنىدۇ، شېڭغا دوكلات قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ ئويلاپتىمەن، لېكىن ئەن مۇئەللىم مەكتەپكە



كېلىپ ئىككىنچى كۈنى كېچىسى شېڭ تويۇقسىز تېلېفون بېرىپ مېنى چاقىردى. تېلېفوننى ئېلىشىم بىلەنلا ئۇ ناھايىتى تېرىكىپ: سىز ئەن پەملىلىكنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىگىنى بىلەمسىز؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى قوبۇل قىلدىڭىز؟ قاچان مەكتەپكە كەلدى، دەپ سورىدى. مەن: مائارىپ نازارىتى ئەۋەتكەن ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچى ئىكەن، دېدىم. ئۇ بولمايدۇ، ئۇنىڭدا مەسىلە بار، دەرھال قوغلىۋېتىڭ دېدى. مەن: بۇ ئوقۇتقۇچى تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى كەمچىل تۇرسا، قانداقمۇ قوغلىۋەتكىلى بولسۇن، دېدىم. ئۇ سىز ئۇنىڭغا: كېلىشتىن ئاۋال مەن بىلەن مۇناسىۋەتلەشمىدىڭىز، خە-ۋەر قىلىپ قويمىدىڭىز، بۇنداق قىلىش قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. سارايدا يېتىش ئۈچۈنمۇ، سارايخوجايىنىدىن سوراشقا توغرا كېلىدۇ، سىزنىڭ كېلىشىڭىز قائىدىگە مۇ-ۋاپىق ئەمەس، دەرھال قايتىپ كېتىڭ، دېسىڭىز بولىدۇ، دېدى. مەن قايتا - قايتا سۆزلىسەممۇ ئۇنۇماي ئاخىرى قارا خىزمەتچىلەرگە بۇيرۇپ ئۇنىڭ شىكلىسىنى كۆتەرت-كۈزۈپ مەجبۇرى يۆتكەزگۈزۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن چوڭ بىر غەۋغا چىقىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئەن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامالدى، كېيىن تۈرمىدە زىيانكەشلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلدى، دەپ ئاڭلىدىم. كېيىن ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئەن مىڭ يىمىننىڭ مۇرىدى بولغاچقا قولغا ئېلىنغان ئىكەن، بۇنىڭدىن شۇچاغدىكى 6 بۈيۈك سىياسەت مۇس-

تەقىل سىياسىي گۇرۇھىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى، ئوقۇغۇچىلارنى، كادىرلارنى دەۋرى قىلىپ تالىشىش كۈرىشى ئېلىپ بارغانلىغىنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا نۇرغۇنلىغان سەبى، ساپ، شەخسىي مەنپەئەتىنى كوزلىمەيدىغان، ئىقتىدارلىق ياشلار بىكاردىن - بىكار ئوز ھاياتىنى قۇربان قىلدى. مانا بۇ «مىسلىسىز چوڭ ئۇۋاللىق» ھىساپلىنىدۇ.

## 4. پاجىئەلىك تۇرمە ھاياتى

شىڭشىسەينىڭ ناھەق تۇرمىسى تىلغا ئېلىنىش بىلەنلا ئادەمنى تىترەك بېسىپ، غەزەپ - نەپرەتكە كەلتۈرىدۇ. بولۇپمۇ تالان - تاراجلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاياتى ساقلاپ قېلىنغان كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۇرمىدىكى ئىچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلەر كوز ئالدىدىن كەتمەيدۇ. نۇرغۇنلىغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئاغزاكى ياكى ماقالا يېزىش ئارقىلىق، شىڭشىسەينىڭ تۇرمىسىدىكى قىلىنغان ئۇۋاللىقنى پاش قىلىپ، ئۇنىڭ قانخورلۇق جىنايىتىنى ئەيپلەپ، ئولگۈچىلەر ئۈچۈن سوزلەش، شىڭشىسەينىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلاش، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى ھەم مەسئۇلىيىتى.

شىڭشىسەي نىمە ئۈچۈن سىياسىي تۇرمىنى كوپەيتىدۇ؟ دىگەن مەسىلە ئۈستىدە كوز قاراش خېلىلا بىردەك.



- شىڭشىسەي تەختكە چىققان كۈندىن باشلاپلا تېرورلۇق ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ئوزىدىن باشقىلارنى چەتكە قاقتى. ئۇ ناھايىتى سەزگۈر، ئىنتايىن گۇمانخور بولۇپ، ئوزىنىڭ خىيالى بىلەن باشقىلارنى مولچەرلەيتتى. باشقىلاردىن پات - پات مەخپى ھالدا ئوچ ئېلىپ تۇراتتى. باشقىلارنىڭ ئوزىدىن ئوچ ئېلىشىدىن ئولگۈدەك قورقاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى مەقسىدى، ئوزىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئىدى. مەيلى تاۋمىڭيۇ، چىڭ جۇڭ، لىشياۋتەننى ئېتىپ ئولتۈرۈش بولمىسۇن ياكى جىڭ روڭچىڭ، يىڭجيەنبياۋ، لاۋسۇگولارنى قولغا ئېلىش، ئاتالمىش «سوۋېتقەستلىك ئەنزىلەرنى باشقۇرۇش بولمىسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقۇرىدىكى مەقسەت ئۈچۈن ئىدى. مانا بۇ — «بىر ئادەم نام چىقىرىش ئۈچۈن، تۈمەنمىڭ ئادەمنىڭ سوڭىكىنى قۇرۇتىدۇ» دىگەنلىكتۇر.

1942 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مەن قولغا ئېلىنىپ تۇرمىگە قامالدىم. قەشقەرنىڭ مەمۇرى باشلىقلىغىدىن مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىغىغا يوتكەش سەۋەۋى بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىشىم بىلەنلا قولغا ئېلىندىم. ئەسلىدە يوتكەش بۇيرۇغى يانۋاردا چۈشۈرۈلگەن بولسىمۇ مېنى كېچىكتۈرۈپ، رەسمىيەت ئوتەشكە قويمىدى. بۇيرۇق ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن شىڭشىجى (شىڭنىڭ بەشىنچى ئىنىسى) ئۈشتۈمتۈت ئايرۇپىلان بىلەن قەشقەرگە باردى.

ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى پەقەتلا ئۇقمىغان ئىدىم. ئالدىن ھىچقانداق خەۋەرمۇ بولمىغان ئىدى. چۈنكى، ئايروپىلان ئىستانسىسى يېڭى شەھەردە بولغانلىقتىن، ئۇ ئالدى بىلەن قەشقەر گارنىزون قوماندانلىق ئىشتاۋىغا باردى. قوماندان سۈيىڭچۈن ئۇنى كۈتۈۋالدى. 2 - كۈنى ئاندىن ئۇ كونىشەرگە كېلىپ، مەمۇرى مەھكىمە باشلىغى ۋە مەن بىلەن كورۈشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەشقەرگە كېلىش مەقسىدىنى سۈيگە ئۇقتۇردىمۇ - يوق، ئۇنى مەن بىلمىدىم. سۈي بۇتوغرىلىق ماڭا ھىچقانداق ئىشنى چاندۇرمىدى. شىڭ كەلگەندە سۈي بىلەن ئىككىمىز زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋېلىپ، قارشى ئالىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردۇق. ئۇ زىياپەتتە بېرىم چاخچاق تەرىقىسىدە: دۇبەن سىزنى ياش يىگىت، چىچەن ھەم ئىقتىدارلىق، لېكىن ھول خىشقا دەسسىمەيدۇ (مەنىسى شىڭنىڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ چىقىرىشنى خالىمايدۇ، باشقىلارنىڭ چىشىغا تەگمەيدۇ، دىگەنلىك) دىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ سوزىنى شىڭشىسەيگە ۋاكالىتەن ماڭا بەرگەن باھاسى ئىكەنلىگىنى، شىڭنىڭ ئۇنىڭغا ئىش تاپشۇرغانلىغىنى دەرھال بىلدىم. ئۇ ۋاقىت دەل ئاتالمىش «12 - ئاپرېل سىياسى قوزغىلاڭ ئەنزىسى»نى قەپەزدىن چىقىرىشنىڭ ھارپىسى ئىدى. بىراق شىڭ شىچەي (شىڭنىڭ تۆتىنچى ئىنىسى) تېخى ئولتۈرۈلمىگەن بولۇپ، شىڭ شىچىنىڭ بۇ ئەنزە ئۈچۈن پىلانلىغان ئوبېكتى ئىكەنلى-



گىنى تېخى بىلگىلى بولمايتتى، شۇڭا شىڭ شىجىنىڭ قەشقەرگە قىلغان سەپىرى، مېنى تۈرمىگە ئەكىرىشنى قارار قىلىشنىڭ ئاچقۇچى دەپ تونۇدۇم.

مارتنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەردىن ئايرىلىپ، قەشقەر رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىغى كۆكچىگرۈي بىلەن بىر ماشىنىدا كەلدىم. كۆك جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسى 2 - بولۇمىنىڭ كېجاڭلىغىغا تەيىنلىنىپ مەن بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كېتىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مېنى يالاپ ماڭغان ئىدى. يول ئۈستىدىكى ھالەتنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈش تەس ئەمەس ئىدى. يولدا ھەر قايسى ناھىيىلەردىن ئوتكەن چاغدا كۈتۈۋالىدىغان ياكى ئۇزىتىپ قويىدىغان ئادەممۇ يوق ئىدى، بۇ مېنىڭ قەشقەرگە بېرىپ خىزمەت تاپشۇرۇۋېلىش ۋاقتىمدىكى «قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنسۇن، مۇۋاپىق كۈتۈۋېلىنسۇن ھەمدە يېتىپ بارغان ۋە ماڭغان كۈنى ئېنىق مەلۇم قىلىنسۇن» دىگەن تېلېگراممىما بىلەن مۇتلەق ئوخشىمايتتى، مەن بۇنىڭغا قاراپ، چوڭ بىر ئاپەتنىڭ كېلىپ قالغانلىغىنى، تۈرمىگە تاشلىنىش خەۋپى بارلىغىنى ھىس قىلدىم.

1942 - يىلى 4 - ئاپرېل قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامالغان كۈنۈم ئىدى. «باشقارما باشلىغى مەرھەمەت قىلسۇن» دىگەن گەپ بىلەن گۇندىپاي مېنى 4 - تۈرمىگە ئېلىپ باردى. مېنى غەربىي ھويلىنىڭ 2 - نومۇرلۇق

ئۈيىگە قامىدى (4 - تۈرمە هازىرقى بايىدالۇنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا شۇ چاغدا تۈرمە بار ئىكەن)، مەن كامىرغا كىرىشىم بىلەنلا مايۇۋىن (خۇيزۇ جىمىسارلىق، غۇلجا رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) ليۇيى، ياۋچۇڭگى (بۇلار ئىككىسى ھەربىي مەكتەپنىڭ 2 - قارار ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى) قاتارلىقلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىپ: كىمنىڭ گېپىنى قىلسا شۇ كېلىدىكەن، بىز سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ پات ئارىدا كېلىپ قالىدۇ دەۋاتاتتۇق، راستىنلا دېگىنىمىز خاتا بولماپتۇ، سىزگىمۇ نۆۋەت كېلىپ قاپتۇ، دېدى. مانا بۇنىڭدىن شىڭشىسەينىڭ ئادەم تۇتۇش قانۇنىيىتى ئاللىقاچان ئاشكارىلىنىپ بولغان مەخپىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ما، ليۇ قاتارلىقلارنىڭ تۈرمە ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشى بىلەن تارىختىكى بىر قانچە قېتىملىق ئاتالمىش سوۋېتپەرەسلىك قوزغىلاڭ ئەنزىسى دېگەننىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشىنىۋالدىم. ئەسلىدە ئۇ شىڭشىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە، گومىنداڭغا، يەرلىك فېئودال كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇشتىكى كۈچلۈك قورالى بولۇپ، نەتىجىدە قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى شىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ قۇربانلىرى ئىكەن.

ئۇلار ماڭا نەچچە يىلدىن بېرى قولغا ئېلىنغان



ئاتالمىش «جىنايەتچى» دېگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ 8 ئولتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى تونۇشتۇردى. مەسىلەن: شەرقىي شىمال قوشۇنىنىڭ گېنېرالى جىڭ رۇڭچىن، يېڭى جيەنبياۋ قاتارلىقلارمۇ ئولتۇرۇۋېتىلگەن. بۇلارنىڭ ئولتۇرۇش ئۇسۇلى ناھايىتى قەبىھ بولۇپ، ئادەمنى كارۋاتقا ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ باغلاپ قويۇپ، سېرىق سامان قەغەزنى هاراق بىلەن ھۆللەپ ئۆلگۈچىنىڭ يۈزىگە چاپلايتتى. مۇشۇ قەغەزنى ئۈستى - ئۈستىگە 6 - 7 قېتىم چاپلىغاندىن كېيىن، ئادەم تۇنجۇقۇپ ئۈن-تۈنسىز ئۆلۈپ قالاتتى. بۇنداق ئولتۇرۇش ئۇسۇلى تېپ - تېچ بولغاچقا، ھېچكىشى بىلمەيتتى - دە، كومىسلا ئىش تۈگەيتتى.

جازا مەيدانىدىكى تامغا «جازا بىلەن ئۆلگۈچىلەر سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ» دېگەن قولىيازما چاپلانغان ئىدى. نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئادەملەرنى قىيناپ يېرىم جان قىلىپ قويۇپ، زەمبىلگە سېلىپ كامىرغا ئەكىرىپ قوياتتى. بىر ياش ئوقۇغۇچى يېڭىلا تۈرمىگە كىرگەن ۋاقتىدا، باشقىلار بىلەن سۆزلىشىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشپيون، ئەكسىلئىنقىلابچىلار، ئۇلار نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق، ئۇلار بىلەن قانداقمۇ سۆزلەشكىلى بولسۇن؟ دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. ئۇ سوراققا تارتىلىپ، قاتتىق ئۇرۇلۇپ ئىقرار قىلدۇرماقچى بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئويغاندى. ئۇنى كامىرغا قايتۇرۇپ ئەكەلگەندە

خۇدىنى بىلمەيتتى.كامىردىكى سەپداشلارنىڭ كويۇنۇپ بېقىشى بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئاچچىغىم كېلىپ ئۇنى تىللىدىم،
شى ئارقىسىدا ئۇ، ئاستا ـ ئاستا ھۇشىغا كېلىپ، ئۇن سېلىپ ئۇ: ئامموۋى كەچكۇرستا ئوقۇش شىڭ دۇبەننىڭ بۇيرۇ-
قاتتىق يىغلاپ، بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: مەن ياشرغى، سەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرماقچىمۇ، دېدى. مەن:
ئەقىلسىز، خۇمپەر ئىكەنمەن، ئالۋاستىنى ئۇلۇغ داھى شىڭ دۇبەن سېنى ئامموۋى كەچكۇرستا ئوقۇسۇن دېگەن،
دەپ تونۇپ ھەر كۈنى ياشىسۇن دەپ تۇۋلاپ يۈرۈپتىمەن لېكىن ✕ ✕ نى ساتسۇن دېمىگەن دېدىم، بۇنىڭ بىلەن
دېدى. ئىككىمىز قاتتىق سوقۇشۇپ قالدۇق، ئۇ جاماڭەت خەۋپ-
مەن تۈرمىگە كىرگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن ماسىزلىك ئىدارىسىغا ئەرز قىلدى. ئەگەر مەندە گۇنا
لىۇ ماڭا مۇنداق دېدى: ھازىر قولغا ئېلىنغانلارنىڭ دا.بولسا، مۇشۇ گۇنادۇر، دېگەنلىكىنى سوزلەپ بەردى.
ئىرىسى كېڭىيىپ پۇقرالارغىچە يەتتى، بىزنىڭ كامىر ئۇ سادا ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ تىپى ئىدى. ما بىلەن لىۇ
دا خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق بىز ئۇنىڭغا بىر چاقچاق قىلايلى، دېيىشتى ـ دە، ئۇنىڭ-
مىللەتلەردىن بار. سىرتتىكى چوڭ ئويدە مازۇلىياڭ ئىدى قاراڭا بۇ يېڭىدىن كەلگەن كىم؟ ئۇنىڭ كىيىملىرى
سىملىك قاراشەرلىك بىر خۇيزۇ كىچىك سودىگەر بولۇپ شۇنداق پۇزۇر، جىنايەتچى ئەمەس، تۈرمىنى تەكشۇرگى-
ئۇ قاراشەردە قولغا ئېلىنىپ، ئۇرۇمچىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى كەلگەن كىششىدەك قىلىدۇ، بەلكىم سىزنى
ۋە بۇ چاققىچە سوراق قىلىنمىغان، ئۇ ئۆزىنىڭ نىما سوراقنا تارتسا كېرەك، سىز راست گەپ قىلىپ ئۇۋال
ئۇچۇن تۈرمىگە كىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەيدىكەن، بىر قىلىنغان بولسا شىكايەت قىلىڭ دېدى. ئۇ راستىنلا
سوراۋەرگەندىن كېيىن ئۇ مەن بولسام بىر جاپاكەش ئىشىنىپ قالدى، ئۇنى «سوراق»قىلىشقا باشلىدۇق، ئۇيۇ-
ئەزەلدىن خاننىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغۇردا دېگەنلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. 2-كۈنى
لىشقا جۇرئەت قىلىپ باقمىغان دېسەممۇ بولىدۇ، ئايىلى ئۇمېنىڭ تېخى كەتمىگەنلىكىمنى كورۇپ، ھۇشىنى يىغىۋې-
ئامموۋى كەچكۇرسقا كىرگەندە مەن ئۇنى تىللاپ قويۇپ لىپ، سىزمۇ جىنايەتچى ئىكەنسىز ـ دە! مېنى ئولگۇدەك
جىنايەت ئوتكەزگەن بولۇشۇم مۇمكىن، ھەممىڭلارغا مەقورقىتمۇەتتىڭىز دېدى، بۇنىڭدىن شىڭ شىسەينىڭ خالى-
لۇم، خۇيزۇلارنىڭ ئاياللىرى ئوزىنى كورسىتىپ كەچكىدىغانچە ئادەم تۇتۇش زورلۇغىنىڭ مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەنى-
چە تالادا لاغايلاپ يۇرسە بولمايدۇ، ئۇ كەچكۇرسقالىدىگىنى، ھەممە ئادەمگە چىقىلىدىغانلىغىنى كورۇۋالغىلى
قاتنىشىپ يېرىم كېچىدىن ئاشقاندىمۇ ئويگە قايتمىدى بولىدۇ.

مەن تۈرمىگە كىرگەن كۈنىنىڭ 2 - كۈنى چۈشـ
خوشنا كامېردىكى يولداش ۋاڭ شيەن مەن بىلەن سوز
لەشتى (تام توشۇگىدىن گەپنى ئاڭلىغىلى بولاتتى). ۋاڭ مېنىڭ
ئوقۇغۇچۇم بولۇپ، ئولكىلىك سىفەننى پۈتتۈرگەن، سو
ۋېيتتە ئوقۇغان 3 - قارارلىق ئوقۇغۇچى ئىدى. مە
شىنجاڭ ئولكىلىك سىياسى كادىرلار كۇرسىنىڭ سىنىپ مۇدىر
ۋاقتىمدا ئۇ ئوقۇتۇش بولۇمىنىڭ باشلىغى ئىدى، شۇ
مۇناسىۋەتىمىز ياخشى، مۇھەببىتىمىز چوڭقۇر ئىدى
ئۇئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، ئالغا بېسىشقا ئىنتىلىدىغا
ياش بولۇپ، خېلى يۇقۇرى نەزىرىيە سەۋىيىسى بار ئىدى
ئۇسە بىلەرچە ماڭا: چىڭ مۇئەللىم، سىز خاتىرجەم بولۇڭ
شىڭ دۇبەن بىزنى ھېچنىمە قىلمايدۇ، مەسىلە ئېنىقلا
غاندىن كېيىن قويۇپ بېرىدۇ، مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ بىر پارچە پەلسەپە كىتاۋى يېزىپ چىقىشنى
ئويلاۋاتىمەن، دېدى. مانا مۇشۇنداق تېخى توي قىلمىغان
يېشى ئەمدىلا 20 ياشقا بارغان ساپ - ساددا ياش
كۆنگە قالماي، 1942 - يىلى "12 - ئاپرېل" ھارپىسىدىكى
چوڭ قىرغىنچىلىقتا شىڭ شىسەينىڭ قېلىچى ئاستىدىكى
ئۇۋالىقتا قالغان بىر ئەرۋاھقا ئايلاندى.

1942 - يىلى 6 - ئايدا مېنى 2 - تۈرمىگە يوتكىدى
مەن سولانغان كامېردا يولداش مۇبىگىيى (مۇ 11 - باشلانما
غۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى) قاتارلىقلار بار ئىدىغا،
خوشنا كامېردا ما لياڭجۇن ئاخۇن ھەم يولداش جاۋ



دەن بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قەدىناس دوست-
لۇرۇم ئىدى، بولۇپمۇ يولداش جاۋدەن بىلەن 1939 -
يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭغا كىرگەندە قومۇلدا دوست
بولغان ئىدۇق. ئۇ مېنىڭ خوشنا كامېردا ئىكەنلىگىمنى
بىلىپ، كىچىك باغاقچىغا خەت يېزىپ سۇنۇپ، ماڭا
ئۆز ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. تۈرمىدە ئوزئارا خەت
ئالماشتۇرۇش دىگەن ناھايىتى خەتەرلىك ئىش ئىدى.
چۈنكى، شىڭشىسەينىڭ تۈرمىسىدىكى جىنايەتچىلەر
سىرت بىلەن قەتئىي ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، ئوزئارا
كورۇشۇشكە بولمايتتى. ئوزئارا خەۋەرلىشىش چەكلەن-
گەن ئىدى، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۇرۇلاتتى.
كىشەن سېلىناتتى. يولداش جاۋدەن ناھايىتى قىزغىن،
سەممىي، سەزگۈر ئادەم بولغاچقا، ھەر خىل ئۇسۇللارنى
قوللىنىپ، خەۋەر يېزىپ تۇراتتى، كېيىن ئوچاق يېنى-
دىن بىر توشۇك ئېچىپ قويدۇق، بۇنىڭ بىلەن بىر -
بىرىمىزنى كورگىلى بولۇپلا قالماستىن، بىر نەرسىلەرنى
سۇنۇشقىمۇ بولاتتى. كەچقۇرۇنلۇغى توشۇكنى ئېچىۋېتىپ
بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇپ سوھبەتلىشەتتۇق، نەر-
سىلەرنى سۇنۇشاتتۇق، سوزلىشىپ بولغاندىن كېيىن تو-
شۇكنى ئېتىپ، سۇگاپ قويساقلا قىلچىلىكمۇ ئىزى قال-
مايتتى، گۇندىپايلارمۇ سېزەلمەيتتى. ئۇ ماڭا گۇندىپايلار-
غا، سوراقچىلارغا تاقابىل تۇرۇپ، كۇرەش قىلىش
ئۇسۇلىنى سوزلەپ بېرىپ شۇنداق دېدى: شىڭشىسەينىڭ

بىۋاستە قوماندانلىغى ئاستىدىكى سوراقچى، گۇندىپا
لار ناھايىتى قارانىيەت، زەھەرلىك ۋەھشىيانە بولۇپ
ئۇلار جىنايەتچىلەرنى روھىي جەھەتتىن ئازاپلاشقا
ناھايىتى ئۇستا. بۇ خىلدىكى ئازاپ چىدىغۇسىز. ئۇلار
پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ. بى
ھەممىدىن خەۋەرسىز بولساق. ئۇلار قاتتىق - يۇمشا
چارىلارنى قوللىنىپ ئارىغا بولگۇنچىلىك سېلىپ، ماددى
بۇيۇملار بىلەن ئۆزىگە تارتىپ، ئۆزىنىڭ يېغى بىلە
ئۆزىنىڭ گوشىنى قورىماقچى بولىدۇ. قاتتىق جازالاش
ئۇسۇلى 100 خىلدىن ئاشىدۇ. شۇڭا بىزدە چوقۇم يېتە
لىك روھىي تەييارلىق بولۇشى، ۋاقتى كەلگەندە ئۇلا
بىلەن ئېلىشىشىمىز لازىم، ھەرگىز مەسئۇلىيەتسىزلىك قى
لىپ، قالايمىقان سوزلەشكە بولمايدۇ، بىراق بىكاردىن
بىكار ئولۇپ كېتىشكە بولمايدۇ، دىدى. ئۇنىڭ ياردىمى
بىلەن مەن تاقابىل تۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولدۇم.

1942 - يىلى 8 - ئايدا مېنىڭ سوراققا تارتىلىش
كۈنۈم يېتىپ كەلدى. مېنى سوراققا ئېلىپ كېلىشتى
فۇباۋلىيەن باش سوتچى بولدى. مەن سوراق كۈتۈش
ئۆيىدە 8 كۈن تۇردۇم. سوراق كۈتۈش ئۆيى زەي، نۇرى
ناھايىتى ئاجىز ئىدى. بۇ يەرگە پەقەت بىرلا كارۋات
لىق ئورۇن - كورپە قويۇلغان بولۇپ، باشقا ھېچقانداق
نەرسە يوق ئىدى. تامغا ئىما - چىما قىلىپ خەتلە
يېزىلغان بولۇپ، كوزگە ئالاھىدە تاشلىنىدىغىنى "ئە



مساقتىن ئۆلمەيدىغان كىم بار، سادىق يۈرەك قالىدۇ.
چاچىدۇ نۇرلار» دىگەن جۈملىلەر ئىدى. يەنە «ئالتۇن
تاۋلىنار ئوتتا، بولسىمۇ مۇشكۇللەر قانچە»، «قىلىدۇ
جان كىمگە ۋاپا، كېتىدۇ باش تەندىن جۇدا، قىلسۇن
روھىم كەتسىمۇ جىنىم، ئەسلىسۇن خەلقىم ئۆزۈن يىللار»
دىگەن شېئىرلارمۇ يېزىلغان بولۇپ، شۇلار ئارقىلىق ئى
گىلمەس - سۇنماس روھ، ئۆمۈم ئۈچۈن ھېچنىمىدىن
قورقمايدىغان جەسۇرانە ئىرادە ئىپادىلەنگەن ئىدى.

مەن ئادەتتىكىدەكلا سوراققا تارتىلدىم. گەرچە مەن
قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ»
گېزىتىدىكە «سويىقەستلىك قوزغىلاڭ ئەنزىسىنىڭ باشلىق
لىرىدىن بىرى» دەپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ماڭا تې
خىمۇ كوپ ئادەملەرنى چېتىشنى ئورۇنلاشتۇرمىغان ئىدى.
سوراقنىڭ پەقەت شەكىللا ئىكەنلىگى ھەققىدە كوڭلۇمدە
سان بولغاچقا، سوراقچىلارغا نىسبەتەن مەسخىرە قىلىش
پوزىتسىيىسىنى قوللاندىم. فۇ مېنىڭدىن: ياخشىمۇسىز؟،
تۇرمۇشىڭىز قانداق؟ دەپ سورىدى، مەن قوساق توق،
غەم ئەندىشە يوق، ئەمدى تۇرمىگە كىرىشتىن ئەنسىر
مەيدىغان بولدۇم دىدىم. فۇ: سىزنى نىمە ئۈچۈن قولغا
ئالغانلىغىنى بىلەمسىز؟ دەپ سورىدى، مەن: مېنى بە
رىبىر تۇرمىگە سولىماقچى بولغان ئىكەن، مەن كەلمە
سەم قانداق بولىدۇ، دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇ سوزلىرىم
نىڭ ئورامىنى بايقاپقالدىدە، غەزەپتىن جوزىنى مۇشتلاپ

تۆرۈپ: ئەسلىدە سىزدە ھېچقانچە چوڭ مەسىلە يوق
ئەگەر پوزىتسىيىڭىز بۇنداقلا بولسا، زىيان تارتىسىز
باشقىلاردىن كورمەڭ، دېدى. مېنى قايتۇرغۇزۇپ تۇ
قىلدۇرماقچى بولدى. گۇندىپاي مېنى ئۇخلىغىلى قو
مىدى، مۇشۇنداق قىلىپ 4 كۈننى ئۆتكۈزدۈم، 5 ـ كۈن
گە كەلگەندە فۇباۋلىيەن ناھايىتى خاپا بولۇپ، مې
جازالاش ئۆيىگە ئاپىرىپ «ئايروپىلان»غا ئولتۇرغۇزد
(ئىككى بىلەكنى تۈپ ـ تۈز قىلىپ، بىر كالتەك بىلە
باغلاپ، ئوتتۇرىدىن ئاغامچا بىلەن ئېسىپ قويىدۇ، پۇ
تىنىڭ ئۇچى يەرگە تېگىپ تۇرىدۇ) كىم بىلسۇن باش
مەن ھېچقانچە ئىش ئەمەس، دەپ ئويلاپتىمەن، 24سائە
ئۆتكەندىن كېيىن، بېشىم قېيىپ خۇدۇمنى يوقاتتىم. گۇ
دىپاينىڭ كوپ قېتىم سۇ چېچىشى بىلەن ھوشۇمغا كە
دىم، گۇندىپاي ماڭا ئىقرار قىلىۋەتسىڭىزچۇ؟ بىكاردىن
بىكار ئولۇپ كەتمەڭ، دېدى. مەن نىمىنى ئىقرار قىل
مەن دېسەم، ئۇ: شۇنىمۇ سورامدىكەن، ئىسيان كوتىرىش
تىن باشقا يەنە نىمە باردىدى.مەن بولىدۇ سىز سوراقچىلار
مېنى ئىقرار قىلىدىغان بولدى، دەپ قويۇڭ دېدىم
شۇنىڭ بىلەن سوراقچىلارنىڭ رىژىسسورلۇق قىلىش
بىلەن، كوپ قېتىم ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئاخىرى ئى
رارنامە يېزىلىپ چىقتى. ئۇنىڭغا «تىروتسكىچى، سۇ
قەست بىلەن قوزغىلاڭ كوتىرىپ 6 بۈيۈك سىياسەت ھا
ەمىيەتىنى ئاغدۇرماقچى بولغان، جياڭزوجۇ (جىسى



يوق ئۇلكىسىنىڭ ئەن ناھىيىسىدىن بولۇپ، تىيەنجىن نەن ـ
كەي داشۆيسىنى پۈتتۈرگەن. 1941 ـ يىلى تۈرمىگە ئې ـ
لىنىپ ئولتۇرۇلگەن)نىڭ تارتىشى بىلەن سۇيىقەستچى
تەشكىلاتقا قاتناشقان، دىگەنلەر پۈتۈلگەن ئىدى. كوم ـ
مۇنىستمۇ بولمىغان بىر ئادەمنىڭ تىروتسكىچى بولۇپ
قېلىشى ئەقىلغا سىغمايدىغان ئىش ئىدى.
1943 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مېنى 2 ـ تۈرمىدىن كۆ ـ
زىتىش بولۇمىگە ئەكىلىپ قايتا سوراق قىلدى. مەن سو ـ
راقخانىغا كىلىپلا 3 ئادەمنىڭ ئولتۇرغىنىنى كوردۇم،
بىرى لى يىڭچى، يەنە بىرى پىڭ جېيۇەن بولۇپ يەنە
بىرسىنى تونۇمىدىم. چاڭتىيەنشىن خاتىرە يازدى (چاڭ
جىنايىتى بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان ئىشچى جىنايەتچى
ئىدى)، كېيىن ئۇقسام ھېلىقى مەن تونۇمايدىغان كىشى قورچاق
مەركەز ئەۋەتكەن ئىچكى مىنىستىرلىكنىڭ مۇئاۋىن مى ـ
نىستىرى ۋاڭدىيبو (ۋاڭ شەرقىي شىماللىق) ئىكەن.
جياڭجيېشى شىڭشىسەينىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، ۋاڭنى
شىنجاڭغا قايتا سوتلاشقا ئەۋەتكەن ئىكەن. بۇ چاغ شىڭ
شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيە ـ
سىگە ئاشكارە ھالدا قارشى تۇرۇش ھارپىسى ئىدى.
تۈرمىدىكى ئاتالمىش جىنايەتچىلەرنى جياڭجيېشىغا تە ـ
لىم بولۇشتىكى سوغا قىلماقچى بولۇپ، ئادەم ئەۋەتىپ
قايتا سوتلاشنى تەلەپ قىلىپ، قامالغانلارنىڭ كوممۇ ـ

نىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى، ھىچ بولمىغاندا سول
چىل ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلىماقچى ئىدى.
ۋاڭ باش سوراقچى بولغاچقا ئالدى بىلەن مەندىن
سىنىڭ ئىقرار قىلغانلىرىڭ ئەمىلىيەتمۇ، دەپ سورى
دى. مەن بەزىلىرى ئەمىلىيەت، بەزىلىرى ئەمىلىيە
ئەمەس، دىدىم. ئۇ قايسىلىرى ئەمىلىيەت دەپ سوروۋى
دى مەن قىسقىچە تارىخىم ئەمىلىيەت، قالغانلىرى ئەمە
لىيەت ئەمەس دىدىم. دەل شۇ چاغدا بىرسى كىرىپ
پىڭ نازىر سىزگە تېلېفۇن كەلدى دەپ خەۋەر قىلدى
پىڭ تېلېفۇن ئالغىلى ماڭغاندا ۋاڭمۇ ئەگىشىپ چىقى
كەتتى. پەقەت لى يىڭچى يالغۇزلا قالدى. لى تاغامنىڭ
ياخشى دوستى بولغاچقا ماڭا كويۇنۇش ئاھاڭىدا: چىر
فاڭبو سەن ھۇشۇڭنى تېپىشىڭ كېرەك، ئەسلىدىكى
ئىقرارىڭنى ئاغدۇرساڭ ئاقىۋىتىڭ ياخشى بولمايدۇ
ئەگەر سەن ئەسلى ئىقرارىڭنى قايتا ئاغدۇرمىسا
مەن سىنىڭ ھاياتىڭغا كېپىللىك قىلىمەن دىدى، مە
ئۇن چىقارمىدىم، بىردەمدىن كېيىن ھىلىقى ئىككىس
قايتىپ كېلىپ سوراقنى داۋاملاشتۇردى، مەن ئەسلىدىكى
ئىقرارىمنىڭ ھەممىسى راست دىدىم، ئۇلار خاتىرىلىۋى
لىپ ماڭا قول قويغۇزدى. كېيىن ئاڭلىسام شۇ قېتىمق
قايتا سوتلاشتا ئەسلى ئىقرارىنى ئاغدۇرغانلارنىڭ
كوپىنچىسى ئولتۇرۇلۇپتۇ.
تۈرمە ھاياتىدا ھەرقاچان باش كېسىلىش خەۋ



پى بار ئىدى. ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى بىلىۋېلىش
تەس ئىدى، ماقال ـ تەمسىللەردە ئېيتىلغاندەك، كىشى
ئوز بېشىغا كېلىدىغان بالايى ـ قازا، بەخت ـ سائادەتنى
تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. بۇسوزنى تۈرمىدە ناھايىتى ئاسان
چۈشىنىپ يەتكىلى بولىدۇ، ئېھتىيات قىلمىسا بالايى ـ
قازا سوڭگۇچتىن قاراپلا تۇراتتى، 1943 ـ يىلى 7 ـ
ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ كېسەل
بېقىش ئويىدە (ھەرقايسى تۈرمىلەردىكى قولغا ئېلىنغان-
لار ئۇچۇن مەخسۇس قۇرۇلغان، ھازىرقى جەنۇبىي باغ-
چىنىڭ ئورنى) داۋالىنىۋاتقىنىمدا، بىر كۈنى ئۇشتۇم-
تۇت سۇڭ يۇڭماۋ (خۇيزۇ، ئۇرۇمچىلىك، توگە سودىگى-
رى) ئىسىملىك جىنايەتچىنىڭ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ:
سىلەر لى چۇجاڭنى (لى يىڭچى)، ليۇتەكشۇرگۇچىنى
(تەكشۇرۇش باشقارمىسىدىكى ليۇ جەندي) نى چاقىرىپ
قويۇڭلار، ئاكاڭ قارىغاي زادى قانداق جىنايەت ئوت-
كۇزگەنلىگىنى سورىماقچى، مۇشۇنداق قاماۋېرىپ، نىمە
ئىش ئىكەنلىگىنى سوراپمۇ قويۇشمايدۇ، بۇ نىمە قىلغى-
نى؟ كىمنى قامىغىنى كەلسە شۇنى قامايدىغان بۇ قان-
داق جاھان بولۇپ قالدى، دەپ ۋاقىرىغىنىنى ئاڭلاپ
قالدىم. مەن دەرىزىگە چۇشكەن ئەكس شويلىدىن (كې-
سەل بېقىش ئورنى روزى ھاجىنىڭ ھويلىسى بولۇپ،
ئادەتتىكى ئويلەردىن ئىدى، دەرىزىنى ئاچقىلى قوياتت-
تى، دەرىزىگە پەردە تارتقانلىقتىن چۇشكەن ئەكس

شۇيلىنى كورگىلى بولاتتى). سۇڭىنىڭ قولىدا پىچاق، ئىشىكنى توساپ تۇرغانلىقىنى كوردۇم، ئۇ، قېنى كىم كىرىشكە پېتىنالىدىكەن چانىۋېتىمەن دەپ تۇۋلاۋاتاتتى، سۇڭ ئەسلىدە گەنسۇ - شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدا قاتناپ يۈرىدىغان كىچىك بىر سودىگەر ئىكەن، قولغا ئېلىنغىلى بىر يىلدەك بولغاچقا ئۇ ھەممىشەم غەزەپلىنىپ ۋاقىرايتتى، ئۇنىڭ بەدىنىگە پۇت - قولىغا كىشەن - كويزا سېلىناتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر كامىردا ياتىدىغان ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىنىدىغان بىر جىنايەتچى بولۇپ، بىر گۇندىپاي ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئۇنىڭغا چوڭ قازان تامىقى بېرىلمەي، مەخسۇس تاماق ئېتىپ بېرەتتى، بۇنىڭغا قارايدىغان گۇندىپاينىڭ بىر پىچىقى بولۇپ، سۇڭ ئۇنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ بۇ پىچاقنى قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن پوخادىن چىقماقچى بولغان ئىكەن، بۇنىڭ بۇ غەۋغاسى بىلەن پۈتۈن كېسەلخانىنى جىددىيلىك قاپلىدى. تۈرمە باشلىقىنىڭ جىددىي تېلېفونى بىلەن لى يىڭچى، لىيۇ جەندى يېتىپ كەلدى، لىيۇ گۇندىپايلارنىڭ ئۇنى قورشاپ، پىچىقىنى تارتىۋېلىپ باغلاپ جەسەت ئۆيىگە ئەپچىقىۋېتىشكە بۇيرىدى، ماتا بىلەن ئۇنى كارۋاتقا باغلاتقۇزۇپ، ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى، جەسەت ئۆيىگە يېقىن كامىردىكىلەر ئۇنىڭ 4 - 5 كۈن ۋاقىراپ چىققانلىقىنى ئاڭلىغان. ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئائىلە



تەۋەلىرىنى چاقىرىپ كومدۇرۇۋەتتى. ماتا بىلەن باغلىغانلىقتىن ئۇنىڭ بەدىنىدە ئاغامچىنىڭ ئىزى يوق ئىدى.

1944 - يىلى 3 - ئايدا كېسەلخانا كامىرىدا مەن بىلەن قۇمۇللۇق بىر شوپۇر (ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن) مۇ ياتقان بولۇپ، مەلۇم بىر كۈنى يېرىم كېچىدە نان قاخلاپ يەپ ئولتۇراتتۇق، كامىردىكى باشقىلارنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كورۇپ، ماڭا پىچىرلاپ، مېنىڭ باشقىلارغا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بىر گېپىم بار ئىدى، سىزگە دەي. مەن بىر شوپۇر، بۇلتۇر (1943 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كېچىسى مېنى جامائەت خەۋپسىزلىك باشقارمىسىغا ئەۋەتتى، مەن ماشىنىنى غەربىي ئامبار تۈرمىسىگە (2 - تۈرمە) ھەيدەپ باردىم. ئۇلار مېنى بىر قاراڭغۇ ئۆيگە بىر سائەتتەك سولاپ قويغاندىن كېيىن، ماشىنىنى نەنلياڭ تەرەپكە ھەيدەشكە بۇيرىدى. سايۇپۇنىڭ شىمال تاغ ئېتىكىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ماشىنىنى توختاتقۇزۇپ، مېنى تەخمىنەن 100 مېتىر يىراقلىققا بېرىپ، ماشىنىغا تەتۈر قاراپ تۇرۇشقا بۇيرىدى، قولىدا قورالى بار بىر گۇندىپاي كەينىمدە تۇرۇپ، مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، كەينىڭگە قارىغۇچى بولما، ئەگەر قارىساڭ ئېتىپ تاشلايمەن دېدى. مەن شۇدىگەن يەردە ئۇزۇن ئولتۇردۇم، بەكمۇ قورققانلىقىمدىن مىدىرلاشقىمۇ جۈرئەت

قىلالماي ئولتۇردۇم. كېيىن ئۇلار ماشىنىنى ھەيدەپ كېلىشكە بۇيرىدى، مەن ماشىنىدا جەسەت بارلىقىنى. بۇ جەسەتلەرنى چولگە كومۇۋەتكەنلىكىنى ھىس قىلدىم. مەن ئۇيگە قايتىش ئالدىدا، ئۇلارمەندىن بىرەرنىمىنى كوردۇڭمۇ دەپ سورىدى، مەن ھېچنەرسە كورمىدىم دېدىم، ئۇلارماڭا، ئەگەرسەن بىرەركىشىگە ئۇن چىقىرىدىغان بولساڭ بېشىڭنى ئالىمىز دېدى. مەن بۇ ئىشنى بىرەركىشىگە ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. يېقىندا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭغەلىتە ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىۋاتىمەن، سىزنىڭچە قانداق؟ دېدى. مەن ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، سىز بىر شوپۇر، ئانچە چوڭ مەسىلە يوق، بىزدەك ئەمەلدارلارغا ئوخشىمايسىز، بىزگە خەۋپ چوڭ، بىزنىڭ كىرىشىمىز ئوڭاي، چىقىشىمىز قىيىن، پەقەت ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ كېتەلىسەك بۇباشقا ئىش دېدىم، ئۇمەن كىرگىلى 3 ئايدىن ئاشتى، سوراقمۇ تارتمىدى، مېنى كېسەلخانىغا ئەكىرىپ قويۇش ناھايىتى ئەجەپلىنەرلىك ئىش، مەندە ھېچقانداق كېسەل بولمىسا دېدى. مەن بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىشنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق ھىس قىلدىم. نائىلاج، ھېچگەپ بولماس، دېدىم. ئىككىمىز سوھبەتلىشىپ تەخمىنەن 2 ھەپتە ئوتتۇپ، بىر كۇنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن كېسەل تەكشۈرۈپ دورا بېرىدىغان چاغدا سېستىرا ئۇنىڭ



كارۋىتىنىڭ بېشىغا كېلىپ: جىياڭ ئەپەندىم (سېستىرامۇ جىنايەتچى بولۇپ، كېسەللەرنى ئەپەندىم دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن) سىزگە ئوكۇل ئۇرماقچى، دېدى، ئۇ: نىمە؟ مەندە كېسەل يوق، مەن ئۇرغۇزمايمەن دېدى. سېستىرا: ھەممەيلەنگە ئۇرۇلىدۇ، ئۇرغۇزمىسىڭىز بولمايدۇ، سىزگە باشتا ئۇرماقچى، دېدى. ئۇنىڭغا ئوكۇلنى سېلىپ بىردەم ئوتمەيلا ئۇ مەيدىسىنى تۇتۇپ، ۋاي يۇرۇكۇم يۇرۇكۇم ئاغرىپ كەتتى، دەپ ۋاقىرىغان پېتى قېتىپلا قالدى. بىز مۇشۇ كامىردىكىلەر جىياڭنىڭ ئوكۇل بىلەن ئولتۇرۇلگەنلىكىنى، بۇ يوقۇرىنىڭ بۇيرۇغى بويىچە قىلىنغان ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنسەكمۇ، ھەممىمىز ئىچىمىزدە بىلىپ تىشىمىزغا چىقىرالمىدۇق.

بۇ ئىشلارنىڭ ئوتكىنىگە 35 يىل بولۇپ قالدى، 35 يىلنىڭ مابەينىدە بۇ ئىشلار ھەمىشە مېنى چۆلغىۋېلىپ، ھاياتكىشىلەرگە شىڭشىسەينىڭ ھوكۇمرانلىغى ئاستىدا ھايات كەچۇرگەن كىشىلەرنىڭقانداق ئازاپ - ئوقۇبەتلەرنى تارتقانلىغىنى ئېيتىپ بەرگىم كېلىپ تۇردى. ھاياتلار ئەلۋەتتە ئولگەنلەر ئۇچۇن سوزلىشى، كېيىنكىلەرگە: «ئىستىبدات ھاكىمىيەت خۇددى قانخور يولۋاسقا ئوخشايدىغان» لىغىنى ئېيتىپ بېرىشى لازىم.

# 1943 ، 1944 - يىللىرى لەنجۇ - شىنجاڭ
# تاشيولىدا پارتلىغان مىنا ئاۋازى

دۇشۇيزىدڭ

1941 - يىلىنىڭ ئاخىرى پۈرسەتپەرەستلىك قىلىپ ئا.
دەتلەنگەن شىڭشىسەي، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ،
جياڭجېيشىگە تەسلىم بولۇپ ئۆزىنى گومىنداڭ قوينىغا
ئاتتى. ئەمما بۇزماق ئاسان، قۇرماق تەس دېگەندەك ئىش.
نى بۇزۇپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىستىبداتلىق
ئورنىغا خەۋپ بولۇۋاتقانلىقتىن، شۇ چاغدا شىنجاڭغا كىر.
مەكچى بولۇۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا كېچىك
تۇرۇش، قارشىلىق كۆرسىتىش پوزىتسىيىسىدە بولدى،
شۇ ۋاقىتتا ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا قاتنايدىغان
بىردىن - بىر تاشيول - لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولى توۋەندى.
كىچە بىر ئەھۋالدا قالغان ئىدى.

1942 - يىلى باھاردا گومىنداڭنىڭ كۈچى
تەدرىجى يوسۇندا شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىدى،
گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دىپلوماتىك يوللار بىلەن،
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان قىزىل
8 - پولكىنى چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە ئالدىراتتى. بۇ چاغدا
موسكۋا ئانى مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشى جىددىيلىشىپ سوۋېت



ھۆكۈمىتى ھەربى ياردەمگە مۇھتاج بولغان ئىدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 1943-
يىلى يازدا قىزىل8 - پولك ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەتتى.
جۇشاۋلياڭ قورچاق مەركىزىي ھەربى ئىشلار ھەيئىتى-
نىڭ مەقسىدىگە يارىشا، شىنجاڭغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن
ئىككى كورپۇس ئەسكىرىي كۈچىنى تەيىنلەپ تەييارلىق
كوردى. بۇنىڭ بىرسى 42 - كورپۇس بولۇپ، باشلىغى
ياڭ دېلياڭ ئىدى. ئۇنىڭ قارمىغىدا: 191 - دىۋىزىيە
باشلىغى لۇزىكەي كېيىنكىسى چىڭشىپىڭ؛ يەنە بىرسى
زاپاس 7 - دىۋىزىيە، باشلىغى يەن مىڭ، كېيىنكىسى
لى يۇيشياڭ ئىدى. مەن ئۇ چاغدا 191 - دىۋىزىيىدە
سىياسى باشقارمىنىڭ جۇربىنى ئىدىم. 2 - سى 2 - كور-
پۇس قارمىغىدىكى 45 - دىۋىزىيە، باشلىغى شېيفىڭ،
ۋاقىتلىق تۈزۈلگەن 58 - دىۋىزىيە باشلىغى يې چىڭ
ئىدى. بۇ 4 دىۋىزىيە شۇ چاغدا گەنسۇنىڭ شەرقىدە ۋە
خېشى كارىدورىدا تۇراتتى. ئالدى بىلەن 45 - دىۋىزىيە
غەرپكە سىلجىپ يۇيمىڭ، ئەنشى، دۇڭخاڭ قاتارلىق ئۈچ
ناھىيىگە ئورۇنلاشتى. شىڭشىسەينى چوچۇتۇپ قويماسلىق
ئۈچۈن بۇ قوشۇننى قاتناش ئامانلىقىنى قوغداش ئەت-
رىدى دەپ ئاتاپ، شېيفىڭنى ئەترەت باشلىغى قىلىپ
شىنجاڭغا كىرىش مۇددىتىنى يوشۇردى. 58 - دىۋىزىيە
باۋجىدىن ۋۇۋېي، جاڭيې ئەتراپىغا يۆتكىلىپ كەلدى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېڭىدىن 4 - دىۋىزىيە قۇرۇ-

لۇپ، جوچۇەن، گاۋتەيدە تۇردى. باشلىغى جوجيابىن
ئىدى. بۇ 5 دىۋىزىيىگە 19 - ئارمىيىنىڭ قوماندانى
قوشۇمچە خېشى گارنىزون سىلىڭى لى تيېجۈن بىر تۇتاش
رەھبەرلىك قىلاتتى. باش ئىشتاپ ۋۇۋېيدا قۇرۇلدى.
كېيىن جۇچۇەنگە يۆتكەپ كەلدى. ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش
ئاخىرلاشقاندىن كېيىن 1942 - يىلى كۈزدە زاپاس 7-
دىۋىزىيە بىلەن 191 - دىۋىزىيىلەر شەرقىي گەنسۇدىن
غەرپكە قاراپ سۈرۈلدى. بۇچاغدا شىڭشىسەي گومىنداڭ
نىڭ زور قوشۇنى غەرپكە قاراپ سىلجىپ كېلىۋاتقانلى
غىنى كۆرۈپ، ھەربىي جەھەتتە مۇناسىپ ئورۇنلاشتۇرۇش
يۈرگۈزۈپ قۇمۇل - شىڭشىڭشيا يوللىرىنىڭ مۇداپىئەسىنى
كۈچەيتتى. بۇنىڭدا ئىككى تەرەپ بىر مەزگىل تاقابىل
تۇرۇش ھالىتىدە تۇردى. 191 - دىۋىزىيە لەنجۇدا بۇيى
رۇق كۈتكەچ بىر يىل رەتكە سېلىش ئىشلىرىنى قىلغان
دىن كېيىن 1943 - يىلى 7 - ئايدا سىپىلنىڭ سىرتىغا
چىقىپ قاتناش ئامانلىقىنى قوغداش ئەترىتىنىڭ ئور-
نىنى ئىگەللىدى.

1942 - يىلى يازدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تۇرۇشقا پاسسىپ، گۇڭچەنداڭغا قارشى تۇرۇشتا ئىزچىل
ئاكتىپ بولۇپ كەلگەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى، ياپون باس-
قۇنچىلىرىنىڭ جېڭجۇغا باستۇرۇپ كېلىشىنى توساش ئۈ-
چۈن شەرقىي خېنەندىكى قانچە مىليون خەلقنىڭ ھاياتى بىر
ۋە مال - مۈلكىگە قارىماستىن، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ



خۇايۈەنكۈدىكى توسمىسىنى ساراڭلارچە پارتلىتىپ ئېغىر
سۇ ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى. ئاپەتكە ئۇچرى-
غان شەرقىي خېنەندىكى يەنلىن، فۇگۇ، شىخۇا ناھىيە-
لىرىدىن شىيەن، باۋجى تەرەپلىرىگە قېچىپ كەلگەن
بىگۇنا پۇقرالار قانچە ئون مىڭغا يەتكەن ئىدى. بۇ پۇق-
رالار ئاچ - يالىڭاچلىقتا ئېغىر ئازاپلار ئىچىدە قالغان
ئىدى. گومىنداڭنىڭ غەربىي شىمال دائىرىلىرى مەسلە-
ھەتلىشىپ، شىڭشىسەي ماقۇل كەلگەندىن كېيىن، ئاپەت-
كە ئۇچرىغانلاردىن 5 مىڭ ئادەمنى بوز يەر ئېچىپ تې-
رىكچىلىك قىلسۇن ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتمەكچى بول-
دى. 1943 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئاپەتكە ئۇچرىغان ئا-
دەملەرنى لەنجۇنىڭ غەربىگە يۆتكەپ شىنجاڭغا ماڭدۇر-
ماقچى بولغاندا، لى تيېجۈن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىش
ئۈچۈن ھەربىي باشلىقلارنى توپلاپ مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇش
ئېلىپ باردى. ئالدى بىلەن زور مىقداردا ئاپتو-
موبىل توپلاپ، ئاندىن ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەرنى
تەشكىللەپ ئورۇنلاشتۇردى ھەممە يوللارنى قوغداپ مې-
كۈرەش ئۈچۈن ئەسكەر قوشتى. بىر ماشىنىغا بىر ئائىلىلىك
ئادەم بېسىپ بىر بەن (10 دىن ئارتۇق) ئەسكەرنى يۆق-
راچە ياساندۇرۇپ قوشۇپ ماڭدۇردى. ئۇ ئەسكەرلەر قو-
راللىرىنى يوشۇرۇپ ئاستىغا بوسۇرۇپ ماڭدى. بۇلارغا
نەپەر يىڭجاڭ قوماندانلىق قىلاتتى. يۈيمىڭ، ئەن-
شىددىن يولغا چىققان ماشىنىلار كوز باغلانغاندا شىڭشىڭ-

شياغا يېتىپ بېرىپلا ھېچقانداق شەپىسىنى چىقارماستىنلا
ئۇ يەردە چېگرا مۇداپىيە خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقان شىڭشى-
سەي قوشۇنلىرىنى كونترول قىلىپ خەۋەرلىشىش ئۈسكۈ-
نىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. بۇنىڭغا ئۇلۇنۇپلا ليۇلۇكيۇەن،
چىڭ گۇكيۇ قوماندانلىقىدىكى ئىككى پولك ئەسكەر بى-
راقلا قومۇلغا بېرىپ ئورۇنلىشىۋالدى.

شىڭشىسەينىڭ چېگرا مۇداپىيە قىسىملىرى شىڭشى-
سەيدىن يوليورۇق ئالالمىغاندىن كېيىن، زور مىقداردىكى
ھەربى ۋە ھەربى ماشىنىلارنى كورۇپ ھودۇقۇپ گاچىدەك
ھېچنىمە دىيەلمەي قالدى. قومۇلدا ھېچقانداق توقۇنۇش
پەيدا بولمىدى. قاتناش يوللىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش
ئەترىدى ئۆز ئىشىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغاندىن
كېيىن، زاپاس 7 - دىۋىزىيە يەن مىڭنىڭ قوماندانلىقى
ئاستىدا بىراقلا ئۈرۈمچىگە بېرىپ لاۋمەنچىڭغا ئورۇنلاش-
تى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا 191 - دىۋىزىيىنىڭ جۇيۇيۇن قو-
ماندانلىقىدىكى 571 - پولكمۇ ئۈرۈمچىگە كەلدى. لى تيې-
جۈن باش ئىشتاپنى قومۇلغا يۆتكەپ كەلدى. 1944 - يىلى
كۈزدە زاپاس 7 - دىۋىزىيە غۇلجىغا، 571 - پولك جىڭنا ھېيى-
سىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا شىڭشىسەي
ئامالسىز قالدى. ئەمما كوڭلىدە نارازى بولۇپ ياچىۋەكنىڭ
ھارۋىنى توسماقچى بولغىنىدەك ئوچ ئېلىش ئۈچۈن
لەنجۇ-شىنجاڭ تاشيولىنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىتىپ ھەربى
ئەشيالارنىڭ كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلماقچى بولدى.



لەنجۇ - شىنجاڭ تاشيولىنىڭ جىيايۇيگۇەندىن-
شىڭشىڭشياغىچە بولغان بىرەرمىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان
ئارىلىق يول چول - باياۋان، ئادىمى ئاز، ئىگىز - پەس
يوللاردىن ئىبارەت ئىدى. 1943 - يىلى قىشلىقى بۇ يولدا
دائىم مىنا پارتلاپ ماشىنا ۋە ئادەملەر چىقىمغا ئۇچراپ
تۇردى. شۇڭا ماشىنىلار توپلىشىپ ماڭىدىغان، بىر ساپيورلۇق
قىسىملىرىنى قوشۇپ مۇھاپىزەت قىلىدىغان بولدۇق. ئەمما
يول ئۇزۇن بولغاچقا، بۇنىڭدىن ساقلىنىش قىيىن بولۇپ
يوللاردا پارتلاش ھامان پەيدا بولۇپ تۇردى. ئىسىمدە
قېلىشىچە، 1944 - يىلى ئەتىيازدا يۇيمىڭنا ھېيىسىنىڭ
غەربىي شىمال تەرىپىدە 12 كىلومېتىر كېلىدىغان تاش-
يولغا كومۇلگەن مىنانىڭ ئىككى قەۋەت كومۇلگەنلىكى
مەلۇم بولغان، ئىلگىرى كومۇلگەنلىرى بىر قەۋەت ئىدى.
شۇيەردە تۇرۇشلۇق قىسىملارنىڭ مەلۇم ليەنى بۇنى ئاڭ-
لاپ، ليەنجاڭ ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ مىنانى تازى-
لىغىلى بارغاندا، ئۇلار سەل ئېھتىياتسىزلىق قىلغان-
لىقتىن ئۈستىدىكىنى ئېلىۋاتقاندا ئاستىدىكى مىناغا
تېگىپ كېتىپ پارتلاپ كەتكەن. ليەنجاڭ شۇيەردىلا ئۆلگەن،
4 ئەسكەر يارىدار بولغان. شۇنىڭدەك 1943 - يىلى 12 -
ئايدا مەلۇم ئۇچاستىكىدا يول ياساۋاتقان ئىشچىلارمۇ
بىر قېتىملىق پارتلاشقا دوچ كېلىپ 14 نەپەر ئىشچى
بىراقلا ئۆلگەن. يەنە شۇ يىلى كۈزدە شىڭشىڭشياغا
80 نەچچە كىلومېتىر قالغان بىر يەردە شىنجاڭ پوچتا

ئىدارىسى جۇيجىڭنىڭ بالا ـ چاقىلىرى 5 كىشى ماشىنىدا
كېلىۋېتىپ پارتلاشقا دۇچ كېلىپ 4 سى
ئۆلگەن. بەختكە يارىشا بىر كىچىك قىـ
بالا ئامان قالغان. دۈشمەن شۇ ۋاقىتتا پاسسىپ
تەدبىر قوللانغان ئىدى. يۈيمىڭدىن شىڭشىڭشىياغىچا
بولغان ئارىلىقتا ئاران 4 دانە ماشىنا بىلەن قوراللىق
خادىملار تەكشۈرۈش يۈرگۈزۈپ يولدا مىنا بار ـ يوقلۇ
غىنىلا كۆزەتتى. لېكىن بۇ مەزگىلدە مەزكۇر پارتلىتىش
ئەترىدىنىڭ پائالىيىتى قويۇق بولغانلىقتىن، ھەربى تە
مىنات تىرانسپورتىغا ئېغىر خەۋپ تۇغدۇرغان ئىدى
كېيىن تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە پارتلىتىش ئەترىدى
ئەنشى، يۈيمىڭنىڭ شىمالىدىكى مازۇڭسەن تاغلىرىنى
گېنجۇيدى قىلىۋالغانلىقى مەلۇم بولدى. ئاندىن دۈشمەن
ئىشتاۋى 573 ـ پولكنىڭ بىر ليەن ئەسكىرىنى ئاجرىتىپ
تاقاقا ئەۋەتتى. ئەمما بۇ ئەسكەرلەر يېتىپ بارغان
كۈننىڭ ئەتىسى تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراپ ۋاڭ پەم
لىلىك ليەنجاڭ يەنە بىر كاتىپ ئۆلگەن. 6 ئەسكەر
يارىدار بولغان.

بۇ ئەھۋالغا قارىتا ئەلۋەتتە تەدبىر قوللىنىش كې
رەك. ياڭ دىلياڭمۇ بۇ توغرىدا ھەر تەرەپتىن ئەيىپ
لەنگەن ئىدى. شۇ سەۋەپتىن بۇ توسقۇنلۇقنى تازىلىۋەت
مەكچى بولۇپ 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ياڭ دىلياڭ مەن
بىلەن چىڭ شىپىڭ ئىككىمىزنى جۇچۇەنگە چاقىرتىپ



مۇزاكىرە قىلدى. بىز ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ ئاتلىق
ئەسكەر ئەۋەتكەندە نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ دېگەن
خۇلاسىگە كەلدۇق. مەن مۇزاكىرىدە ئەنشى ناھىيىسىنىڭ
سەندوبا دېگەن يېرىدە 6 ـ 7 يۈزچە موڭغۇل چارۋىچىلار
بار. شۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا تازىلاش يۈرگۈزۈش
پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بۇ موڭغۇللار 1939 ـ يىلى
شىڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئايماق باشـ
لىقى باۋ بورانىڭ باشلامچىلىقىدا قاراشەر، خوتۇنسۇـ
مۇل، چارقىلىق ئارقىلىق دۇڭخاڭغا ئۆتۈپ، ئايلىنىپ
يۈرۈپ ئەنشىگە ئورۇنلاشقانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ شىڭ شىسەيـ
گە قاتتىق ئۆچمەنلىكى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئات مىنىش،
قارىغا ئېتىشقا ماھىر. ئازراق تەربىيە بېرىلسە قىسىملارغا
ماسلاشتۇرۇپ پايدىلانغىلى بولاتتى. ياڭ جۇنجاڭ بۇ پىـ
كىرنى توغرا تاپتى ۋە مېنى ئۇلارنى تەشكىللەپ تەربىيـ
لەشكە ئەۋەتتى. 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەن بىرقىـ
سىم ئادەملەر بىلەن سەندوباغا بېرىپ ياش، ساغلام موڭغۇلـ
لاردىن 230 دىن ئارتۇق كىشىلىك قىسقا مۇددەتلىك
تەلىم ـ تەربىيە قوشۇنى تەشكىللىدىم. تەربىيە بېرىش
جەريانىدا ياڭ دىلياڭ ئۆزى كېلىپ بىرقېتىملىق مانېـ
ۋىرغا قاتناشتى. 5 ـ ئايدا ئۇلاردىن 130 كىشى تاللاپ
باۋ بورانى باشلىق قىلىپ يېنىك قوراللار بىلەن قورالـ
لاندۇرۇپ مازۇڭسەن تاغلىرىدا جەڭ قىلىۋاتقان قىسىملارغا
ماسلىشىپ جەڭ قىلىشقا يولغا سالدۇق. دۈشمەن ئىشتاۋى

ئۇلارغا ئىككى نەپەر مەسلىھەتچى (سەنمۇ) قوشتى. يېرىم ئاي قىدىرىش ئارقىلىق 100 گەيېقىن كىشىدىن تەشكىل تاپقان پارتىلىتىش ئەتىرىدىنى يوقاتتۇق. ئىسمىدە قېلى- شىچە ئۇلارنىڭ بىرمۇنچە ئات - تۈگىلىرىنى ئولجا ئال- دۇق. ئۇلارنىڭ ئات - تۈگىلىرىدە 8 ھەرپى شەكىللىك تامغىسى بار ئىدى.

يۇقۇرقى توسقۇنلۇقنى يوقاتقاندىن كېيىن لەن- جۇ - شىنجاڭ تاشيولىدا قاتناش ئاندىن نورماللاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيەرلەردە مىنا پارتىلىغان ئاۋازلار زادىلا ئاڭلانغىنى يوق.

1979 - يىلى 10 - ئاي ئۈرۈمچى



# گومىنداڭ ھەربى ئىشلار كومىتېتى شىن- جاڭغا ئەۋەتكەن كادىرلار ئەترىدىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

پەن رۇڭلى

1941 - يىلى گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپا- پاقىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان، موسكۋا جىددى ئەھۋالدا قالغان پەيتتە، شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانى — شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ سوۋېتكە قارشى تۇرۇش، كوممۇنىست- لارغا قارشى تۇرۇشتىكى ھەقىقى ئەپتى - بەشىرىسىنى تەدرىجى ھالدا ئاشكارىلىدى. دەل مۇشۇ چاغلاردا جياڭ جېيشى شېڭشىسەينى ئۆزىگە تارتىشنى كۈچەيتىپ، ئىل- گىرى - ئاخىر بولۇپ جۇشاۋلياڭ، ۋۇجۇڭشىنلارنى شىنجاڭ- غا ئەۋەتىپ، شېڭشىسەينى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. 1942 - يىلى كۈزدە سۇڭمېيلىڭ ئۆزى بىۋاستە ئۈرۈمچىگە ئۇچۇپ كېلىپ جياڭجېيشىغا ۋاكالىتەن شېڭشىسەي بىلەن سوۋېتكە قارشى تۇرۇپ جياڭجېيشىغا يېقىنلىشىش توغ- رىسىدىكى كېلىشىمنى پۈتتۈردى. 1943 - يىلدىن باشلاپ گومىنداڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەربى - سىياسى، پارتىيە ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە شىنجاڭغا سىڭىپ كى-

ر شكه باشلىدى. ئەمما شىڭشىسەي يەنىلا ئۆزىنىڭ 10
يىلدىن ئارتۇق ھوكۇمرانلىق قىلغان مۇستەقىل پادىشا
لىغىدىن ۋاز كەچمىدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەت
كەن پارتىيە - ھوكۇمەت ئەمەلدارلىرى بىر - بىرلەپ شىڭ
شىسەي پايلاقچىلىرىنىڭ يوشۇرۇن ھالدا قاتتىق پايلاپ
يۇرۇشىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ھەركەت قىلىشقا ئامالسىز
قالدى، گەرچە گومىنداڭنىڭ بىر دىۋىزىيىسى ئۇرۇمچىگە
كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار لاۋمەنچىڭ دائىرى
سىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

1944 - يىلى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ۋەزىيىتى
دە ئۆزگىرىش بولۇپ، ياپونلار خېنەن، خۇنەن، گۇاڭشى
قاتارلىق جايلاردىن گۈيجۇغا قىستاپ كەلدى. گىتلېر
سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. بۇنىڭ
بىلەن شىڭ شىسەينىڭ گومىنداڭغا بولغان پوزىتسىيە
سىدە يەنە تەكرارلىنىشلار بولدى. شۇنىڭ بىلەن 1944
يىلى جۇشاۋلياڭ يەنە بىر قېتىم ئۇرۇمچىگە كېلىپ
شىڭ شىسەي بىلەن سوھبەت ئۆتكۈزۈپ، شىڭشىسەينىڭ
3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنى باستۇرۇشىغا ياردەم بېرىش نامى
دا «مەركەز ئارمىيىسى»نى شىنجاڭغا كىرگۈزمەكچى بول
غان ئىدى. شىڭ شىسەي ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا كىر
مىدى. جۇشاۋلياڭ ئۆز ئىشىدىن ھېچقانداق نەتىجە چى
قىرالماي قۇرۇق قول قايتىپ كەتتى.

شىڭ شىسەي «مەركەز ئارمىيىسى»نىڭ شىنجاڭغا



كىرىشكە قوشۇلمىغانلىقتىن، چۇڭچىڭ تەرەپ 1942 -
يىلى سۇڭ مېيلىڭ بىلەن شىڭ شىسەي سوھبەت ئېلىپ
بارغاندا شىڭنىڭ مەركەزنىڭ ھەربى ئىشلار كادىرلى
رىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ قىسىملارنىڭ ھەربى مەشق ئىشى
لىرى ۋە ئۇلارنى تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرىغا ياردەملى
شىشىنى قارشى ئالىمىز، دېگەن مەزمۇندىكى كېلىشىمدىن
پايدىلىنىپ «ھەربى ئىشلار كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا ئە
ۋەتىدىغان كادىرلار ئەترىدى»نى تەشكىللىدى.

1942 - يىلى سۇڭ مېيلىڭنىڭ شىنجاڭغا قىلغان
سەپىرىدىن كېيىنلا، گومىنداڭ چىڭدۇ مەركىزىي ئوفىتسې
رلار مەكتىۋىدىن بىر تۈركۈم ھەربى ئوقۇتقۇچىلار
ئاجرىتىپ، ئۇلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ شىڭ شىسەينىڭ
ئەسلىدىكى شىنجاڭ ئوفىتسېرلار مەكتىۋىنى ئاساس قىلى
غان ھالدا مەركىزىي ئوفىتسېرلار مەكتىۋىنىڭ 9 - شۇ
بە مەكتىۋىنى قۇرغان ئىدى. بىراق شىڭ شىسەي 9 -
شۇبە مەكتەپنى قاتتىق تىزگىنلەپ تۇرغانلىقتىن، ئۇيەر
گە ئەۋەتىلگەن خادىملار كۈنبويى بىكار يۈرىدىغان
بولدى. چۇڭچىڭ دائىرىلىرى شۇ چاغلاردا شىنجاڭغا
يەنە زور تۈركۈمدە ھەربى كادىرلارنى ئەۋەتكەندە شىڭ
شىسەينىڭ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قىسىملىرىغا ئورۇنلاشتۇر
مايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە كادىر ئەۋەتكەنلى
گى، مەركەزنىڭ شىنجاڭغا چوقۇم كادىر ئەۋەتىش ۋە
شىنجاڭ قىسىملىرىنى كونتۇرۇل قىلىش ئىرادىسىنى

ئىپادىلەش ئارقىلىق شىڭشىسەيگە بېسىم ئىشلىتىش ئىدى
مەن ئەسلىدە شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن كادىرلار ئەترە
نىڭ بىر ئەزاسى ئىدىم. شۇڭا مەن ھازىر بۇ ئىشنىڭ باش
ئاخىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

1944 - يىلى 4 - ئايدا يەنى جۇشاۋلياڭنىڭ شى
شىسەي بىلەن قىلىشقان «مەركەزئارمىيىسى» نى شىنجاڭ
يۆتكەش توغرىسىدىكى سۆھبىتى نەتىجىسىز بولغاندى-
كېيىن، جياڭجيېشى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا ئارمى
سىياسىي ئىشتاۋى، ھەربىي قوماندانلىق ئىشتاۋى، ھەر
تەلىم - تەربىيە ئىشتاۋى ۋە مەركىزىي ھەربىي مەكتەۋىد
كى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەكشۈرۈش باشقا
مىسىدىن ئوفىتسىرلارنى تاللاپ شىنجاڭغا ئەۋەتىش
توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئالاقىدار تارماقلاردى
كىشىلەرنى تاللىغاندىن كېيىن ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنى
بەنگۇڭتىڭى بىلەن ئۇنۋان بېرىش نازارىتى بىرلىكتە
تەكشۈرۈپ ئىمتىھان ئالدى. ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەردى
يەنە ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىر
لىنۋى ئۆزى بىۋاسىتە ئېغىزچە ئىمتىھان ئالدى (يەنى
ئايرىم سۆزلەشتى). ئەڭ ئاخىرىدا مايور دەرىجىلىك
ئوفىتسىرلاردىن 107 نەپەر كىشىنى تاللاپ بېكىتىپ
ئۇلارنى «ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتىد
غان كادىرلار ئەترىتى» قىلىپ تەشكىللىدى. ئارقىدىنلا
جياڭجيېشى بۇ كادىرلار ئەترىتىنىڭ بىرقانچە مەسئۇللىر



نى ئۆزى بىۋاسىتە چاقىرتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دەيجۈن،
جاڭجىز، يىنجۇجي، جاۋكۇنجى ۋە مەن قاتارلىقلار بار.
ئۇ مۇنۇ 3 نۇقتىدا يوليورۇق بەردى. 1 - شىڭ دۇبەننىڭ
قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ، ئەسلىدىكى شىنجاڭ قىسىملىرى-
نىڭ كادىرلىرى بىلەن سەممىمىي ئىتتىپاقلىشىش، 2 -
شىنجاڭ دۆلەت مۇداپىئەسىدىكى مۇھىم ئورۇن بولغاچقا
ئۇنى چوقۇم ياخشى قوغداش، 3 - ئالاكۆڭۈللۈك قىلىپ
قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ يېنىپ كەلمەي ئۆمۈرۋايەت
چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، چېگرا رايوننى قوغداش
ئىرادىسىنى تىكلەش. ھازىر شۇ چاغلاردىكى ئەھۋالنى
ئەسلەپ كۆرسەك، جياڭجيېشى بۇ سۆزلەرنى شىڭشىسەينىڭ
ئاڭلىشى ئۈچۈن قىلغان بولۇپ، جياڭجيېشى ئۆزىنىڭ
بىر تۈركۈم كىشىلىرىنى شىڭشىسەي قىسىملىرى ئىچىگە
سىڭدۈرۈپ كىرگۈزۈش ئارقىلىق شىڭشىسەي ئوفىتسىرلى-
رى بىلەن «سەممىمىي ئىتتىپاقلاشتۇرۇش» ھەربىي جەھەتتە
شىنجاڭنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىدىن بىشارەت
بېرەتتى.

جياڭجيېشى بىزنى چاقىرىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن
خې يىڭچىن «شىنجاڭغا بارىدىغان كادىرلار ئەترىتى»نىڭ
پودپولكوۋنىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنى
چاقىرتىپ باش شتاب ئىشخانىسىدا سۆھبەت يىغىنى
ئاچتى. خې يىڭچىن جياڭجيېشىنىڭ يوليورۇقلىرىنىڭ
ئاساسىي مەزمۇنىنى تەكرارلاپ ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە

شىنجاڭغا بارىدىغان كادىرلار ئەترىدىنىڭ تۇرمۇشىغا ناھايىتى غەمخورلۇق قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈردى، يول خىراجىتى ۋە كىيىم - كېچەكلەرنى كۆپرەك بېرىشكە ماقۇل بولدى.

كورۈنۈشتىن قارىغاندا جياڭ،خې قاتارلىقلار بى بىر تۈركۈم ھەربى ئىشلار كادىرلىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىشنى بىرچوڭ ئىشقاتارىدا كۆرۈپ، داقا - دۇمباقلار نى چېلىپ ئۇزىتىپ قويغان بولدى. ئەمما بىز چۈكچەك دىن يولغا چىققاندىن كېيىنلا ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. بىزگە ياكى ئايروپىلان ئاجرىتىپ ئاپىرى قويمىدى ياكى ئاپتوموبىل ئاجرىتىپ بىۋاستە شىنجاڭغا ئاپىرىپ قويماي، خۇددى ئادەتتىكى ماددى ئەشيالارنى يۆتكىگەندەك بولەكلەرگە بولۇپ توشىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتوموبىللار يولبويى بۇزۇلۇپ تۇردى، بىر كۈن يول ماڭساق 10 كۈن توختاپ قالدۇق. ئېھتىمال 5 - ئاينىڭ ئاخىرى 6 - ئاينىڭ باشلىرى چۈكچەكدىن يولغا چىقىپ 8 - 9 - ئايلارغا كەلگەندە ئاران دىگەندە شەنشىنىڭ باۋجىنىڭ دىگەن يېرىگە يېتىپ كەلدۇق ئادەتتىكى يولۇچىلار ئاپتوموبىلى ياكى سودا ئاپتوموبىل لىرى بىر قانچە كۈنلا ماڭىدىغان يولنى بىزنىڭ بى ھەيۋەتلىك «ھەربى ئىشلار كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن كادىرلار ئەترىدى»مىز خۇددى مۇھىم بولمىغا ھەربى ئەشيالاردەك 3 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت توشۇلدۇق



نىمە ئۈچۈن بۇنداق ئاستا ماڭىمىز؟ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، ئوچۇغراق قىلىپ ئېيتقاندا «مەركەز»نىڭ زور تۈركۈمدە ھەربى كادىرلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتكەنلىكىنى شىڭ شىسەيگە نامايەن قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە شىڭ شىسەيگە ئويلۇنۇش ۋاقتى بېرىپ ئۇنىڭ شىنجاڭ-دىكى ھەربى ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ گومىنداڭنىڭ شىن-جاڭغا ھەربى قىسىملارنى كۆپرەك كىرگۈزۈشىگە يول قو-يۇشنى ئۈمىت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

جياڭجيېشىنىڭ بۇ ئويۇنى ئاستا - ئاستا قويۇ-لۇۋاتقاندا، يەنى «شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن كادىرلار ئەترى-دى» تاشيولدا سورەلمىلىك بىلەن ئاستا كېلىۋاتقان پەيتتە، شىڭشىسەي ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پادىشالىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك ھىيلە - نەيرىڭىنى ئىشلىتىپ ئاتالمىش «ئاۋغۇست ۋەقەسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەت-كەن پارتىيە - ھوكۈمەت كاتتىۋاشلىرىغا «قوزغىلاڭ كۆتىرىشنى پىلانلاپ شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋې-تىشكە ئۇرۇندى» دىگەن جىنايەتنى ئارتىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئالدى. بۇ ئارقىلىق گومىنداڭغا تەھ-دىت سېلىپ سوۋېت بىلەن يەنە بىر قېتىم ئەپلىشىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆردى. شىڭ شىسەينىڭ بۇ ئىككى يۈزلىمىلىك ئويۇنى نەتىجىسىز قالدى. سوۋېت تەرەپ «ئىچكى ئىشلارغا ئارىلاشمايمىز» دەپ پوزىتسىيە بىل-

دۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇرۇكنەنىڭ شىنجاڭ
تۈرۈشلۈق قىسىملىرى ئوقنى كىرىچنىڭ ئۈستىگە قويۇ
تەييار تۇرغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى، ئىلى، تارباغ
تاي، ئالتايدا توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يە
كەن ئىدى. مانا بۇ ئۈچ ئېغىر بېسىم ئاستىدا شىڭ ش
سەي باشقا ئامالى يوقلۇقىدىن نائىلاج شىنجاڭدى
ئايرىلدى.

شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلىش بىلەنلا بىزنى
بۇ ئاتالمىش «شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن كادىرلار ئەترىتى
مىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى
تۆۋەندە «شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن كادىرلار ئەترىتى»نى
ئاقىۋىتى ۋە بىزگە ئوخشاش پايدىلىنىپ تاشلانغان ك
شىلەرنىڭ كېيىنكى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى.

9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىز باۋجىگ
ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا قىلغا
سەپەرنى توختىتىپ، شۇ جاينىڭ ئوزى
بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى تاپشۇ
رۇۋالدۇق. كېيىنچە بىزگە يەنە لەنجۇغا بېرىپ 8 - ئۇ
رۇش رايونى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ خىزمەتكە تەقس
قىلىشىنى كۈتۈش توغرىسىدا بۇيرۇق كەلدى. بىز 10
ئاينىڭ بېشىدا لەنجۇغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ چاغدا بىز
گە چوڭچىدا ئارقىتىپ بېرىلگەن 3 ئايلىق مائاش ۋ
يول خىراجىتىنى ئاللىقاچان ئىشلىتىپ بولغان، بەز



لەر پۇل قەرز ئېلىشقا باشلىغان ئىدى. 8 - ئۇرۇش را-
يونىنىڭ قوماندانلىق ئىشتابىغا پۇل ۋە ماددىي جەھەت-
تە ياردەم بېرىشنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلغان بول-
ساقمۇ، ئۇلاردىن ئاڭلىغان جاۋابىمىز: ھەربىي ئىشلار
كومىتېتىنىڭ بۇلىيورۇقىنى تاپشۇرۇۋالماي تۇرۇپ پۇل
بېرەلمەيمىز، كىيىم - كېچەك، تاماق، يېتىپ - قوپۇش
مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلالمايمىز. خىزمەتكە تېخىمۇ ئورۇن-
لاشتۇرالمايمىز دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ئەر - ئايال،
چوڭ - كىچىك 200 دىن ئارتۇق ئادەم ھەرقايسى
مېھمانخانىلارغا بولۇنۇپ ئورۇنلاشتۇق. ئوي ۋە تاماق
پۇلىنى تولەشكە ئامالسىز قالدۇق. تۇرمۇشىمىز مۈشكۈل
ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ قىسمىنىڭ ئىنتىزامى بوشىشىپ،
باشقۇرۇش تەسكە ئايلىنىپ قالدى، دەل مۇشۇ چاغدا
بەزىلەرنىڭ لەنجۇدىكى ئەڭ چوڭ تاۋلىچۇن ئاشپۇزۇلى-
نى گېنېرال جۇشاۋلياڭنىڭ ئايلى ئاچتى، دېگەن سوز-
نى ئاڭلاپ قالدۇق. بۇ سوزنى ئاڭلىغان بىر قىسىم
ياش، بويتاق كادىرلار ئولتۇرالماي قالدى - دە خۇددى
ھەسەل ھەرىلىرىدەك تاۋلىچۇن ئاشپۇزۇلىغا قاراپ يۈ-
گۈرۈشتى. ئۇلار ئاشپۇزۇلدىن سەي - ھاراق ئېلىپ تا-
زا يەپ - ئىچىپ تويۇۋالغاندىن كېيىن، جىڭلىغا بۇ-
نى جۇشاۋلياڭ ھىساۋىغا يېزىپ قويۇشنى، جۇشاۋلياڭ
پۇل تارقاتقاندا، ئاندىن تولەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مۇ-
شۇنداق قىلىپ ئىككى كۈن تاماق يېدۇق. بۇنىڭدىن ھەر-

بى قوماندانلىق مەھكىمىسىدىكىلەر ئۇپكىسىنى بېسىۋا
لالماي قېلىشتى. سەنمۇجاڭ جاڭ × × ھەممىسىنى يىغ
سىز قىلدى. ئالدى بىلەن قالپاق كىيگۈزۈپ بىرد
قورقىتىپ باقتى. كوپچىلىك بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەز
لەندى. شۇنىڭ بىلەن سەپ ئىچىدىن بىرسى سوئال س
رىدى. جاڭ بۇلارنى باسقىلى بولمايدىغانلىقىنى كورۇ
ساختىلىق بىلەن كۈلگەن ھالەتتە: «گەرچە ھەربى ئى
لار كومىتېتى — سىلەرنىڭ خىراجىتىڭلارنى ئەۋەت
بەرمىگەن بولسىمۇ، قوماندانلىق ئىشتاۋى سىلەرنىڭ ق
يىنچىلىقىڭلارنى كورۇپ تۇرۇپ كارى بولماي تۇرالما
دۇ. ھازىرچە سىلەرنىڭ بىر قانچە كۈن تۇرمۇشىڭلارن
قامداپ تۇرۇشىڭلار ئۈچۈن ۋاقتىنچە ئازراق پۇل قە
بېرىپ تۇرايلى» دىدى. يەنە خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئوتكە
دىن كېيىن ھەربى ئىشلار كومىتېتى ئاجراتقان پۇل ۋ
8 - ئورۇش رايونىنىڭ بىزگە خىرمەت تەقسىم قىلى
بېرىش توغرىسىدىكى تېلېگراممىسى يېتىپ كەلدى. ئە
ما 8 - ئورۇش رايونىدىكىلەر يەنىلا ۋاقتىنى كەينىگ
سۈرۈپ بىزگە خىزمەت تەقسىم قىلىپ بەرمىدى. كوپچ
لىك ئامالسىز تارقىلىپ كېتىشتى. بەزىلەر چۇڭچىڭغ
كەتتى، بەزىلەر ئوزلىرى چىقىش يولى تاپتى. شۇنى
بىلەن بىرقانچە كۈندىلا 100 دىن كوپرەك ئادەمنىڭ ي
رىمى تاراپ كەتتى. قالغان قىسمىنى 8 - ئورۇش ر
يونى گەنسۇ ھەربى ئىدارە قىلىش رايونىنىڭ قوماندا



لىق ئىشتاۋىغا ۋە ئامانلىقنى قوغداش قوماندانلىق ئىش-
تاۋىغا ئورۇنلاشتۇردى. پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا
كېيىنرەك شەخسى مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا
كەلدى، مەسىلەن: 128 - بىرىگادىدىكى دەي جۈن، مۇدا-
پىە باش گارنىزونىدىكى پەن رۇڭلى، لى ۋىنيى، تەيىن-
لەش ئىدارىسىدىكى جاڭ جۇ، تاڭ شۇشۇ، دىۋىزىيە باش-
قۇرۇش رايونىدىكى جاۋكۇنجى قاتارلىق 10 نەچچە كى-
شى. مانا بۇ بىر مەھەل داغدۇغا پەيدا قىلغان «ھەربى
ئىشلار كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن كادىرلار ئەت-
رىدى» مۇشۇنداق تۈگەشتى.

1979 - يىلى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

# جۇشاۋلياڭنىڭ بەن گەنى 1945 - يىلى چوچەككە تەشۋىق - ھال سوراشقا ئەۋەتكەنلىكىنىڭ باش - ئاخىرى

ئۇۋياڭ، ۋېنلىڭ

## 1. جۇشاۋلياڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنكى ھەربىي ۋەزىيەت

1944 - يىلى 9 - ئايدا شىڭ شىسەي كەتكەندىن كېيىن، جۇشاۋلياڭ غەربىي شىمالنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. شىنجاڭنى شەخسەن ئۆزى تۇتۇپ، ب... يەرنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇردى. گەنسۇدىن يۆتكەپ كەلگەن خۇزۇڭنەن قىسمىنىڭ 29 - ئار... مىيىسىنى ئاساس قىلىپ شىڭشىسەينىڭ قالدۇق پىيادە، ئاتلىق قىسىملىرىنى ئالتاي، چوچەك ۋەجەنۇبىي شىنجاڭغا ئورۇنلاشتۇردى. 29 - ئارمىيىدىكى خۇزۇڭنەن قىسىملىرىنى بولسا تيانشاننىڭ شىمالى تە... رىپىنى يەنى قۇمۇلدىن - ئىلىغىچە بولغان جايلارنى ساقلاشقا قويدى. ئۇنىڭ گېنېرالى لى تيېجۈن خۇزۇڭنەن... نىڭ قول ئاستىدا بۇرۇندىن ئىشلەپ كەلگەن كىشى ئى...



...دى. باش ئىشتاپ قۇمۇلغا ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇ يەنە ...يېڭى 2 - كورپۇسنىڭ قوماندانلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەيت... ...تى، يېڭى 2 - كورپۇس شىنجاڭغا كىرگەندە شىيىفىڭ كورپۇس قوماندانلىقىغا تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، لى تيېجۈن باش ئىشتابىنىڭ كولىمى كىچىك، كېلىدىغان نەپ ئاز دەپ يېڭى 2 - كورپۇسنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ تاپشۇرۇشقا ئۇنۇمىدى، شىيىفىڭ ئامالسىز لەنجۇدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى 2 - كورپۇسنىڭ ئىشتاۋىمۇ قۇمۇلدا بولۇپ قالدى.

1944 - يىلى قىشتا 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ئىلىدا پارتلاپ بارا - بارا ئالتاي - تارباغاتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەتكە كېڭىيىپ ھەيۋەتلىك تۈس ئالدى. جۇشاۋلياڭ ئالدىراپ - تېنەپ ئۇرۇشقا ئاتلاندى. ئۇ بىر تەرەپتىن جياڭجيېشىغا تېلېگىرام يوللاپ گەنسۇدىكى خۇزۇڭنەن قىسىملىرىنى ياردەملەشتۈرۈش ئۈچۈن تېزدىن يۆتكەپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭدىكى ئەسلىدە بار قىسىملاردىن يۈەنلىگيۇن دىۋىزىيىسىگە ئالتاينى، دوربىلجىن قوماندانى شۈي × × گە چوچەك - دوربىلجىنلەرنى قاتتىق قوغداپ ئالتاي بىلەن شىخۇ ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئىشلىرىغا ھەقىقى كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 29 - ئارمىيىنىڭ ئىشتاۋىنى جىڭغا يۆتكەپ، ئىلىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا قوماندانلىق قىلىشنى

كۈچەيتىپ، گوچى دىۋىزىيىسىنى ئىلىغا ھۇجۇم قىلىش
قا ئالدىراتتى، بۇ چاغدا شىيىنفىڭ لى تىيىجۈندىن
يېڭى 2 - كورپۇسنى ئۇتكۇزۇۋالدى. ئاندىن يېڭى
2 - كورپۇس شىخۇغا يوتكەلدى. لى تىيىجۈن جىڭ
ئالغا قوماندانلىق پونكىتى تەسىس قىلدى. مانا بۇ ش
چاغدىكى ھەربى ئۇرۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى.

بىراق خۇزۇگنەننىڭ گەنسۇدا قالغان قىسىملىرى
دىن ئاران بىر تولۇقلانغان بىرىگادىلا بار ئىدى
بۇ بىرىگادا ئۇنىڭ تايانچ كۈچى ھىساپلىناتتى. ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇ 191 - دى
ۋىزىيە قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ئۇنىڭغا ۋۈيۈنجۇ ۋە يا
دېلياڭ قاتارلىقلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ دىۋىزىيە
باشلىغى بولدى. قالغان قىسىملار ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇشتىن كېيىنكى كېڭەيتىپ قۇرۇلغان قىسىملا
بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھىچقانداق ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسى
يوق ئىدى. گوچى دىۋىزىيىسى شىنجاڭغا كەلگەندىن
كېيىن ئۇلاردا ھاۋاكېلىماتى سوغاق جايلاردا ئۇرۇش
قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان قورال - ياراق يوق بولغانلىق
ئۇستىگە بۇ خىل ھاۋا كېلىماتىدا ئۇرۇش قىلىشقا ماس
لىشىدىغان تەربىيە كەمچىل ئىدى. ئۇلار
ماناسقا كەلگەندە، پىيما، جۇۋا تارقىتىپ
بېرىلدى، لېكىن پۇتىغا يوگەيدىغان
پايتىما بېرىلمىگەچكە، ئەسكەرلەر پىيمىلارنى يالىڭاياق



كىيىۋىلىپ يول ماڭالماي قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە 1944 -
يىلى قىشتا شىمالىي شىنجاڭدا قېلىن قار ياغدى، قومۇل-
دا چۇشكەن قارنىڭ قېلىنلىغى 40 سانتىمېتىردىن ئاش-
تى. بۇ ئەھۋال 60 يىلدىن بۇيان كورۇلۇپ باقمىغان
ئىدى. قىسىملار ئىلى دەرياسىغا يېتىپ كەلگەندە كوۋ-
رۈك ياساشقا ۋاقىت بولمىغاچقا، دەريانى كېچىپ ئۆتۈش-
كە توغرا كەلدى. ئەسكەرلەر كىيىۋالغان پىيمىلىرى بىلەن
سۇغا كىرگەنلىكتىن، قىرغاققا چىققاندا دەرھال توڭلاپ
قالدى. ئەسكەرلەرنىڭ پۇتلىرى يېرىلىپ نالە - پەريات
ئىچىدە ئۇرۇش قىلغۇدەك ھالى قالمىدى. نەتىجىدە ئىلى
ئارمىيىسى بىر ھۇجۇم بىلەنلا تار - مار كەلتۇردى.
دىۋىزىيە باشلىغى گوچى ئەسىرگە چۇشتى، ئۇلار بىرىن-
چى قېتىملىق ئېلىشىشتىلا يېڭىلگەنلىكتىن ئۇرۇمچى تە-
رەپ تەۋرەپ كەتكەن ئىدى.

3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي كۈچلىرى جەڭ قىلىش بى-
لەنلا غەلىبە قازانغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ روھى زور دەر-
جىدە كوتىرىلدى. تارباغاتاي، ئالتاي ئىنقىلاۋىي كۈچ-
لىرى بۇ غەلىبىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا ئىنتايىن تېزلىك-
تە زورايدى. يۈەن لىگيۈن دىۋىزىيىسى ئالتاي، تاربا-
غاتايلاردا قورشاۋدا قېلىپ، ئەس - ھۇشىنى يوقىتىپ جۇ-
شاۋلياڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ جىددى تېلېگىرامما
يوللىدى. مانا بۇ جۇشاۋلياڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلغان-
دىن كېيىنكى ھەربى ئىشلار ۋەزىيىتى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

## 2. جۇشاۋلياڭنىڭ ۋەزىيەتكە قاراپ يول تۇتۇش تەدبىرى

ئېلى تەرەپتىكى ئىنقىلابىي قوشۇن دېرىزىلىك بىلەن شەرق ۋە شىمال تەرەپلەرگە كېڭەيمەكتە ئىدى. جۇشاۋلياڭ جياڭجېشىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ خۇزۇڭنەن قىسىملىرىنى دەرھال ياردەمگە ئە...
ۋەتىشىنى تەلەپ قىلىپ ئالدىراتتى. ئۈرۈمچىنىڭ شىما...
لىنى قوغداش ئۈچۈن شۈي رۇچېننىڭ 45 - دىۋىزىيىسى...
نى چەتكە يۆتكىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئېلى تەرەپنىڭ شەرقتىن...
ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن 58 - دىۋىزىيىنى...
ئەرتەيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، غەربىي لىنىيىنى ۋاقىتىنچە...
تۇراقلاشتۇردى. ئەمما شىمالدىكى ئالتاي، تارباغاتايلار...
نىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا جىددىي ئىدى. ئالتايدا قورشاۋدا...
قالغان يۈەن لىگيۈن دىۋىزىيىسىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى...
ئاجىز، ئوق - قورال، كىيىم - كېچەك، ئاشلىق، داۋالى...
نىش قاتارلىقلار تولىمۇ ناچار بولغاچقا، بۇ نەرسىلەرنى...
تولۇقلاپ بېرىشنى كۈتۈپ تۇرۇشقان ئىدى. دوربىلجىن...
قوماندانلىق ئىشتاۋىغا قاراشلىق قىسىملار شىڭ شىسەي...
نىڭ سابىق پىيادە ئاتلىق قىسىملىرىدىن ئايرىلاشتۇرۇپ...
تەشكىللەنگەن ئىدى. لى جىڭشىڭنىڭ پىيادە ئەسكەرلە...
پولكى قوبۇقساردا تۇراتتى. يەنە بىر پىيادە ئەسكەرلە...
پولكى دوربىلجىن، شامال ئوتەك① قاتارلىق جايلارنى ئو...

① مەزكۇر جاي ئەسلى ئىسمى بويىچە سارغۇسۇن دەپ...
ئاتىلىدۇ، ئۇيغۇرچە ھازىرغىچە شامال ئوتەك دەپ يۈرگۈزۈ...
لۈپ كەلمەكتە.



...ئىچىگە ئالغان تاشيول لىنىيىسىگە ئورۇنلاشتى. بۇلارغا
...ئىستىھكامنى پۇختا ساقلاش ۋە قاتناشنىڭ بىخەتەر-
...لىكىنى قوغداش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان ئىدى. بۇ
ئايرىلاشما قىسىمنىڭ ئەسكەرلىرى ھەر مىللەتتىن تەركىپ
تاپقانلىقى ئۈچۈن، جەڭچىلەرنىڭ قەلبى داۋالغۇپلا تۇ-
راتتى. يۈەن لىگيۈن ئارقا - ئارقىدىن جىددىي تېلې-
گرامما بېرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ھەتتا تەھدىت سالغان
ھالدا: «ئەگەر ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم بېرىلمىسە، مەن
دەرھال ئۈرۈمچىگە قايتىپ خىزمىتىمدىن ھېساپ بېرە-
مەن» دېدى. جۇشاۋلياڭ ئەسلىدە ئەسكەرسىز گېنېرال
ئىدى. گەنسۇدا تۇرۇشلۇق خۇزۇڭنەن قىسىملىرىدىن يۆت-
كەيدىغان ئەسكەرمۇ قالمىغان ئىدى. مانا مۇنداق ئەھ-
ۋالدا، ئۇ ئەمەلدارلىق كىبىرى بىلەن يۈەن لىگيۈنگە:
«ئىستىھكامنى جان تىكىپ قوغداپ ياردەمنى كۈتۈش،
بىر سۆك يەرنىمۇ قولدىن بەرمەسلىك» توغرىسىدا تېلې-
گرام ئەۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق ئامال قىلالمىدى.
مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇ ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىلەر
باشلىقى ۋاڭ ۋېنتيەن ۋە ئامانلىقنى قوغداش ئىشتاۋىنىڭ
مەسلىھەتچىلەر باشلىقى يۈدا قاتارلىق يۇقۇرى دەرىجى-
لىك مەسلىھەتچىلىرىنى چاقىرىپ، ئەھۋالغا قاراپ يول
تۇتۇش پىلانى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ، يۈەن قوشۇنى-
نىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئالدى
بىلەن تولۇقلاپ بېرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، ھال

سوراش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا قورال - ياراق
دورا - دەرمەك ئاپىرىپ بېرىشنى قارار قىلىشتى. ب
قارار 1945 - يىلى 5 - ئايدا ئاندىن ئەمەلگ
ئاشۇرۇلدى.

## 3. ئالتايغا ئەۋەتىلگەن تەشۋىق قىلىش - هال سوراش گۇرۇپپىسى

جۇشاۋلياك، يۈەنلىكيۈن ۋە ۋالىگاۋبۇ بۇلار
نىڭ كوڭلىنى ياساپ، ئۇلارنىڭ ئالتايىنى جان تىكس
قوغدىشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن قوماندانلىق ئىشتاۋ
دىكى ترانسپورت قوماندانى بەنگەننى هال سوراش
گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى هەم ئۇزىنىڭ ۋەكىلى
سۈپىتىدە ئالتايغا بېرىپ هال سوراش هە
ئوق - دورا، كىيىم - كېچەك، ئاشلىق، دورا - دەر
مەك قاتارلىق بۇيۇملىرىنى ئاپتوموبىل باتالىيونى ۋ
شىنجاڭ تاشيول ئىدارىسىنىڭ 60 دانە ئاپتوموبىلىغا
بېسىپ كېچىلەپ ئالتايغا يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. مەن
بۇ توشۇش ئىشىغا باشتىن - ئاخىر قاتناشتىم. بۇنى
تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن:

(1) يەپ - ئىچىش، ئويۇن - تاماشاغا ئادەتلەن
گەن «ترانسپورت قوماندانى» بەنگەن خىيانەتچىلىك
قىلىپ بايلىق توپلاشقا ئۇستا، هەربى ئىشلار بىلمىلىرد



دىن خەۋەرسىز، شۇنداقلا «قارا قوساق» قابىلىيەتسىز
ئادەم ئىدى. بەنگەندىن باشقا يەنە ئالتايدىكى قىسىملار-
نىڭ داۋالىنىش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە شىپاخانىنىڭ
پولكوۋنىك دەرىجىلىك باشلىقىنى ئەۋەتتى. ئۇندىن
باشقا ئامانلىقنى قوغداش ئىشتاۋىنىڭ پولكوۋنىك دەرىجە-
لىك بولۇم باشلىقىنى ئاشلىق، يوتقان - كورپە، كىيىم-
كېچەكلەرنى تاپشۇرۇپ بېرىش رەسمىيەتلىرىنى
بېجىرىشكە ئەۋەتمەكچى بولدى. ئوزۇق - تولۇك،
كىيىم - كېچەك باشقارمىسى مېنى بۇخىزمەتكە تەيىنلىدى.

بەنگەن جۇشاۋلياڭنىڭ يېنىدىكى كانىۋايلاردىن بو-
لۇپ، جۇجەمەتىگە سادىق خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلتى-
پاتىغا ئېرىشىپ، ناهايىتى تېز كوتىرىلىپ ترانسپورت
باشلىقى بولغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ خۇپىيانە ۋەزىپىسى
جۇنىڭ رەپىقىسىنىڭ بۇيرۇغى بىلەن شاڭخەي، شياڭگاڭ،
لەنجۇغا چېپىپ يۈرۈپ، كەڭ كولەمدە جازانىخورلۇق، ها-
يانكەشلىك قىلىش ئىدى. بۇنداق ئادەمنى تەشۋىق قى-
لىش - هال سوراش ئىشىغا ئەۋەتىش تولىمۇ كۈلكىلىك
ئىش ئىدى.

(2) يولغا چىقىش ئالدىدىكى تەييارلىق: ترانس-
پورت ئاپتوموبىللىرىنى باشقۇرۇش ئىشى ماڭا تاپشۇرۇل-
دى. ئۇرۇمچىدە ئوق - دورا، قورال - ياراق، يوتقان -
كورپە، كىيىم - كېچەك، دورا - دەرمەك ۋە هال سوراش
بۇيۇملىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە قاچىلىدۇق، ئاشلىقنى

بولسا قوبۇقساردىن قاچىلماقچى بولۇپ يولغا چىقتۇ
ئالاھىدە ئىشلار پولكىدىكى 2 - باتالىيوننىڭ باتالىي
كوماندىرى يەن 2 پىيادە ئەسكەرلەر لىيەنى بىلەن مۇھ
پىزەت قىلىپ مېڭىشقا تەيىنلەندى. شۇ چاغلاردا ئالتا
ۋەزىيىتى ئېنىق بولمىغاچقا، ئالتايغا ۋەزىيەت ئوتەش ئۈ
چۈن بېرىش ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشدەيدىغان
شەنچىلەربار ئىدى. شۇڭلاشقا يولغا چىقىش ئالدىداكو
لىگەن ئائىلىلىكلەر خۇددى ئۆلۈم ئۇزاتقاندەك يىغا-زا
قىلىشىپ كېتىشتى. ئۇزۇق-تۈلۈك، كىيىم - كېچەك با
قارمىسىنىڭ باشلىغى لۇجيەن چۇڭچىڭغا كەتكەن بو
غاچقا مۇئاۋىن باشقارما باشلىغى جاڭيۇ يولغا چىقىش
ئالدىدا ماڭا تەسەللى بېرىپ: «يولدا ئەھۋالغا قارا
ئىش كورۇڭ، ئاشلىقنى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن زور
تېپىلغاندا ئىلگىرىلەش ياكى چېكىنىشنى ئەھۋالغا قا
راپ بەلگىلىسىڭىز بولىدۇ» دېدى. ئۇنىڭ بۇيۇرۇتۇپ قو
يۇش خاراكتېرىدىكى سوزى ئايلىمغا قىلىنغان كاپالە
نامە بولۇپ ھىساپلىناتتى، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كوڭلۇم
دىمۇ سان بولدى.

بۇ چاغدا شىخۇ بىلەن ئالتاي ئوتتۇرىسىدىكى تاش
يول ئىلى تەرەپنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىشىگە ھە
ۋاقىت ئۇچراپ تۇراتتى، بىزدە جەمى 2 دانە جىپ ما
شىنا ۋە 60 دانە يۈك ئاپتوموبىلى بولۇپ، بۇنداق ھەي
ۋەتلىك تىرانسپورت قىسىملىرى ئاسانلا ئاشكارىلىنىپ



ۋالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يوشۇرۇن زەربە بېرىشكە ئۇچ-
رىشىمىز تۇرغان گەپ ئىدى.

(3) ئۈرۈمچىدىن قوبۇقسارغا بېرىش: 1945 - يىلى
- ئاينىڭ باشلىرىدا 60 دانە ئاپتوموبىل تۈركۈمگە
بولۇنۇپ دوربىلجىنگە بېرىپ توپلاندى. 2 جىپ ماشىنىدا
بىز ئۈچىمىز ئولتۇراتتۇق، قوماندان ئۆزىنىڭ باشلىق-
لىق سالاپىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، يول ئۈستىدە بىز بى-
لەن پاراڭ سېلىشمايتتى. شىخۇغا بارغاندىن كېيىن بىز
مېھمان كۈتۈشكە بولۇنۇپ ئورۇنلاشتۇق. شىخۇ شې يې-
ڭنىڭ كورپۇس ئىشتاۋى ئورۇنلاشقان جاي بولۇپ، شې
يىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە
خۇزۇگنەننىڭ 78 - دىۋىزىيە 468 - پولكىنىڭ پولك
كوماندىرى بولغان چاغدا، مەن سىياسى بولۇم مۇدىرى
ئىدىم. ئىككىمىزنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىمىز بىر قەدەر
قويۇق ئىدى. مەن مېھمانخانىغا چۈشكەندىن كېيىن، كور-
پۇس ئىشتاۋىغا ئۇنى يوقلاپ باردىم. بارسام بەن گەن
مەندىن بۇرۇنراق بېرىپ بولغان ئىكەن. شې بىلەن
ئىككىمىز كوپ يىللاردىن بۇيان كورۇشەلمىگەنلىكىمىز
ئۈچۈن خوشال - خورام ئەھۋاللاشتۇق، مەن ئۇنىڭ ئىز-
زەت - ھورمەت قىلىشىغا سازاۋەر بولدۇم، شې يىڭنىڭ
ماڭا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىغىنى كور-
گەن بەن گەن ھاڭ - تاڭ قالدى. ئەمەلدارلىق كىبىرى
بىردەمدىلا يوقاپ مەن بىلەن ئەھۋاللىشىپ كەتتى. تا-

ماق يەۋېتىپ شى مەندىن «نىمە قىيىنچىلىقىڭلار بار؟
دەپ سورىدى. مەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ مەسخىر
قىلغان ھالدا: «قوماندانىمىز تۇرۇۋېتۇ. ئۇ ھەممە ئىشنى
ئەتراپلىق ئويلىيالايدۇ!» دېدىم. بەن گېن: «بىزنىـ
ھېچنىمىگە ھاجىتىمىز يوق» دېدى. شى ئىككىمىزنىـ
ئانچە كېلىشەلمەيدىغانلىقىمىزنى سېزىپ، يەنە ماڭا قا
راپ: «سىزنىڭچۇ؟» دەپ سورىدى. مەن ئۆز پىكرىمنى
ئوتتۇرىغا قويدۇم: «شى جۇنجاڭ سىزگە مەلۇم، يو
تىنىچ ئەمەس، بىز بىر مۇنچە يۈك بىلەن يولغا چىققۇ
مېنىڭچە قارشى تەرەپنىڭ دىققىتىنى ئاللىبۇرۇن قوز
غاپ قويغان بولۇشىمىز مۇمكىن، بەن قوماندان مەسىلـ
يوق دەيدۇ، دەرۋەقە مەسىلە بولماسلىقى مۇمكىن»، «سـ
ئۆز كۆز قاراشىڭىزنى قويۇپ بېقىڭ» دېدى شى. مەن
«بىزنىڭ ئاران 2 لىيەن پىيادە ئەسكىرىمىز بار. ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇچۇقچىلىقتا تۇرۇۋاتىمىز، ئېھتىمال مۇھا
پىزەت كۈچلىرىمىز يېتىشمەس، جۇنجاڭ ئەگەر ماڭا ئى
تىۋار قىلسىڭىز، ھەر جەھەتتىن بىخەتەر بولۇش ئۈچۈن
بىزگە ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىشقا 2 دانە
كىچىك زەمبىرەك ئارىيەت بەرسىڭىز» دېدىم. شى ئويلا
كورۈپ مەرتلىك بىلەن قوشۇلدى ھەمدە بىر نەپەر پەي
جاڭنىمۇ بىزگە قوشۇپ بېرىدىغان بولدى، بۇ چاغدا
مەنمۇ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان قوماندانغا ئۆزەم
نىڭ كىبىرىمنى كورسىتىپ قويدۇم.



ئىككىنچى كۈنى دوربىلجىنگە يېتىپ باردۇق. يولدا
ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى، ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن
كېيىن تەخمىنەن سائەت 3 لەردە قوبۇقسارغا يېتىپ بېرىپ
جياۋجاپىڭ «ۋاڭ» ئوردىسىغا چۈشتۇق. قوبۇقسارنى
كوماندىر شۇبىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى ساقلايتتى.
پولكوۋنىك شۇي ئېغىر - بېسىق، ساغلام كىشى بولۇپ،
ئەدەپ - قائىدە بويىچە بەنني يوقلاپ كەلدى. بەن ئۇنى
تەكەببۇرلۇق بىلەن كۈتۈۋالغانلىقتىن ئۇ كوڭۇلسىزلا
قايتىپ كەتتى. مەن ھازىر تازا ئادەم ئىشلىتىدىغان
پەيت تۇرسا، بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان قىسىملارغا ھورمەت
سىزلىك قىلغان بىلەن بىخەتەرلىككە پايدىسىز دەپ
ئويلاپ ئۇنى ئۆز ياتاقخانامغا تەكلىپ قىلدىم. ئۇ مېـ
نىڭمۇ ئىچكىرىلىك ئىكەنلىكىمنى كورۈپ ئۆزىنى تارتـ
قاندەك قىلدى. مەن دەرھال ئالدى بىلەن ئېغىز ئېچىپ
ئوتتۇرىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى تۈگەتتىم. مەن ئۇنىڭدىن
نوۋەتتىكى ئەھۋاللار ۋە ئۇنىڭ قىسىملىرىنىڭ ئەھۋالىنى
سورۇۋىدىم، ئۇ: قازاقلار تەييارلىق كورۈپ بولدى، سىلەر
ئېھتىيات قىلىڭلار، مېنىڭ پولكىم كونا قىسىملاردىن،
جەڭ قىلىش كۈچى يامان ئەمەس، پەقەت يېڭى
يىلدىن بۇيان ئايلىق بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەسكەر-
لەرنىڭ كوڭلى تۇراقسىز بولۇۋاتىدۇ دېدى. مەن ئۇنىڭغا
مۇزاكىرىلىشىپ ھەل قىلىپ بېرەيلى دەپ جاۋاپ بەردىم.
پولك كوماندىرى شۇبىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن،

هاكىم مانىڭباك بەن بىلەن كورۇشكىلى كەلدى. بەن‌گەر
چوڭ بىيۇرۇكىراتلار بىلەن ئۇزئارا كولدۇرلىتىشىپ ئادەت
لەنگەن بولغاچقا، پولىك كوماندىرى، ھاكىم دىگەندەك
لەرنى كوزگە ئىلمايتتى. مانىڭباك ۋۇجۇڭشىنىڭ ئوقۇ
غۇچىسى ھەم مېنىڭ سىڭچۇەنلىك يۇرتدىشىم ئىدى. مەن
ئۇنى ئۇقۇۋالغاندىن كېيىن تەپسىلى ئەھۋاللىشىپ، ئۇ
نىڭغا ئاشلىق تەييارلاپ ماشىنىلارغا قاچىلاشنى ئۇقتۇر
دۇم، ئۇ مېنىڭ يۇرتدىشىم بولغانلىغى، ئۇنىڭ ئۇستىگ
ئوتتۇرىمىزدا ھايات ـ ماماتلىق مۇناسىۋىتى بولغانلىغى
ئۈچۈن ئۇ: «سىلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىڭلار ناھايىتى
خەۋپلىك، سىلەر شىخۇدىن چىققاندىن بۇيان مىش ـ مىش
گەپلەر كوپىيىپ كەتتى. مەن ئىگەللىگەن خەۋەرلەرگ
قارىغاندا قازاقلارنىڭ قوراللىق كۈچلىرى بۇگۇن سىلەر
گە قول سالماقچى ئىكەن، قوبۇقسارلاردا سىپىل يوق، خە
تەردىن مۇداپىيەلىنەلمەيسىلەر. سىلەرنىڭ بۇ ئازغىنە مۇ
ھاپىزەت كۇچىڭلار ئۇلارغا تاقابىل تۇرالماس، شۇڭا
بالدۇرراق تەييارلىق كورۇپ قويۇڭلار، مېنىڭچە سىلەر
نىڭ ھىلىقى قوماندانىڭلار ياخشى نەرسە ئەمەستەك قى
لىدۇ» دەپ ئۇچۇقلا ئېيتتى. مەن ئەھۋالنىڭ جىددىلىگى
نى ئۇقۇپ دەرھال ئۇنىڭدىن كوماندىر شۇبىنىڭ پولكى
ئىشەنچلىكمۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۇ: «قىسىملارغۇ بولىدۇ، لې
كىن ئۇزۇندىن بۇيان ئايلىق بېرىلمىگەنلىگى ئۈچۈن
ياردەملەشمەسلىگى مۇمكىن» دەپ جاۋاپ بەردى. مەن



ئويلاپ كورۇپ كوڭلۇمگە بىر لايىھىنى پۈكۈپ قويدۇم.
هاكىم خوشلىشىپ كەتكەندىن كېيىن مەن دەرھال بەن
گەننى تېپىپ، ئۇنىڭغا بۇگۇن كەچتە جەڭ بولىدىغانلىغى
توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېيتتىم. ئۇ ئەتەي بەخۇدۇك ھال
دا: «باتالىيون كوماندىرى يەن ئوبدان تەييارلىق قىل
سۇن!» دىدى. مەن: «هاكىم مانىڭ يەتكۇزگەن خەۋىرى
گە قارىغاندا قارشى تەرەپ بۇگۇن كېچە بىزگە ھۇجۇم
قىلىشنى پىلانلاۋاتسا كېرەك، ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى
بىزدىن 5 ھەسسە كوپ ئىكەن. يەنە كېلىپ بىز ئەھۋالنى ئۇقماي
مىز، بىزنىڭ ئازغىنە مۇھاپىزەت كۈچىمىز ئېھتىمال بەرداشلىق
بېرەلمەس، ئۇنداقتا ئەسىرگە چۈشۈشكە تەييارلىق قىل
ساق بولغىدەك» دىدىم. بۇ چاغدا ئۇ چوچۇپ كەتتى ھەم
جىددىيلىشىپ ئۇينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ
«سىزنىڭچە قانداق قىلساق بولىدۇ؟» دەپ سورىدى:
«ئامال بار» دىدىم، مەن شۇبىنىڭ پولكى ئاتلىق پولىك
جەڭ قىلىش ئىقتىدارى بىر قەدەر كۈچلۈك، ئەمما يېرىم
يىلدىن بۇيان ئايلىق تارقىتىلمىغانلىغى ئۈچۈن، ئەس
كەرلەرنى سوزگە كىرگۈزگىلى بولمايۋېتىپتۇ. بىز ئۇلار
غا ئايلىق بېرىدىغان بولساق ئۇلار ئەلۋەتتە «كۈچ چىقى
رىپ بىزنى قوغدايدۇ» دىدىم. ئۇ: «پۇلنىڭ ئورنى يوق»
دىدى. مەن: «سىزدە بولمىسا، مەندە بار، دوربىلجىن
دىن يولغا چىقىش ئالدىدا ھەربى بېكەتتىكىلەر يۇقۇ
رىغا تاپشۇرۇلىدىغان پۇلدىن 5 مىليارت يۇەن پۇلنى

ئالغاچ كېتىشىمگە تاپشۇرغان ئىدى. بۇ پۇلنى هازىرچ
ئىشلىتىپ تۇرۇپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ھىساپنى
دەپتەرگە قويساق بولىدۇ. سىز تەستىقلاپلا بەرسىڭىز
مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن دوكلات قىلىمەن»، دېدىم
ئۇ. مەن ئېيتقان چارىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ھو
دۇقۇش كەيپىياتلىرىمۇ پەسىيىپ قالدى.

(4) بەنگەنىڭ نەيرەڭۋازلىق قىلىشى: مەن دەر
هال شۇ يىنىڭ پولك ئىشتاۋىغا چاۋابەن زىيارەتكە بار
دىم. بىز نوۋەتتىكى ئەھۋاللار ئۈستىدە پاراڭلىشىپ
ھۇجۇمغا ئۇچراش خەۋپىنىڭ بارلىغىنى مۇقىملاشتۇردۇق
مەن ئۇنىڭغا ئامانلىقنى ساقلاش ئىشتاۋى ھەربى تەمى
ناتنى بېرىپ تۇرىدىغان بولدى. سىز دوكلات يېزىڭ
مەن تەستىقلىتىپ بېرەي، 2 پارچە 6 ئايلىق ھەربى
تەمىنات رويىخىتىنى تەييارلاپ قويۇڭ دېدىم. يەنە ئۇ
نىڭدىن: «5 مىليارت يۈەن پۇل يېتەمدۇ؟» دەپ سورىۋ
دىم، ئۇ، «تولۇق يېتىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى. مەن
ئامانلىقنى ساقلاش ئىشتاۋىغا ۋاكالىتەن ھەربىر لىيەنگ
10 دىن قوي، ھەربىر كىشىگە 4 سەردىن هاراق بېرىلى
دۇ، دەرهال ناھىيىلىك ھوكۇمەتكە بېرىپ ئېلىۋېلىڭلار
سائەت 7 دىن ئاۋال زىياپەت تەييارلاڭلار، بىزمۇ قاتنى
شىمىز دېدىم. بۇنى ئاڭلاپ شۇي ئىنتايىن خوشال بو
لۇپ كەتتى-دە. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا دوكلات يېزىپ ماڭا



تاپشۇردى. ئۇ مېنى ئۇزىتىپ چىققاندا، خاتىرجەم بو-
لۇڭ، مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەن مەسئۇل دېدى.

مەن يەنە ناھىيىلىك ھوكۇمەتكە بېرىپ هاكىم ماغا
قوي، هاراقلارنى تەييارلاپ پۇلىنى مەندىن ئېلىڭلار دې-
دىم. ھەممە ئىش پۈتكەندىن كېيىن، مەن قايتىپ بېرىپ
بەنگەنگە دوكلات قىلدىم ھەم دوكلاتنى چىقىرىپ ئۇنىڭ
تەستىقلاپ بېرىشىگە سۇندۇم. ئۇ چوڭ ئىشنىڭ مۇۋاپىق
ھەل قىلىنغىنىنى كۆرۈپ يېنىكلەشكەندەك بولدىدە، يەنە
مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ نەيرەڭۋازلىق قىلىپ
پۇل ئېلىش دوكلادىغا قول قويۇشقا ئۇنۇمىدى. ئۇ: «ئىس-
پات بولغاندىن كېيىن بولمىدىمۇ، مېنىڭ قول قويۇشۇم-
نىڭ نىمە هاجىتى بار، ياكى سىز ماڭا ئىشەنمەمسىز»
دېدى. شۇ چاغدا مەن بۇخىل مۇتەھەملىك پوزىتسىيىگە
نىسبەتەن تازا ئاچچىغىم كەلدىدە «بۇ رەسمىيەت ئىشى،
سىز تەستىقلىمىسىڭىز مەن قانداق تارقىتىمەن؟ مەن قانداق
هىساپ بېرىمەن؟» دېدىم. ئۇ: «بولمىسا سىز ماڭا ۋاكالى-
تەن تەستىقلاپ قويۇڭ» دېدى. مەن ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن
«شۇ بويىچە تارقىتىلسۇن» دەپ تەستىق سېلىپ، ئۇنىڭغا
ئۆزىنىڭ شەخسى تامغىسىنى باستۇرۇپ، بۇ بىرمەيدان
ئاۋارىچىلىقنى ئاياقلاشتۇردۇم. مەن 5 مىليارت يۈەننى
شۇي پولكىنىڭ ھەربى تەمىنات مۇدىرىغا تاپشۇرۇپ
بەردىم ھەمدە ئۇنىڭغا مەن ۋە بەن سىلىڭ سائەت 7 دە
زىياپەتكە بارىمىز دەپ ئۇقتۇرۇپ قويدۇم.

(5) جەڭ ئالدىدىكى سەپەرۋەرلىك: چۈشتىن كېيىن سائەت 7 دە بەن يەنە يالتىيۇەيلىپ سىز ماڭا ۋاكالىتەن بېرىپ كەلسىڭىز، دېدى. مەن ئامالسىز باتالىيون كوماندىرى يەن قاتارلىقلارنىڭ زىياپەتكە بېرىشىنى ھەممە كەچ سائەت 10 دىن ئاۋال جەڭ تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. بىز پولكقا بارغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن مەن سۆزگە چىقتىم. سۆزۈمدە گومىنداڭنى بىرماختىمۇيتىپ بارلىق ئوفىتسېر، جەڭچىلەرنى خاتىرجەملىك بىلەن زىمىننى قوغداشقا ئىلھام بەردىم ھەم جۇشاۋلياڭ ۋە ۋۇجۇڭشىنغا ۋاكالىتەن ئۇلاردىن ھال سورايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم، كوپچىلىكنىڭ خوشال - خورام يەپ-ئىچىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردۈم. پولكوۋنىك شۈيمۇ ئاددىلا جەڭ قىلىش يولىيورۇغىنى چۈشۈرۈپ، ھەر قايسى لىيەنلەرنىڭ يازما بۇيرۇقنى كۈتۈشىنى، سائەت 10 دىن بۇرۇن تەييارلىقنى پۈتتۈرۈشنى تاپىلىدى. مەن ۋە پولكوۋنىك شۈي ھاكىمما ھەر قايسى جوزىلارغا بېرىپ ھاراق تۇتتۇق. مەن تاماق يېگەچ پولكوۋنىك شۈيدىن قىسمىنىڭ جەڭ تەييارلىقى، ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋاللىرىنى سورىدىم. ئۇ: «ئايلىق تارقىتىلغاندىن كېيىن ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىق روھىنى كوردىڭىز، پولكىمىز دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدىن چىقىپ زەربە بېرىدۇ. سىز يەنىنىڭ باتالىيونى بىلەن ماددى ئەشيالارنى قوغداپ زورۇرتېپىلغاندا توپ ئېتىپ ھە-



مۇ دەپ مەدەت بېرىپ تۇرسىڭىزلا بولىدۇ. قارىغاندا بۇئون كېچە ئاۋارىچىلىق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ»، دېدى. مەن: «توپچىلارنىڭ رولى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئازدۇر-كۆپتۇر كەيپىياتنى ئۇستۇرۇشكە پايدىسى بولۇر، لېكىن ھەممىگە سىز قوماندانلىق قىلىسىز، بىز ئوز ۋاقتىدا ئالاقىلىشىپ تۇرايلى»، دېدىم. شۈي: «ئۇلارنىڭ مەقسىدى ماددى ئەشيالارنى بۇلاش، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرالايمەن»، دېدى. زىياپەت سائەت 8 لەر ئەتراپىدا ئاخىرلاشتى.

(6) بەن گەنىڭ ئورنىغا لوخۇڭتاۋنىڭ ئالتايغا بېرىشى:

1) لوخۇڭتاۋ خىزمىتىدىن قالدۇرۇلۇپ تەكشۈرۈپ چارە كورۇلۇشى: بۇرۇلتوقايدا تۇرۇشلۇق ھەربى لازىمەتلىكلەر پولكىنىڭ ھەممە توگە، ئاتلىرى بۇلاپ كېتىلگەن، قىسىملار تارمار قىلىنغان، جۇشاۋلياڭ پولكوۋنىك لۇخۇڭتاۋنى خىزمىتىدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى ئۇرۇمچىگە قايتۇرۇپ بىرتەرەپ قىلىنىشنى كوتۇشكە بۇيرىغان ئىدى. شۇكۇنى چۈشتىن كېيىن لوخۇڭتاۋ قوبۇقسارغا يېتىپ كېلىپ بەن گەنىڭ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا سالام بەرگەچ ۋەزىيەتنى ئۇقۇپ كورەي دەپ كىرگەن ئىكەن، بەن گەن ئۇنىڭغا كايىپتۇ. ئاندىن ئۇ دېمى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا قايتىپ چىققاندا، مەن ئۇنىڭدىن يولنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئۇنى

خانامغا چاقىرتىپ كەلدىم. مەن بىردەم تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆز تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدىم. ئۇ ماڭا: «ئاڭلىسام سىلەرنىڭ ئاپتوموبىل ئەترىدىڭلارنى بۇلاشقا ئالدىنالا تەييارلىق قىلىپ قويۇشۇپتۇ، تېخى كىچىك ماشىنىمۇ بار ئىكەن، چوقۇم چوڭ ئەمەلدار بولۇشى مۇمكىن دېگەن سۆزلەر تارقىلىپتۇ، سىلەر پۇختىراق ئويلىشىڭلار» دېدى. مەن ئۇنىڭغا بىزنىڭ تەييارلىقىمىزنىڭ بارلىقىنى ئېيتتىم. يەنە ئۇنىڭدىن سىز بۇندىن كېيىن قانداق قىلماقچىسىز، دەپ سورىدىم، ئۇ: «مېنى پالاكەت باستى، بېشىمغا كەلگىنىنى كورەرمەن، مېنى ئەۋەتمەيدىغانلا بولسا، مەن پۇقرا بولىمەن» دېدى. مەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان ھالدا ئۇنى خاتىرجەم قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىپ قويدۇم ۋە ئۇنىڭغا ئەقىل كورسىتىپ: «بۇ بەن قوماندان بولسا جۇ گېنېرالنىڭ ئەتىۋالىق ئادىمى، كىبىرى چوڭراق، ئەمما ماختاشنى ياخشى كورىدۇ، مەن سىزنىڭ توغرىڭىزدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، پەقەت گېنېرال ئالدىدا سىز ئۈچۈن بىرقانچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويۇشنى خالىسىلا ئىشىڭىز ئوڭغا تارتقىنى، ئاخشاملىقتا ئەھۋال يۈز بېرىشى مۇمكىن، ئەتە كېلىپ خەۋىرىنى ئالارسىز» دېدىم. ئۇ، خۇشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

مەن زىيا پەتتىن قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى بەن گەنگە دوكلات قىلدىم ھەم ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش



ئۈچۈن «ئەھۋالدىن قارىغاندا بۈگۈن كېچە خەتەرلىك بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئەمما ئانچە چوڭ بولمىسا كېرەك، ئەمدى بىز بۇندىن كېيىن قانداق قىلىمىز» دېدىم. ئۇ غىڭشىپ قويۇپ جاۋاپ بەرمىدى، لېكىن ئۇنىڭ كوڭلى مېنىڭكىدىنمۇ خەشرەك كورۈنەتتى. مەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوي ئىچىدە مېڭىپ يۈرگەن ئاياق تىۋىشى ئۇزۇنغىچە توختىمىدى. ھەممە ئادەم ئۆز ئىستىقباللىنىڭ خەتەردە قالغانلىقىنى ھېس قىلغاچقا، كىممۇ ئۆز جېنىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشنى خالىسۇن؟

كېچە سائەت 11 دە، غەربىي شىمال تەرەپتىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇزۇن ئوتمەيلا شەرق، غەرپ، شىمال تەرەپلەردىن تەڭلا مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ جەڭ باشلىنىپ كەتتى. ۋەزىيەت بارغانسېرى جىددىيلىشىپ، ئوق ئاۋازى يەنىمۇ كۈچەيدى. سائەت بىرگە يېقىنلاشقاندا پولكوۋنىڭ شۈي خەت ئەۋەتىپ مېنىڭ زەمبىرەك ئېتىشىمنى تەلەپ قىپتۇ ھەمدە خېتىدە زەمبىرەك ئېتىش، نىشان ۋە ئارىلىق قاتارلىقلارنى ماڭا ئۇختۇرۇپتۇ، مەن زەمبىرەك ئېتىشقا بۇيرۇق بەردىم. زەمبىرەك ئوقىدىن تەخمىنەن 10 پاي ئېتىپ توختىغان ئىدۇق، ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن ئوق ئاۋازلىرى ئاستا-ئاستا جىمىپ قالدى. شۈبېنىڭ پولكى ئارقىدىن 20 كىلومېتىرچە قوغلاپ بېرىپ زەربە بەردى. جەڭ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئاياقلاشتى. جەڭ بولۇۋاتقاندا بەن

ياتىغىدىن چىقماي يېتىۋالغان ئىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ
روھىي كوتىرىلىپ ھەدەپ چوڭ سوزلىگىلى تۇردى.

2) ھەركىم ئۆزىنىڭ چوتىنى سوقۇش: 1 - كېچە
ئىملا بولسۇن بىخەتەر ئوتۇپ كەتتى، بۇندىن كېيىن
قانداق قىلىش كېرەك؟ قانداق ئىلگىرىلەش كېرەك؟ يول-
دىكى خېيىم - خەتەرلەرنى قانداق يېڭىش كېرەك؟ ئە-
گەر بارمايدىغان بولسام قانداق قىلغاندا بۇنىڭدىن قۇ-
تۇلۇشنىڭ چارىسىنى تاپالايمەن؟ مەن ئوزەم ئۈچۈن چوت
سوقاتتىم. بەن گەنىڭمۇ دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە باش
قاتتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى.
2 - كۈنى ئەتىگەندىلا مەن قورچاق ناھىيىلىك ھوكۈمەت-
كە بېرىپ ما نىڭباڭ بىلەن ئاشلىق قاچىلاش مەسە-
لىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، 135 تونىنا بۇغدايىنى 45 ماشى-
نىغا 3 تونىدىن قاچىلاپ، 3 قېتىم توشۇشنى قارار قىل-
دۇق، مەن ئاشلىق ئېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بولۇپ،
پىلان بويىچە ماشىنىلارغا قاچىلاپ، تۇركۇمگە بولۇپ ئە-
ۋەتىشنى تاپىلىدىم. مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بەن
گەن ماڭا بىر پارچە تېلېگىراممىنى تۇتقۇزۇپ مېنىڭ
ئۇنى ناھىيىلىك ھوكۈمەت ئارقىلىق ئۇرۇمچىگە يوللىشى-
منى ئېيتتى. چۈشتىن كېيىن ئۇرۇمچىدىن جاۋابەن تېلېگىراما
كەلدى. تېلېگىراممىدا: «دەرھال ئالتايغا قاراپ يولغا
چىقىلسۇن، خىلاپلىق قىلىنسا ھەربى سوت بويىچە بىر
تەرەپ قىلىنىدۇ» دېيىلگەن ئىكەن. بەن گەن تېلېگىرام-



مىنى ئوقۇپ ئاچچىقلىنىپ قايناپ كەتتىدە، ۋاڭ ۋېتيەن
دىگەن ئەبلەخ مەن بىلەن قېرىشىۋاتىدۇ دەپ تىللاپ
كەتتى. بۇ چاغدا مەن كوڭلۇمگە بىر نەرسىنى پۈكۈپ
قويدۇمدە ئۇنىڭدىن قانداق قىلىمىز؟ مەن ئاشلىقلىرىم-
نى قاچىلاپ بولدۇم، ئەتە يولغا چىقىشقا بولىدۇ، دەپ
سوراپ، ئۇنى ئوسال قىلماقچى بولدۇم. ئۇ: «مەن بار-
مايمەن، ئۇرۇمچىگە قايتىمەن» دىدى. مەن: «ئالغا ئىل-
گىرىلىگەندە خەۋپ كوپ، ياخشىلىق ئاز، ئەلۋەتتە. ئەمما
بۇ باشلىقنىڭ بۇيرۇغى تۇرسا قانداق قىلىمىز؟» دىدىم.
ئۇ: «ئانا نىي، ۋاڭ ۋېتيەن دىگەن ئەبلەخ ماڭا سۇيىقەست
قىلماقچى بوپتۇ، مەن بەرىبىر قايتىپ كېتىمەن» دىدى.
مەن پۇرسەتنىڭ پىشىپ يەتكەنلىكىنى كورۇپ «مېنىڭ
بىر مەسلىھەتىم بار» دىدىم. ئۇ قانداق مەسلىھەت دەپ
سورىدى، مەن ئۇنىڭغا سىز تەشۋىق قىلىش - ھال سو-
راش ئۈچۈن داغدۇغا بىلەن يولغا چىققان ئىدىڭىز،
ئەمدى سىز بارماستىن قايتىپ كەتسىڭىز ۋاڭ سەنمۇ-
جاڭ باش قوماندانغا قانداق جاۋاپ بېرىدۇ، شۇڭا ۋاڭ
سەنمۇجاڭ شۇلارنى كوزدە تۇتۇپ بۇ تېلېگىراممىنى
ئەۋەتكەن بولسا كېرەك، ئەمما سىز ۋاقتىنچە قەپقىلىپ
ئەھۋالنىڭ ئوزگىرىشىنى كۈتسىڭىزمۇ بولىدۇ دىدىم.
«قانداق بانا تېپىش كېرەك؟» دەپ سورىدى ئۇ. مەن:
قوبۇقسار، ئالتاي بىلەن تارباغاتاي ئوتتۇرىسىدىكى
مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ھەم ئىستىراتېگىيىلىك

ئۇرۇن بولغاچقا، شۇنىڭ پولكنى نازارەت قىلىپ
بۇيەرنى قوغداش ئۈچۈن يەرلىكتىكىلەر ئوتتۇرىغا چىـ
قىپ سىزنى ئېلىپ قېلىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا
بانا - سەۋەپ كۆرسىتىپ، مەسىلىنى ئوڭاي چۈشەندۈرۈشـ
كە بولىدۇ، دېدىم. ئۇ بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى روھلىنىپ
كەتتىدە، مەندىن كونكىرېت چارە سورىدى. مەن: «ھاكىم
مانى تېپىڭ، ئۇ ۋە بۇتخانا لاماسى يەنە موڭغۇللارنىڭ
كاتتىۋاشلىرى سىزنى كەتكۈزمەسلىك توغرىسىدا گېنېرالـ
غا تېلېگىرامما بەرسۇن، شۇنداق قىلغاندا ئىشىڭىز جەزمەن
ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. نەتىجىدە بىرىنچىدىن جەڭچىلەرنىڭ
روھىغا ئىلھام بەرگىلى بولىدۇ، ئىككىنچىدىن خەلقنىڭ
كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغىلى بولىدۇ، قوماندانىڭىزمۇ نامى
چىقىدۇ - دە. سىزگە ھەر ئىككى تەرەپتىن پايدىلىق
بولىدۇ» دېدىم. ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، بەكلا كۆرەڭـ
لىگەن ھالدا ماڭا: «سىز ھەقىقەتەنمۇ قەلەم تۇتۇشنىمۇ،
ئەلەم تۇتۇشنىمۇ بىلىدىكەنسىز» دېدى. مەن: «بەك
ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، مەن بىر دورا پۇرۇش ئائىلىدىن كېلىپ
چىققان سىياسى خىزمەت خادىمىمەن، قىسىمدا 10 يىلنى
ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزدۈم، ئازدۇر - كۆپتۇر ھەربى
ساۋادىممۇ بار، مەن بۇقېتىمقى سەپىرىمدە خەۋپ كۆپ،
ياخشىلىقنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى تەھلىل قىلىپ، سىزنىڭ
بىخەتەرلىكىڭىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئاخىرى
سىز ئۈچۈن بۇچارىنى ئويلاپ چىقاردىم» دېدىم. ئۇ،



ئۇلاپلا: «ئۇنداقتا سىز چاپاچېكىدىغان بولدىڭىز، ئالـ
تايغا بارغاندا گېنېرالنىڭ ئۇلاردىن ھال سورىغانلىقىنى
يەتكۈزۈپ قويارسىز» دېدى. مەن بۇ قورقۇنچاقنىڭ
نىيىتىنى بۇرۇنلا بىلگەن ئىدىم. شۇڭا ئۇزەمگە چېكىنىش
يولى قالدۇرۇپ: «بۇ ئانچە ئاغىنىدارچىلىق بولمىدى،
مەن سىزگە پىلان كۆرسىتىپ بەردىم، ئەلۋەتتە بۇنىڭدا
مېنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسەم بار، مېنىڭ ۋەزىپەم ئاشلىق
قاچىلاش، ئاشلىق قاچىلاش رەسمىيىتىنى تۈگىتىپ بولـ
غاندىن كېيىن مېنىڭ ۋەزىپەم ئاخىرلىشىدۇ، تەشۋىق قىـ
لىش - ھال سوراش، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئەمەس، مەن
يولغا چىقار چاغدا قوماندانلىق ئىشتاۋى مېنىڭ بېرىشـ
بارماسلىقىمنى ئۆزەمنىڭ تاللىشىمغا قويغان ئىدى.
شۇڭا مەن بارالمايمەن» دەپ جاۋاپ بەرـ
دىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئالدىراپ
قالدىدە: «ئىككىلىمىز بارمىساق بولماسمىكىن؟» دېدى.
مەن ئۆز پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «سىزگە بانا - سەـ
ۋەپ بولغاندىلا ئاندىن قالالايسىز، ماڭا بانا - سەۋەپـ
نىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى مەن ۋەزىپەمنى ئاللىقاچان
ئورۇنلاپ بولدۇم،مەن سىزگە ھەمرا بولۇپ بېرىش ئۈچۈنلا
ئالتايغا كېتىۋاتىمەن، سىز بارمىسىڭىزمەن ئەلۋەتتە ھەرـ
گىزمۇ بارمايمەن، بۇنىڭغا سىزنىڭ باش قاتۇرۇشىڭىزھاـ
جەتسىز، ئەگەر ئىككىلىمىز بارمىساق قانداق بولىدۇ؛ سىزـ
نىڭ ئورنىڭىزغا كىم بارسا بولۇر، مەن بىر ئادەمنى ئويـ

لاپ قويدۇم، تونۇگۈن كەلگەن لوخۇكتاۋ ئۇزى پولكوۋنىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭدىكى پىشقەدەمھەربى، يەر تۈزۈلۈشنى ۋە ئەھۋاللارنى پىششىق بىلىدۇ، ئۇ سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بىرىپ كەلسە بولىدۇ، ۋەزىپە ئورۇنلانسا، شان - شەرەپتە سىزنىڭمۇ بىر كىشىلىك ھەسسىڭىز بولىدۇ. مەسىلە چىقسا سىز بۇرۇنقىدەكلا بىخەتەر يۈرۈۋېرىسىز، بۇ زىقمۇ كويمەيدىغان، كاۋاپمۇ كويمەيدىغان چارە، ئىش تۈگىگەندىن كېيىن سىز گېنېرالنىڭ ئالدىدا ئادەمگەرچىلىك قىلىسىڭىز، ئۇ خىزمەت كورسىتىپ گۇناھىنى يۇغان بولىدۇ» دىدىم. ئۇ مېنىڭ بارمايدىغان پوزىتسىيەمنىڭ قەتئىيلىكىنى كۆرۈپ، ئامالسىزلىقتىن ئاز - تولا خېيىم - خەتەرنى ئۈستىگە ئېلىپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھەم سىز بىرىپ لوغا خىزمەت ئىشلەڭ دىدى. مەن لوغا ئانچە - مۇنچە ئېتىۋار بىرىپ، روھلاندۇرۇپ قويايلى، ھال سوراش بۇيۇملىرىدىكى سارجى، ھەربى كىيىم - كېچەكتىن بىر يۈرۈش بىرەيلى، دەپ ئۇنىڭ سەمىگە سېلىپ قويدۇم، ئۇ ماڭا قولىنى شىلتىپ قويدى، ئىككىمىز چۈشەنگەندەك قىلىپ كۈلۈپ قويۇشتۇق.

3) بەنگەنىڭ ئۆز ئورنىغا ئادەم ئالماشتۇرۇشى ۋە چوچەككە قايتىشى: مەن لوخۇكتاۋنى تېپىپ ئۇنىڭغا بەنگەنگە ۋاكالىتەن ئالتايغا بىرىش توغرىسىدىكى پىلاننى چۈشەندۈرۈپ ئوتتۇم ھەمدە ئۇنىڭ ئىستىقبالى، پايدا - زىيان توقۇنۇشىنى كورسىتىپ، بۇ ئىشنى ئويلى-



شىپ كورۇشنى ئېيتتىم. ئۇ مەندىن: «مېنىڭ سالاھىيىتىم بارمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: «نىمىشقا سالاھىيىتىڭىز بولمىسۇن؟ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن بەنگەن دىۋىزىيە باشلىغى يۈەنگە خەت يېزىپ سەۋەپنى چۈشەندۈرۈپ قويسىلا ئىش پۈتىدۇ، بۇ سىزنىڭ خىزمەت كورسىتىپ گۇناھىڭىزنى يۇيۇشىڭىزدىكى ئاچقۇچلۇق پەيت، كەلگۈسىدە ئۇ، ئۇرۇمچىدە سىز ئۈچۈن بىر قانچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ قويسىلا سىزنىڭ مەسىلىڭىز ھەل بولۇپ كەتمەمدۇ؟ مانا بۇ مېنىڭ سىزگە تېپىپ بەرمەكچى بولغان چارەم» دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇ ئويلاپ كورۇپ ئاخىرى ئالتايغا بىرىشقا قوشۇلدى. ئۇ، بىرىپ بەنگەن بىلەن كورۇشكەندىن كېيىن قارار چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ تەقدىرىمنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلمەيدىغان ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇم.

بەنگەن شۇ كۈنى كەچتە لوخۇكتاۋ ۋە باتالىيون كوماندىرى يەننى چاقىرتىپ، يەننىڭ باتالىيونىنىڭ ۋاقتىنچە لونىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئېلان قىلدى ھەمدە لوغا ھال سوراش ۋەزىپىلىرى ۋە قورال - ياراق قاتارلىقلارنى، شۇنداقلا دىۋىزىيە باشلىغى يۈەنگە تاپشۇرۇلىدىغان خۇسۇسى خەتنىمۇ تاپشۇردى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك رەسمىيەتلىرىنى ئوتكۈزۈپ بەردىم. مەسلىھەتلىشىپ ئەتە يولغا چىقىشنى بېكىتتۇق، كىچىك توپچىلار

پەيمۇ مەن بىللە شىخۇغا قايتتى. رېمونت قىلىش-
قا تېگىشلىك بولغان 10 نەچچە دانە ئاپتوموبىلمۇ دور-
بىلجىندە رېمونت قىلدۇرۇش ئۈچۈن قايتىپ كەتتى.

لوخۇگتاۋ يولغا چىقىپ كەتكەن
كۈنى بەنگەن چوچەككە قايتىش توغرىسىدا
بۇيرۇق چۈشۈردى. مەن دوربىلجىندە قېلىپ ئاپتوموبىللارنى
3 كۈن ئىچىدە رېمونت قىلدۇرۇپ بولۇپ ئۇرۇمچىگە قاي-
تىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردىم. بىزنىڭ دوربىلجىندىن
ئايرىلغىنىمىزغا ئاران 3 كۈن بولغان بولسىمۇ ۋەزىيەت-
نىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى تېز بولدى. لى جىڭشىنىڭ
پولكىنىڭ تۇراقسىزلىق كەيپىياتى تەدرىجىي ھالدا ئاش-
كارىلىنىشقا باشلىدى. دوربىلجىندىن كۈيتۈڭغىچە بول-
غان ئارىلىقتا ھەمىشە قوراللانغان قازاقلارنىڭ پارا-
كەندىچىلىكى بولۇپ تۇراتتى. ئەھۋال پەۋقۇلئاددە جىد-
دى بولۇپ قالغان ئىدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى
ئۈچىنچى كۈنى تەخمىنەن 1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15-
كۈنلىرى بولسا كېرەك، مەن چوچەككە باردىم، ۋالى
پىڭرۇڭ ماڭا: «بەن قوماندان ئەتە ئۇرۇمچىگە قايتماق-
چى ئىكەن، قاچان يولغا چىقسام بولۇر دەپ مەندىن سو-
راۋاتىدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭ مېنى تاشلاپ ئۆزى ئالدىن
كەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال دوربىلجىنگە
قايتىپ رېمونت قىلىنغان ئاپتوموبىللارنى تەكشۈرۈپ
كوردۇم ھەم شۇ كۈنى كەچتىن قالدۇرماي رېمونت قىلىپ



پۈتتۈرگەن ھەربىر ماشىنىغا ھەربى بېكەتتىن 2 تونىن-
دىن گۈرۈچ بېسىپ شىخۇغا ئاپىرىشنى ئورۇنلاشتۇردۇم.
رەسمىيەتلەرنى ئورۇنلاپ بولۇپ، شۇينىڭ قوماندانلىق
باشقارمىسىغا بېرىپ ماڭماقچى بولغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇپ
تاشيولدا 2 تەرەپتىن مۇھاپىزەت قىلىپ مىرگوغا ئاپى-
رىپ قويۇش ئۈچۈن بىر بەن ئاتلىق ئەسكەر ئاجرىتىپ
بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم. شۇي ماڭا نەسىھەت قىلىپ:
«ھازىر ئەھۋال بەك جىددى، ھەرگىزمۇ يولغا چىقماڭ،
ئەھۋال سەل ياخشىلانغاندىن كېيىن بىر نەرسە دەرمىز»
دەپ توساپ قويماقچى بولدى. مەن زادى ماڭىمەن،
دەپ تۇرۇۋالدىم ھەمدە ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ «را-
ۋاقنى قاپلاپ بوران، كەلدى يامغۇر شەپىسى» دېگەندەك
ھازىر ھەممە يەرنى مىش - مىش گەپلەر قاپلاپ كەتتى.
بۇ دەل راۋاقنى بوران قاپلىغان پەيت، شۇڭا مەن مۇشۇ
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇدۇن - چاپقۇندىن نېرى تۇرۇ-
شۇم كېرەك دېدىم. ئۇ ئامالسىز قوشۇلدى ھەم بىر بەن
ئاتلىق ئەسكەر ئاجرىتىپ بېرىدىغان بولدى، ئەتىگەن
سائەت 5تە يولغا چىقىشنى كېلىشىۋالدۇق.

ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە ئاپتوموبىللارنىڭ
يولغا چىقىشىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئاپتوموبىل
مەيدانىغا باردىم. ئاپتوموبىل ئەتراپىنى بىر توپ ئا-
دەملەر ئورۇۋېلىپ ئۇنىڭغا چىقىۋېلىشنى تەلەپ قىلىش-
ۋاتقان ئىكەن. ئۇقۇشۇمچە بۇلارنىڭ ھەممىسى چوچەك،

دوربىلجىندىكى ھوكۇمەت خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋە بىر قىسىم شەھەر ئاھالىسى بولۇپ، قېرى، ئاجىزلار، ئاياللار كوپ سانىنى ئىگەللەيدىكەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مېنى تونۇيدىغانلىرى دەرھال مېنى ئورىۋېلىپ يىغلاپ ـ قاخشاشقان ھالدا ماشىنىغا ئۈرۈمچىگىچە ئېلىۋېلىشىمنى تەلەپ قىلىشسا، بەزىلىرى يەرگە باش قويۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ تۇرغىلى ئۇنىمىدى. بۇ تويۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقە دەسلەپكى مولچىرىمىزگە پۈتۈنلەي ئوخشىمىدى. ھەممە يەرنى يىغا ـ زارە قاپلىغان بولۇپ، بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كورۇپ، ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. مەن ئۇلارغا ئاز ـ تولا تەسەللى بېرىپ، مۇزاكىرىلىشىپ ھەل قىلايلى دەپ جاۋاپ بەردىم ھەم دەرھال ھاكىم جياۋنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق ھەر بىر ماشىنىدىن بىر توننىدىن گۇرۇچنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا 10 دىن ئادەم سېلىپ، قېرى، ئاجىزلارنى، ئاياللارنى ئېلىپ كېتىش، ئەرلەرنى قالدۇرۇش، جەمئى 100 نەچچە ئادەمنى بىللە ئېلىپ كېتىش، كىرا ھەققى ئالماسلىق قارارىغا كەلدۇق، كەتمەيدىغانلارنى ھاكىم جياۋ ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن مەسىلە ھەل قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇز ۋاقتىدىكى ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلار، بولۇپمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر قايسى قېرىنداش مىللە-



لەتلەرگە كەلتۈرگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋاللىرى مېڭەمدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى.

4) بەن گەنىنىڭ ئاقىۋىتى: بەن گەنىنىڭ ئوغرىلىقچە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەنلىكى جۇشاۋلياڭنىڭ غەزىۋىنى كەلتۈردى. ئەمما بەن گەنىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىماي قېچىپ كېلىشتەك قاملاشمىغان ھەركىتىنى جۇشاۋلياڭنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقى ئاشكارىلانمىدى، لېكىن ئۇ ئۇزۇن ئوتمەيلا لەنجۇغا يوتكىۋېتىلدى.

بىز دوربىلجىندىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئوتمەيلا تەخمىنەن 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بولسا كېرەك، چوچەكتە ئىنقىلاپ پارتلىدى. لى جىڭشىڭنىڭ پولكى توپىلاڭ كوتىرىپ، لى جىڭشىڭنى ئولتۈردى، ۋالىيلىك ۋە ۋالىي مەھكىمىسىدىكى خادىملار سوۋېت يېرىگە قېچىپ كەتتى. دوربىلجىندىكى ئارمىيە ـ ھوكۇمەت خادىملىرىنىڭ نەگە كەتكەنلىكى ئېنىق ئەمەس، تولى چوڭ ئەترەت ئوت ئاپىتىدە كويۇپ تۈگىدى. شۇ يىلى ئالتايمۇ قاتتىق مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىپ ئاخىرى قولدىن كەتتى. شۇنىڭ بىلەن جۇشاۋلياڭمۇ تۇمشۇغىغا يېگەنلىكتىن ئامالسىز قالدى.

بەن گەنىنىڭ لەنجۇدىكى خىيانەتچىلىك قىلىش، قورقۇتۇپ تارتىۋېلىش، جازانىخورلۇق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىشتەك قىلمىشلىرى پۈتۈن لەنجۇغا پۇر كەتكەن

ئىدى. ئۇ شىنجاڭدىن لەنجۇغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بەزىلەر ئۇنى جياڭجيېشىغا ئەرز قىلغان ئىكەن، جياڭ جيېشى ئىشپىيونلىرىغا بۇيرۇق بېرىپ، ئەھۋالنى تەكشۇ-رۇپ ئېنىقلاتقاندىن كېيىن، دەرھال ئۇنى قولغا ئالغان، بەن گەن دەسلەپتە جۇشاۋلياڭدەك ئارقا تىرىكىم بار دەپ ئويلاپ ھېچنىمىگە پىسەنت قىلماي يۈردى، كېيىن جۇشاۋلياڭ ئىشنىڭ كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ھەم ئوزىنىڭ ئۇنىڭغا چېتىلىپ رەسۋا بولۇشىدىن قورقۇپ ئۇنىڭغا قەست قىلماقچى بولۇپ، جياڭجيېشىغا ئۇنى ئې-تىۋېتىش توغرىسىدا دوكلات يازدى. جۇ ئائىلىسىنىڭ بۇ سادىق غالچىسى — ئىچكى سىرنى بىلگۈچىنى ئۇجۇق-تۇرۇۋېتىش سىياسى سېھىرگەرلىكىدە جامائەت ئالدىدا ئو-لۇم جازاسىغا تارتىلىشتەك ئاقىۋەتكە قالدى.

يۇقۇرىدا بايان قىلغانلىرىم ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىم بولۇپ، مەسىلىلەر بىرلا ۋاقىت، بىرلا جاي ياكى پارچى-لار بىلەن چەكلەنمىسىمۇ، لېكىن كىتاپخانىنى گومىنداڭنىڭ بەربات بولۇش ئالدىدىكى گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىنىڭ ھەربى ئىشلىرى ۋە ھوكۇمەت ئىشلىرىنىڭ قالايمىقانلى-غىنى ۋە ئىچكى قىسمىدىكى پۈت تېپىشىش كورۇنۇشىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلالايدۇ.

1980 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى



# ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجا ئارىلىقىدا بولغان ۋەقەلەر

**شى جىمىڭ**

1944 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىڭشىسەي جياڭ-جيېشىغا 50 مىڭ سەر ئالتۇن سوغا قىلىپ، ئالدىراپ-تېنەپ شىنجاڭدىن كەتتى. شۇنىڭ بىلەن 8 - ئۇرۇش را-يونىنىڭ قوماندانى گېنېرال جۇشاۋلياڭ شىنجاڭغا مۇ-ۋەققەت رەئىس بولۇپ تۇردى. شۇ چاغلاردا ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ 10 - ئاينىڭ بې-شىدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ مەنسەپكە ئولتۇردى. ئۇ كېلىپلا 1944 - يىلى 10 - ئايدا «ئىلى ۋەقەسى» يۈز بەردى. بۇ ۋەقە بارا - بارا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي 3 ۋىلا-يەتكە كېڭىيىپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مىللىي قورال-لىق ئىنقىلاپ يەنى «3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى» بولۇپ پارتى-لاپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك ھوكۇمە-رانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولدى.

ئۇ چاغدا 19 - كورپۇسنىڭ باش گېنېرالى لى تيې-جۇن (ئەسلىدە ئۇ خېشى گارنىزون قوماندانى ئىدى. 1942 - يىلى كۈزدە سۇڭمېيلىڭ شىنجاڭغا كېلىپ، شىڭ

بىلەن ئەڭ ئاخىرقى كېلىشىم ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن
قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشتى، كېيىن زاپاس7 - دىۋىزىيىنى
ئورۇمچى لاۋمەنچىڭغا ئورۇنلاشتۇردى) ئاندىن ئۇزى بى-
ۋاستە جىڭغا بېرىپ باش ئىشتاپ قۇرۇپ سەنتەي ئەترا-
پىغا ئەسكەر يوتكەپ مىللى ئارمىيىگەقارشىلىق كورسەت-
مەكچى بولدى.

ۋۇجۇڭشىن ھەربى ئىشلارغا ماسلىشىش ئۇچۇن،
خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى دىڭ شياڭخەيگە زو-
شۇپىڭنى ئىلى ۋالىسى قىلىپ ئەۋەتىش،جىڭدا ۋاقىتلىق
ۋالى مەھكىمىسى قۇرۇپ (تەشۋىق-ھال سوراش) خىزمە-
تى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا يولیورۇق بەردى. بۇ ۋۇ-
جۇڭشىنىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنكى سىياسى ئىش-
لارنى يولغا قويۇش فاڭجېنىنىڭ بىرى بولۇپ ھىساپلى-
نىدۇ. ۋۇجۇڭشىن يېڭى خىزمەت ئورنىغا كەلگەندىن كې-
يىن، ئالدىراش تەشۋىق قىلىش - ھال سوراش ھەيئىتى
قۇرۇپ دىڭشياڭخەينى قوشۇمچە ھەيئەت مۇدىرلىكىغا
تەيىنلەپ، نۇرغۇن پۇل ئاجرىتىپ بىرتەرەپتىن ھەرمىل-
لەت ئەرباپلىرىنى يىغىپ ئۇلارغا پۇل ھەدىيە قىلسا،يە-
نە بىر تەرەپتىن تەشۋىقات ماتىرىياللىرىنى بېسىپ تار-
قاتتى.جىڭ ناھىيىسى تەبى ھالدا تەشۋىق ئېلىپ بار-
دىغان نۇقتىلىق رايون بولۇپ قالغاچقا ئەنۋېنخۇي جىڭ-
نىڭ «تەشۋىق قىلىش-ھال سوراش»خىزمىتىگە ياردەملى-
شىش ئۇچۇن ئەۋەتىلدى.



ئۇ جىڭغا كەلگەندىن كېيىن، تەشۋىق قىلىش، ھال
سوراش ئۇچۇن ئۇلكىدىن ئەۋەتكەن بىر قىسىم ئۇيغۇر
خادىملارنى داقىيە ئەتراپىدىكى جايلارغا باشلاپ بېرىپ
تەشۋىق قىلىش - ھال سوراش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى.
ئەمما شۇ چاغلاردا ھەممە يەرنى جەڭ ئوتلىرى
قاپلاپ كەتكەچكە «تەشۋىق - ھال سوراش»نىڭ ھېچقانداق
ئۇنۇمى بولمىدى. مەسىلەن: زوشۇپىڭ جىڭنىڭ نەنسەن
تاغلىرىدىكى بىر قىسىم موڭغۇللارنى ئەل بولۇشقا كوندۇر-
گەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن جىڭغا كەلگەنلىرى تەخمىنەن 50 - 60
ئاتلىق ئىدى. زو ئۇلارغا قورال - ياراق ۋە ئوق - دورا
تارقىتىپ بەرگەن ھەم بازىرىغا گۇلخان يېقىپ موڭغۇللار
بىلەن ئاتلىق ئايلىنىپ، ئۇزلىرىنىڭ ئىتتىپاقىنى كۇ-
چەيتىپ، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشىدىغانلىقىنى كورسەتمەكچى
بولسىمۇ،ئەمما موڭغۇللار قورال ۋە ئوق-دورىلارنى ئېلىپ
كېتىپلا كەلمەي قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئەن ئىشىنىڭ چا-
تاقلىقىنى سېزىپ دەرھال ئورۇمچىگە قايتىپ كەلدى.
ھەربى ئىشلار جەھەتتە لى تيېجۇن ئاساسي كۇچنى جىڭ-
نىڭ نەنسەن تاغلىرىدىن ئوتكۇزۇپ، ئىلىنىڭ شىمالىي
تەرىپىگەيۇرۇش قىلىپ، ئىلىنى ئېلىش ئۇچۇن 45 - دىۋىزىيە-
نىڭ قوماندانى شې يىفىڭنى ئەۋەتتى. شې 1945 - يىلى
1 - ئاينىڭ 10 - كۇنى ئۇزى بىۋاستە پىيادە ئەسكەرلەر
1 - پولكىنى باشلاپ، شۇيەرلىك ۋېن جىنرۇڭنى يول باش-
لاتقۇزۇپ ماڭدى. ۋېن موڭغۇلچە، قازاقچە تىللارنى ۋە

تاغ يولليرىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇلار داقىيەنىڭ جە-
نۇبىدىكى قۇسەمچەك، كوكداۋان قاتارلىق جايلاردىن
ئۆتۈپ ئىلىغا يۈرۈش قىلدى. ئۇندىن باشقا بۇ دىۋىزى-
يىنىڭ كونا ئەرتەيدە تۇرۇشلۇق پولكىنىڭ ئىككى پىيادە
ئەسكەرلەر روتىسى توخسۇن داۋاندىن ھۇجۇم قىلدى ھەم
كونا ئەرتەيدە تۇرۇشلۇق قىسىملار زەمبىرەك ئېتىپ يال-
غاندىن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن
بىرۋاقىتتا زاپاس 7 - دىۋىزىيىنىڭ 1 - باتالىيونىنى
غار داۋاندىن ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى.

17 - كۈنى هاۋا قاتتىق سوغاق بولۇپ، تېمپېرا-
تۇرا نولدىن تۆۋەن $40C^{0}$ قا چۈشكەن ئىدى. شى يىغىلىك
قىسىملىرىنى باشلاپ تاغ ئەتراپىدىكى قارشى تەرەپنىڭ
ئاتلىق پارتىزانلىرىنى تارمار قىلىپ، ئىلىدىن 15 كىلو-
مېتىر يىراقلىقتىكى جىلىل يۈزى، پەنجىم يۈزى ئەترا-
پىغا يېتىپ كەلدى. ئىلى يىراقتىن كورۇنۇپ تۇراتتى،
ھەرەم باغدىكى قورشىۋېلىنغان ھەربى ۋە خەلقلەر زەمبى-
رەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ مۇھاسىرىنى بۇسۇپ چىقىشقا تەي-
يارلىنىۋاتقان ئىدى. ئەمما مىللى ئارمىيىنىڭ ئاتلىق ئەس-
كەرلىرىدىن تەخمىنەن 1000 دەك كىشى تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ
يولنى توساپ زەربە بەردى. ئۇلارنىڭ كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك
ئىدى. شىنىڭ قىسىملىرى تاغ يوللىرىدىن يۈگۈرۈپ مې-
ڭىپ، چارچاپ قوساقلىرى ئېچىپ توڭلاپ كەتكەنلىكى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە تەمىنلەش ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈلمىگەن-



لىگى ئۈچۈن 18 - كۈنى ئەتىگەنگىچە چىداشلىق بەرگەن
بولسىمۇ، ئادەملىرى كۆپ قىرىلىپ كەتكەنلىكتىن چېكىندى
(ھەرەم باغدىكى ئارمىيە ۋە خەلقلەر 1945 - يىلى 1 -
ئاينىڭ 31 - كۈنى مۇھاسىرىنى بۇسۇپ چىقتى). 2 يول-
دىن ياردەمگە كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر يولغا چىد-
قىپ ئۈزۈن ئۆتمەيلا مىللى ئارمىيە تەرىپىدىن
چېكىندۈرۈلدى. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن
جىلىك، بورتالا قاتارلىق جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ كوڭ-
لىدە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مىللى
ئارمىيە ئىلىغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىللە يەنە ئەسكەر
ئەۋەتىپ لوساۋگو، يېڭى ئەرتەينى ئىشغال قىلدى. 9 -
كۈنىگىچە ئىلىغا كىرىدىغان مۇھىم ئېغىزلارنى كونتۇرۇل
قىلىپ بولدى. 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قورغاس قول-
دىن كەتتى. 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مىللى ئارمىيىنىڭ
بىر قىسمى ئارشاڭغا ھۇجۇم قىلدى. 1945 - يىلى 1 -
ئايدا ئارشاڭ قولدىن كەتتى. 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى
جۇشاۋلياڭ شىخۇدا تۇرۇشلۇق زاپاس دىۋىزىيىنىڭ مە-
لۇم قىسمىنى 28 ئاپتوموبىلغا ئولتۇرغۇزۇپ ئىلىغا
ئەۋەتتى، ئەمما سايرامدىكى مىللى ئارمىيە دەرەخ شاخلىرى،
قار - مۇز بىلەن توسالغۇلارنى توساپ قويغانلىقى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋامۇ سوغاق بولغانلىقى ئۈچۈن بىر
قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپمۇ توسالغۇنى بۇزۇپ ئۆتەلمىدى،

بۇ قەھرىتان سوغاق پەسلى ئىدى، سەنتەي ئەتراپلىرىدا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەر ئىچكىرىدىن يېقىندا كەلگەن بولۇپ، ئېگىز تاغ، سوغاق ھاۋادا جەڭ قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىشلىق كىيىملىرى نېپىز، يېمەك - ئىچمىكى ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىلمىگەن ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەزى جەڭچىلەر قاراۋۇللۇق ئورۇنلىرىدا مىلتىقلىرىنى تۇتقان پېتى توڭلاپ قېتىپ قالغان. بەزەن روتىلار قارلىق تاغلارغا چىققاندا چىپ-چىپ تەرلەپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاكوپلىرىغا كىرگەندە مىلتىقلىرىنى تەڭلەپ قارىغا ئېلىۋاتقان ھالەتتە توڭلاپ ئۆلۈپ كەتكەن. دەل شۇ چاغدا شىدىۋېزىيىسىنىڭ يېڭىلىپ قالغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن ئەسكەرلەر كەينى - كەينىدىن شەرققە قاراپ قاچقىلى تۇردى. زو پەمىلىلىك بىر ئوفىتسېر ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئەسكەرلەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن. لى تيېجۇن بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئېتىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشەرگەن. ئەمما بۇ ئوفىتسېر زوشۇپىڭ بىلەن ئوخشاش پەمىلىلىك بولغاچقا، ئۇرۇقداش ئىكەنلىكى دەپ يالۋۇرۇپ تىلىۋالغان، يەنە تېلېگىراف ئىدارىسىدىكى چىن پەمىلىلىك بىرسى ئاپاراتنى ساقلاشقا مەسئۇل بولۇپ، مەغلۇپ بولغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، ئۆزلۈكىدىن خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ قېچىپ كەتكەن، تۇتۇپ كېلىنگەندىن كېيىن زونىڭ قايتا - قايتا تىلەپ



تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئۇ ھەم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان. سەنتەي قاتارلىق جايلارنى ساقلاۋاتقان قىسىملار ئارقا - ئارقىدىن داقىيەگە چېكىنگەن.

ئارشاڭ، بورتالا خەۋپ ئاستىدا تۇرغاندا جىڭدىن بورتالاغا 3 روتا ئەسكەر، ئارشاڭغا 2 روتا ئەسكەر ئەۋەتىلدى. ۋەزىيەت يامانلىشىپ داقىيەدىمۇ ۋەقە يۈز بەردى. ئارشاڭ قولدىن كەتتى. 1945 - يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بورتالانىڭ ھاكىمى شۇسۇڭتاۋ باجخانىنىڭ باشلىقى شۇسىڭ قاتارلىقلارمۇ خەنزۇ ئاممىسىنى باشلاپ، شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. داقىيە قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق ئائىلىلارمۇ بىرلا ۋاقىتتا قېچىپ كەتتى. زوشۇپىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئاپتوموبىل ئەۋەتىپ بىر قىسىم ئايال ۋە قېرى - چۈرىلەرنى شىخۇغا يەتكۈزۈپ قويدى. ئۆزلىرىنىڭ قاتناش قوراللىرى بارلار ئۆزلىرى ئامال قىلىپ جىڭدىن كەتتى. ۋالىي مەھكىمىسىدىكى ئۇيغۇر تەشۋىقات خادىملىرىنىڭمۇ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. ئېھتىمال مىللىي ئارمىيىنى ئىزلەپ كەتكەندۇر. بۇ باھار بايرىمىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بولغان ۋەقە ئىدى.

لى تيېجۇن بۇ ئىشلارغا ئامالسىز قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال جىڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ پۇل خەجلەپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ شىيىفىڭنى يېڭى 2 - كورپۇس قوماندانلىقىغا كۆتۈرۈپ شىخۇغا

چېكىندۇردى. جىڭ ئالدىنقى سەپ قىلىنىپ 45 ـ
دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى گوچى باشچىلىقىدىكى قىسىم
جىڭنىڭ غەربىدىكى يۈگىجىخۇ، باجياخۇ ئەتراپىدا مىللى
ئارمىيە بىلەن تىركىشىپ تۇردى.

زوشۇپىڭ ۋە جىڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى يەن زۇلىن
قاتارلىقلار بىرلا ۋاقىتتا شىخۇغا چېكىنىپ شىخۇنىڭ
ھاكىمى گۇەن رۇيفەننىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن قىزىل
بىنا، كىچىك ئاق بىنا قاتارلىق جايلاردا ۋاقىتلىق
ئىشخانا قۇردى. شىخۇدا جەڭ ۋەزىيىتىنىڭ يېقىنلاپ
قالغانلىقىنى كۆرگەن زو شىخۇغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا
دەرھال ئۈرۈمچىگە قايتىپ خىزمىتىدىن مەلۇمات
بېرىپلا قاراشەرگە ۋالى بولدى. ۋۇجۇڭشىن ئەنۋىن-
خۇينى شىخۇغا قايتىپ بېرىپ ئېلىنىڭ ۋالىلىقىنى قولغا
ئېلىشقا ئەۋەتتى.

شي يىفىڭ جەڭدە ھەربى جەھەتتىن زىيان تارت-
قانلىقى ئۈچۈن جىڭ ئالدىنقى سېپىدە ھوشيارلىقىنى
ئاشۇرۇپ تۇرۇپ، مىللى ئارمىيە ھۇجۇم قىلسىمۇ ئالالمى-
غىدەك دەرىجىدە خەندەك ـ ئاكوپ ياساشنى جىددىلەش-
تۈرۈپ، قاتتىق مۇداپىئە كوردى. بۇ چاغدا جەڭ ۋەزىيى-
تى پەسىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ۋالىدىن تۆۋەن دە-
رىجىلىك خادىملارغا كۈنبويى قىلىدىغانغا ئىش يوق ئى-
دى. ۋالى ئەن ئەپيۇن چېكىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى، قول
ئاستىدىكى خادىملار ماجاڭ ئوينايتتى. شىخۇ شەھىرى ئى-



چىدە بەزىدە ئويۇن قويۇپ ئىئانە پۇل يىغاتتى. ئۇنىڭ-
غا «ئالدىنقى سەپتىكى ئەسكەرلەردىن ھال سوراش» دەپ
چىرايلىق ئىسىم قويۇۋالغان ئىدى ياكى سودىگەرلەر
ئۇيۇشمىسىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ ئاممىغا ھەربى ئىشتاپقا
ئات تەقدىم قىلىش توغرىسىدا تەشۋىق قىلاتتى. شەھەر
ئادەتتىن تاشقىرى «تىنىچ» كۆرۈنەتتى. شىخۇنىڭ شى-
مالى تەرىپى سەيلە ـ تاماشا قىلىدىغان جايغا ئايلى-
نىپ، بىر خىل «تىنىچ» مەنزىرە بارلىققا كەلگەن ئىدى.
دەل شۇ چاغدا مىللى ئارمىيە ئۇدۇل تەرەپتىن ھۇجۇم
قىلىشنىڭ تەسلىگىنى كۆرۈپ يوشۇرۇن ھالدا ئاتلىق
ئەسكەر ئەۋەتىپ بىر تەرەپتىن چوچەك رايونىغا ھۇجۇم
قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن كۈچنى توپلاپ، پۇرسەتنى
قولدىن بەرمەي، چاقماق تېزلىكىدە شىخۇنى ئېلىشنى
پىلانلىغان ئىدى. بۇ چاغدا شىخۇدىكى ھەربى تەرەپ
جىڭ يولىنى ئىگەللەپ بىخارامان يۈرۈشەتتى.

شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، ئەھۋال مۇرەككەپ، مالى-
يىدە ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىن ئېتەلمىگەچكە، تارىختىن بۇ-
يان پۈتۈنلەي مەركەزنىڭ قوللىشىغا قاراشلىق ئىدى.
مەسىلەن: چىڭ دەۋرىدە شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغان-
دىن كېيىن ئۆزگىرىشلەر كوپ بولۇپ تۇرغاچقا، كوپلى-
گەن ئىشلارنى قايتىدىن ئىشلەشكە توغرا كەلگەن ئىدى.
ھەربى ـ مەمۇرى خىراجەتلەردە پۈتۈنلەي ھەر قايسى ئۆل-
كىلەرنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولاتتى. شىنجاڭدا ياڭ

زىڭشىن ھوكۇمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە مىللىتا-
رىستلارنىڭ قالايمىقان سوقۇشلىرى بولۇپ تۇرغاچقا، ئۇ-
لار پۈتۈن شىنجاڭنى تەمىن ئېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۆز-
لىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئامال-
سىز قەغەز پۇل تارقىتىش، باجنى كۆتۈرۈشكە بېرىش
ئۇسۇلىنى قوللانغان ئىدى. ئەپيۇن تېرىش،
سېتىشنى ئاشكارە چەكلەپ ئاستىرىتتىن يول قويۇش ۋە
باشقا ئۇسۇللارنى ئىشلىتىپ كىرىمنى كۆپەيتىپ، ئېشىن-
غان مەبلەغ بىلەن ئۆزىنى قامداپ كەلدى، شېڭ شىسەي
ھوكۇم سۈرگەن مەزگىللەردە ئۇ گەرچە مۇستەقىل بولۇپ
تۇرسىمۇ، ھەربى كۈچى يېتىشمەيتتى، چىقىمى كۆپ بول-
غاچقا يەنىلا قەغەز پۇل تارقاتقان ئىدى. شېڭ شىسەي
شۇ چاغلاردا قورققان ئاۋال مۇشت كۆتۈرەر دېگەندەك
ئىش قىلىپ، كىشىلەرنى ناھەق قاماپ، مال - مۈلۈكلى-
رىنى مۇسادىرە قىلىپ ئۆزىنىڭ فاشىستىك ھاكىمىيىتىنى
ساقلاپ قالماقچى بولغان ئىدى. گومىنداڭ شىنجاڭغا
كىرگەن دەسلەپكى چاغلاردا، ھەممە يەرگە ئۇرۇش
ئوتى يامراپ كەتكەنلىكتىن، شىمالىي شىنجاڭنىڭ
كىرىمى ئاساسەن پۈتۈنلەي توختاپ قالغان،
ئەسكەر ئاز بولسا يېتىشمەيدىغان، كۆپ بولسا
بېقىپ كەتكىلى بولمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئى-
دى. شۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان ئەس-
كەرلىرى 100 مىڭ ھېساپلانسىمۇ، يوق ئەسكەرگە تەمىنات



ئېلىش ئىشى ئومۇملىشىپ كەتكەنلىكتىن، بار ئەسكەر-
لەر ئەمەلىيەتتە ئۇ سانغا يەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئوفىتسېرلار بار ئەسكەرلەرنىڭ ھەربى تەمىناتىنى قى-
سىپ قېلىش، ھوكۇمەت پۇلىنى خىيانەت قىلىش، ھايان-
كەشلىك قىلىش ئارقىلىق ئالتۇن يىغىشتەك ئىشلار بى-
لەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، ئەسكەرلەرنىڭ نارازىلىقىنى قوز-
غاپ قويغانلىقتىن، ئەسكەرلەرنىڭ كەيپىياتى تۆۋەنلەپ
كەتكەن ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن
گومىنداڭ ھەربى، سىياسى جەھەتلەردە مەغلۇبىيەتكە
ئۇچرىدى. جۇشاۋلياڭ، ۋۇجۇڭشىنلار بۇ ئىشنىڭ ھوددى-
سىدىن چىقالماي جياڭجيېشىنىڭ مالىيە، ئەسكىرىي كۈ-
چى جەھەتلەردە قوللىشىنى تەلەپ قىلىشتى. ئەمما جياڭ
جيېشىمۇ ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۈزلۈكسىز
ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ تۇرغانلىقتىن، ئىقتىسادىي
جەھەتتە كۈندىن - كۈنگە ۋەيران بولۇپ، شىنجاڭغا
قارىيالمىغاچقا ئامالسىزلىقتىن، 1945 - يىلى يازدا
يۈپىڭفى، جياڭجىڭگولارنى شىنجاڭغا ھال سوراشقا
ئەۋەتتى. بۇ پەقەت ئىشنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈ-
ۋېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. جياڭجىڭگو ئال-
دىنقى سەپنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقماقچى بولۇپ ئۆزى
بىۋاستە شىخۇ ئالدىنقى سېپىنى كۆزدىن كەچۈردى. شى
يىفىڭ قىسىملىرىنىڭ تەمىناتى ناچار، ئەسكەرلەرنىڭ
جەڭگىۋارلىقى تۆۋەن بولغاچقا، قوشۇندا نارازىلىق

كوپ ئىدى. شۇ چاغدا ئەنۋەنخۇي، شىيېڭغا شىنجاڭنىڭ يوللىرى ئۇزۇن، ساپلا چوللۇك، ھازىر ئەسكەرلەر يېتىشمەيدۇ، ئەمىنا تېتا قىيىنلىشۋاتىمىز، قارىماققا سوقۇشقاندىن كورە «ھال سوراش» مۇۋاپىقراق كورۇنىدۇ دىگەن ئىدى. شى بېشىنى لىڭشىتىپ ئوز كوزقارىشىنىڭمۇ ئوخشاشلىغىنى بىلدۇردى. ئۇ چاغدا شى ئىچكى - تاشقى جەھەتلەردە قىستىلىپ مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. شۇڭا شى جياڭجىيگونىڭ شىخۇغا كەلگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئەسكەرلىرىگە تومۇز ئىسسىغىدا ھەممىسىگە دىگۇدەك پىيما كىيگۈزۈپ جياڭنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن سەپ قىلىپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغۇزۇپ شۇ ئارقىلىق تەنە قىلدى. جياڭ بۇ ئىشلارنى كورۇپ تۇرۇپ كورمەسكە سالدى، ئالدىنقى سەپتە ئۇزۇن تۇرۇشنى بىئەپ كورۇپ، شۇنداقلا ئايلىنىپ قويدى - دە، قايتىپ بارغاندا يۇقۇرىغا مەلۇم قىلىشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن ئالدىنقى سەپ ھوججەتلىك فىلىمىنى سۇرەتكە ئېلىپ بولۇپلا شۇ كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى.

ئۇ چاغدا شىيېڭنىڭ جىڭنى مۇھىم جاي دەپ قاراپ ئەسكىرىي كۈچىنىڭ كوپ قىسمىنى ئالدىنقى سەپكە ئورۇنلاشتۇردى. شىخۇ، قاراسۇ قاتارلىق جايلاردا ھەربى قىسىملارنىڭ سانى ئازراق ئىدى. شى ئەسلىدە شىخۇنىڭ شەھەر ئىچىدىكى خەندەكلەرنى رېمونت قىلىپ ياساپ شەھەرنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتمەكچى بولغان



ئىدى. كورپۇس ئىشتاۋىدىكىلەر بىلەن ئالاقىدار تارماقلار شەھەر رايونىدىكى ھەر قايسى جايلارنى ئاتلىق كوزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كىيىن، قۇرۇلۇش كولىمىنىڭ بىر قەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭغا ناھايىتى كوپ مەبلەغ كېتىدىغانلىغىنى ئاڭلاپ جىمىپ قېلىشتى. بۇ ئىشقا قارىتا يۇقۇرى - تووەندىكىلەرنىڭ باشقىچە پىلانى بار - يوقلۇغىنى سىرتتىكىلەر ئۇقمايتتى. شەھەر مۇداپىئەسىنى تاشلاپ قويۇشىدىن قارىغاندا شىڭنىڭ ئالىقاچانلا شەھەرنى تاشلاپ كېتىش پىلانى باردەك قىلاتتى. شىخۇ يول ئۈستى بولۇپ شەرقتە ئۈرۈمچىگە، غەرپتە غۇلجىغا بارغىلى بولاتتى، جەنۇبى مايتاققا تۇتۇشاتتى، شىمالدىن چوچەك، ئالتايغا بارغىلى بولاتتى، شىخۇ قولدىن كېتىدىغانلا بولسا، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي بىرلىشىۋالاتتى - دە، ئۈرۈمچىمۇ قولدىن كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

1945 - يىلى 7 - 8 - ئايلاردا شىخۇدىكى بەزى شەھەر ئاھالىلىرى ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ يەتكەچكە، ئاستا - ئاستا ئائىلە تەۋەلىرىنى ئېلىپ يوشۇرۇنچە شىخۇنىڭ شەرقىغە قاراپ كەتكىلى تۇردى. ئەنۋەنخۇيمۇ ماناسقا «تەشۋىق - ھال سوراش»قا بېرىشنى بانا قىلىپ تىكىۋەتتى.

ئەسلىدە مىللى ئارمىيە جىڭنىڭ غەربىدە گونىڭ دىۋىزىيىسى بىلەن تىركىشىش جىڭى قىلىپ ئۇلارنىڭ

ئاساسلىق كۈچىنى ئۆزىگە قارىتىۋاتقاندا، يەنە بىر تۈركۈم پارتىزان قىسىملىرى بورتالانىڭ شەرقىي شىمالىنى ئايلىنىپ تارباغاتاي رايونىغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق يان تەرەپتىن شىخۇنى ئالماقچى بولدى. بۇ پارتىزان قىسىملىرى 1945 - يىلى 3 - ئايدا دوربىلجىن، چاغانتوقاي تاغ رايونلىرىغا بېسىپ كىردى. شۇ چاغدا تارباغاتاي رايونىدا ھەربىي قىسىملاردىن 3 پولك بولۇپ (چوچەك، دوربىلجىن، قوبۇقساردا بىردىن پولك بار ئىدى) پارتىزان قىسىملىرى گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىپ بولۇپ تۇرغانلىقتىن، بۇ يەرلەردە تۇرۇشلۇق قىسىملار دائىم ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەيتتى. 6 - ئايلاردا ۋۇجۇڭشىن چوچەككە ئادەم ئەۋەتىپ قازاق خەلقلىرىدىن «ھال سورىغان» بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگە كەلگەندە كونا بوران ئېغىزى، چاغانتوقاي، تولىقا تارلىق جايلاردا قارشى تەرەپنىڭ قوراللىق قىسىملىرى تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، كونا بوران ئېغىزىدا بىرلىشىپ 28 - كۈنى دوربىلجىننى، 31 - كۈنى چوچەكنى ئالدى. قوبۇقسار 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ساۋەن 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئارقىمۇ - ئارقا قولدىن كەتتى.

مىللى ئارمىيە ئالدى بىلەن زور ئەسكىرىي كۈچىنى تەشكىللەپ قاراسۇنى قولغا ئېلىپ، شىخۇنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئالماقچى بولدى. 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مىللى



ئارمىيە قاراسۇدىن 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايلارنى ئىگەللىدى. 12 - كۈنى ئۇلارنىڭ يەنە بىر قىسمى شىخۇ بىلەن جىڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گورتوغا ھۇجۇم قىلىپ قاتناشنى ئۈزۈپ قويۇش ۋە قاتناشنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 26 - كۈنى مىللى ئارمىيە يەنە شىخونىڭ شىمالىدىكى شياۋساۋخۇغا ھۇجۇم قىلغان ئىدى. دەسلەپتە ئاتلىق 1 - دىۋىزىيىدىكى خەن پولكىنىڭ مەلۇم قىسمى تەرىپىدىن چېكىندۈرۈلدى. كېيىن مىللى ئارمىيە ئەسكىرىي كۈچىنى كۆپەيتىپ ئىككى مىنامىيوت بىلەن ھۇجۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن خەننىڭ پولكى چېكىندى. خەن قاراسۇغا چېكىنىپ كېلىپ ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقان 300 نەچچە ئەسكەر بىلەن بىرلىشىپ جان تىكىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئەمما مىللى ئارمىيە ئەسكىرىي كۈچى جەھەتتە ئۆزىنىڭ 300 نەچچە ئەسكىرىنى 1000 دىن ئارتۇق ئادەمگە كۆپەيتكەنلىكى، قورال - ياراقلىرىنىڭ خىل بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان قىسىم 28 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە جەڭ قىلىپ كونا شىخۇغا چېكىندى. 3 - كۈنى جەڭ شىخۇ شەھىرىنىڭ شىمالىغىچە يېتىپ كەلدى. مىللى ئارمىيىنىڭ ئەسكىرى كۆپىيىپ 4000 دىن ئاشتى، زەمبىرەك ئاۋازى كۆككە كۆتۈرۈلۈپ جەڭ ناھايىتى كەسكىن بولدى. ئالدىنقى سەپ مۇداپىئە لىنىيىسىنى تالىشىش جېڭى جىددىيلەشتى. 4 - كۈنى ئىلى تەرەپنىڭ ئايروپىلانلىرى

شىخۇنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا پەيدا بولۇپ، شەھەر ئۈچىگە بومبا تاشلىدى. خەلقلەر ئارقا - ئارقىدىن شەرق تەرەپكە كوچۇشكە باشلىدى. 5 - كۈنى مىللى ئارمىيە بەش كوۋرۇككە يېتىپ كەلدى. كورپۇس باشلىقى شى 1 - پولكقا قايتۇرما زەربە بېرىشكە بۇيرۇپ ئۇلارغا بىر دانە تاغ زەمبىرىكى بەردى. 6 - كۈنى جەڭ يەنىمۇ كەسكىن بولدى. شى ئەسكەرلىرى زېنىت توپ بىلەن شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىدىن شەھەرنىڭ شىمالىغا ئوق ياغدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئەھۋال بىر ئاز ئوڭشالدى. 7 - كۈنى ئىلى تەرەپنىڭ ئايروپىلانلىرى پەس ئۇچۇپ بومبا تاشلاپ ئوق ياغدۇردى. بۇ يەردە تۇرۇشلۇق گۇەن يىنگى 9 - پولكىنىڭ كوپ قىسمى ھالاك بولدى. مىللى ئارمىيىدىن قۇربان بولغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. شىخۇ تازا خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقاندا مايتاغ نېفىت زاۋۇدىدىكى خادىملار بىلەن ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقان ھەربىيلەر يەنسخەيگە چېكىنگىلى تۇردى.

ۋەزىيەت مۇشۇنداق جىددى ئۆزگىرىپ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ زەمبىرەكلىرى توختىماي ئېتىلىپ تۇرغانلىقتىن، پۈتۈن شەھەر بىر مەزگىل قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ناھىيىلىك بانكا ئۆزىدىكى قەغەز پۇللارنى ئىدارىدىكى خادىملىرىغا تارقىتىپ بەردى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت پۇللارنى تارقىتىۋېتىپ ئەچىقىپ كېتىش ئىدى. پۇل ئالغۇچىنىڭ ئىسمى، ئالغان پۇل ئاستىرىتتىن خا-



تىرلەندى (كېيىن ماناسقا بارغاندا، بانكا بۇ ئىشنى ئەن ۋىنخۇيغا دوكلات قىلىپ، پۇللارنى يىغىۋالماقچى بولغان ئىدى. كېيىن قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى ئۇقمىدۇق) شەھەر ئاھالىلىرى كالا، ئات، ھارۋىلار ياكى ئاپتوموبىللارغا ئائىلە تەۋەلىرىنى سېلىپ، ئارقا كۆچىدىن سىرتقا قېچىشقا باشلىدى. شۇ كۈنى گۇگۇم چۈشۈشتىن ئاۋال كورپۇس ئىشتاۋىدا تۇساتتىن شىمالىي سېپىلنىڭ يېنىدىكى شەھەر ئاھالىلىرى جىددى قېچىشىپتۇ دىگەن خەۋەر تارقالدى. كەچ كىرىش بىلەنلا بۇ ئەتراپتا مىنامىيوتنىڭ گۈمبۈرلەپ پارتلاۋاتقان ئاۋازلىرى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇردى. شىمالىي سېپىل تۈۋىدە ئوت يالقۇنلىرى بىردەمدىلا ئاسمان-پەلەككە كوتىرىلدى. ئوق ئاۋازلىرى يەنىمۇ كۈچەيگىلى تۇردى. لېكىن ھۇررا سادالىرى ئاڭلانمايتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ چاغدا مىللى ئارمىيە تېخى شەھەرگە كىرمىگەن ئىدى.

بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان ھەربىيلەر كېچىدىلا ئۆزلىرىنىڭ ئېغىر قوراللىرى ۋە ھەربى لازىمەتلىكلىرىنى تاشلاپ ھەتتا بەزىلىرى قۇرۇق قول تاشيول بويلاپ قېچىپ كەتكەن ئىكەن. مەن مەمۇرى مەھكىمىدە ئىشلەۋاتقىنىم ئۈچۈن مەنمۇ يېڭىلگەن ئەسكەرلەرگە قوشۇلۇپ چېكىنىپ كېتىۋېتىپ ئارقامغا قارىسام شىخۇدىكى ئوت يالقۇنى

ئاسمان - پەلەككە كۆتۈرۈلگەن، يەر - جاھان قىپ - قىزىل يالقۇن ئىچىدە قالغان ئىكەن.

مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ كېتىۋاتقان ھەربىي ۋە خەلقنىڭ بىر قىسمى تاشيول بويلاپ مېڭىپ كۆيتۈك كۆۋرۈگىدىن ئۆتكۈشلۈق ئۆتۈپ شەرققە قاراپ كەتتى. بىر قىسمى كۆۋرۈك ئۈستىدە مىللى ئارمىيىنىڭ توسۇۋېلىشىدىن قورقۇپ تاغ تەرەپكە مېڭىپ، كۆيتۈك دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ قېچىپ كېتىشتى.

جىڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى يەن زۇلىن ئالاقزادىلىك ئىچىدە دەريادىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ناھىيىنىڭ تامغىسىنى سۇدا ئېقىتىپ قويغان. دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن كىشىلەر ئاستا - ئاستا توپلىشىپ بىرلىكتە تاشيول بويلاپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئۈستىگە ئەسكەرلەر ئولتۇرغان، چوققىسىغا پىلىموت ئورنىتىلغان بىر ماشىنا يول بوشىتىڭلار، دەپ ۋاقىراپ ماشىنىسىنىڭ چىراقلىرىنى يورۇتۇپ ئۇچقاندەك شەرققە قاراپ كېتىپ قالدى. ماشىنا ئۈستىدىكىلەرگە ئېتىۋارسىز قاراشقا بولمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. 8 - كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر ئايروپىلان غەرپ تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىپ بۇ ھەربىي ۋە خەلقلەر، ئات ھارۋا، توگە قاتارلىقلار ئارىلىشىپ شەكىللەنگەن ئۇزۇن سەپنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولدى. كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن يەرگە دۈم يېتىۋېلىشتى، لېكىن ئايروپىلان بومباردىمان قىلماي، ھاۋادا بىر دەم



ئايلىنىپ يەنە غەرپ تەرەپكە قايتىپ كەتتى. شۇ كۈنى كىشىلەر ئېقىمى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ سەندۇخوزىدىكى ھەربىي قىسىملارنى يىغىۋېلىش ئورنىغا يېتىپ كەلدى. يولدا قوغداپ كەلگەن ئەسكەرلەرنى ئۇچراتمىدۇق. بۇ ئىشتىن كېيىن كورپۇس ئىشتابىدىكى بىر ئوفىتسېرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە بۇ ئوفىتسېر بىر كىچىك ھەربىي قىسىمنى باشلاپ چېكىنىپ كېلىۋېتىپ يولدا مىللى ئارمىيە بىلەن ئانچە - مۇنچە دوقۇرۇشۇپ قالغان بولسىمۇ لېكىن سوقۇشمىغان.

سەندۇخوزىدا بىر كېچە قونۇپ 9 - كۈنى شەرققە قاراپ يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. يولداكەنت - مەھەللىلەر ئۆز پېتىچە تۇرۇپتۇ. ئېتىز - ئېرىقلار ياپ - يېشىلچىلىق، لېكىن بىرمۇ ئادەم قالماي ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كېتىپ قالغان ئىكەن. شىخەنزىگە كەلگەندە بىر ئۆينىڭ كېڭى ئۈستىدە چاچ - ساقاللىرى ئاپپاق بولۇپ كەتكەن بىر خەنزۇ بوۋاينىڭ كېسەلدىن مىدىرلىيالماي ياتقانلىقىنى كۆردۇق. بۇ قېرى كىشى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلاردىن ئۆزىگە بىر چىلەك سوغاق سۇ بىر چىنە ئەكىلىپ يېنىغا قويۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

يول بويىدىكى جايلارنى قېچىپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلەر پاتپاراقچىلىققا سېلىپ، بەزىلىرى خەلقنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى، بەزىلىرى مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ كېتىۋاتاتتى. ھەتتا مەن كېيىپ يۈرۈۋاتقان بىر جۈپ كو-

ئا ئوتتۇگىمىزمۇ ئۇلارنىڭ كوزى چۈشۈپ قالغان بولسا
كېرەك، پىيادە كېتىۋاتقان بىر قاچاق ئەسكەر مىلتىقى-
نى ماڭا تەڭلەپ تۇرۇپ ئوتتۇگىمنى مەجبۇرى سالدۇر-
ۋالدى. ئۇ پۇتىدىكى لاتا خەيىنى بېرىپ كېتىپ قالدى.
لاتا خەيگە قارىسام ئۇمۇ كونىراپ يىرتىلىپ كەتكەن
ئىكەن. ئۇ مېنىڭ ئوتتۇگىمنى كىيىۋىدى ئۇ ھەم ئېغىر،
ھەم كېلەڭسىز بولغاچقا باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قېلى-
ۋاتقانلىقىنى كورۇپ يەنە مىلتىقىنى تەڭلەپ تۇرۇپ ئو-
تۇگىڭ بەك ئېغىر ئىكەن دەپ رەنجىپ ئوزىنىڭ كونا
لاتا خەيىنى يەنە ئېلىۋالدى، ئەھۋال مانا شۇنداق قا-
لايمىقان ئىدى. لى تيېجۈن ئارمىيىسى «بىر پەشۋاغىمۇ
يارىمايدىغان ئارمىيە»، «بالا - قازاغا ئۇچرىغان ئار-
مىيە»گە ئايلىنىپ مەغلۇپ بولۇپ ماناس دەرياسىنىڭ
جەنۇبىغىچە چېكىنىپ ئاندىن توختىدى.

ئەسلىدە جىڭنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋاتقان قى-
سىملار شىخو قولدىن كەتكەندىن كېيىن 3 تەرەپتىن قور-
شىلىپ قالغان ئىدى. 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى 45 - دىۋى-
زىيە ئۇرۇمچىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. جۇشاۋلياڭ دەر-
ھال: «ئوق - دورا ئايروپىلان بىلەن ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ،
سىلەردىن پوزىتسىيىنى چىڭ ساقلىشىڭلارنى ئۈمىد قى-
لىمەن» دەپ تېلېگىرامما ئەۋەتىپتۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئا-
لدامچىلىق ئىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە توپ - زەمبىرەك
ئوقلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۇچۇپ چۈشكىلى تۇردى.



9 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 8 دە ئىلى تەرەپتىن 3 ئاي-
روپىلان كېلىپ پەس ئۇچۇپ ئوققا تۇتتى. ئوفىتسېر،
جەڭچىلەردىن 130 كىشى ئولدى. جەڭ مەيدانىدا ئوق -
دورىلار تۈگەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، دىۋىزىيە قوماندانى
بىۋاستە قاراشلىق قىسىملارنىڭ ئوق - دورىلىرىنى يوت-
كەپ بەردى. كېچىدە دىۋىزىيە ئىشتاۋى ئەسىرگە ئالغان
ئىككى كىشىنىڭ شىخونىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ
چېكىنىشنى قارار قىلدى. 10 - كۈنى ئەتىگەن سائەت
9 دا نەنسەنتاغ ئېتىكىگە ھۇجۇم قىلغاندا ئارقاسەپ مۇھا-
پىزەتچى قوشۇن مىللى ئارمىيە تەرەپتىن يوقىتىلدى. 11 -
كۈنى چۈشتىن ئاۋال پۈتۈن ئارمىيە قالايمىقانلىشىپ كەتتى.
12 - كۈنى دىۋىزىيە قوماندانى چىگىشوردا يوشۇرۇن زەر-
بىگە ئۇچراپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. پەقەت بىرلا
پولكلا ماناسقا چېكىنىپ كېتەلىدى.

شۇ چاغلاردا شىخو، جىڭ ئەتراپىنى قوغداۋاتقان
قىسىملارنىڭ سانى 10 مىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى. ئۇلار
يېڭى 2 - كورپۇسنىڭ قوماندانلىقىغا قارايتتى. جياڭ
ھاكىمىيىتى چىرىكلىشىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقى، ئى-
گىلىك ئۈزلۈكسىز تۈردە يىمىرىلىپ خىيانەتچىلىك ئەۋج
ئېلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەسكەرلەر قاتلاممۇ - قاتلام
ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىنىپ، قوسىقى تويماي، جەڭگىۋار-
لىقى تۆۋەنلەپ كەتكەن ئىدى. غەربىي لىنىيىنى قوغدا-

ۋاتقان قىسىملارنىڭ قورال - ياراقلىرى خىل بولسىمۇ، لېكىن ئارقىمۇ - ئارقا مەغلۇپ بولۇپ ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا قاراپ چېكىندى ھەمدە 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ماناس دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىنى بۇزۇپ تاشلاپ دەرياغا تايىنىپ مىللىي ئارمىيە بىلەن تىركىشىپ تۇرماقچى بولدى.

بۇ مەزگىلدە ئالتايمۇ 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قولدىن كەتتى. چوچەك قولدىن كەتكەندە ۋالىي پىڭ رۇڭ مەھكىمىدىكى خەنزۇ، خۇيزۇلارنى باشلاپ سوۋېتكە پانا ئىزدەپ كەتتى. ئالتاي ۋالىيسى گاۋبەييۇ قاتارلىقلار ئەسىرگە چۈشتى (تېپچىلىق كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، پىڭ رۇڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغانلارنى گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈش قىلىپ، دۆلەتكە قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار چوچەك چېگرىسى ئىچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆپ قىسمىنى يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تاپشۇرۇۋېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كەلدى. گاۋبەييۇ قاتارلىقلارنى 3 ۋىلايەت تەرەپتىكىلەر ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بەردى). پىڭ رۇڭ، ئەنۋىنخۇي قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا چوچەك ۋە ئىلىنىڭ ۋالىيلىقىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندا ۋۇجۇڭشىن مەنىلىك قىلىپ يەرلىكلەر «تېچ - ئامان بولغاي» دېگەن ئىدى. نەتىجىدە ئىش



كۆتكەنىنىڭ ئەكسىچە «قالايمىقانچىلىق» بىلەن ئاياقلاشتى.

مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىچە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندىن كېيىن. ماناس، قۇتۇبى، سانجى قاتارلىق جايلاردىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان ئارىلىقتا ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلى دەككە - دۈككىگە چۈشتى. كىشىلەر ماناس قولدىن كېتىپ جەڭ ئۈرۈمچىگە كېڭىيىپ قالسا، ئەسكەرلىرىمىز يەنە بالايى - قازاغا ئۇچراپ، تىرە - پىرەك بولۇپ كېتەرمىكىن دەپ چوڭقۇر غەمگە پېتىپ شىنجاڭدىن ئايرىلىپ ئىچكىرىگە كېتىشنىڭ غېمىنى قىلىشقا باشلىدى. ئۈرۈمچىدىكى چوڭ بانكىنىڭ ئالدى ۋە شەھەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى قاپلاپ سودا - سېتىق ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كەتكەن ئىدى. پۇقرالار توپ - توپ بولۇپ مال - مۈلۈكلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىپ لەنجۇغا كېتىشكە تەييارلىنىۋاتاتتى (10 - ئايدىلا شىنجاڭدىن كەتكەنلەر 6000 دىن ئاشتى). مىللىي ئارمىيە شىخوغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن 12 - كۈنى يەنىسخەينى ئالدى. 13 - كۈنى سەندۇخوزىنى ئالدى ھەم ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىچە ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ ئاندىن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكچى بولدى. ۋۇجۇڭشىننىڭ «يەرلىكتىن ھال سوراش»، «بىر تەرەپتىن جەڭ قىلىپ،

بىر تەرەپتىن ھال سوراش»، قاتارلىق ئۇسۇللىرى ھېچنىمىگە يارىمىغانلىغى ئۈچۈن ئامالسىزلىقتىن بىر تەرەپتىن جياڭجيېشىنىڭ ئاتلىق 5 - كورپۇسىنى چىڭخەيدىن شىنجاڭغا تېز يوتكەپ، ئۇلارنى ئۈرۈمچى تۇدۇڭخابا، سانجى، قوتۇبى، چىتەي، فۇكاڭ، جىمسار، مورى دەرياسى، چوڭ تاش قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ۋەزىيەتنى ئاز - تولا بولسىمۇ مۇقىملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ۋۇجۇڭشىن جەڭ بىلەنلا مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تەس ئىكەنلىگىنى ھېس قىلىپ، جياڭجيېشىنىڭ شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي يەنىكى 3 ۋىلايەت كىشىلىرى بىلەن سوھبەت قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئوڭشاشقا كۈچىنىڭ يەتمەيدىغانلىغىنى ھېس قىلىپ، بۇ يەردىن قولنى ئۈزمەكچى بولۇپ، ئىلتىماس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جياڭجيېشى جاڭجىجۇڭنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ئۇ 1945 - يىلى 10-ئاينىڭ 17 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن 3 ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئۈرۈمچىدە تىنچلىق بىتىم سوھبىتىنى ئېلىپ باردى. 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى بىتىم ھاسىل قىلىندى. ۋۇجۇڭشىن 46 - يىلى 3 - ئايدا چۇڭچىڭگە قايتىپ كەتتى. جۇشاۋلياڭمۇ ۋۇدىن بۇرۇنراق لەنجۇغا كەتكەن ئىدى.



# گومىنداڭنىڭ زاپاس 7 - دىۋىزىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋالغا يۈزتۇتۇشىنىڭ قىسقىچە ئۆتمۈشى

دۇشۇ يىزىڭ

گومىنداڭنىڭ زاپاس 7 - دىۋىزىيىسى 1944-يىلى ئەتىيازدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇنىڭ كېلىشى شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانى شىڭشىسەيگە تەھدىت بولۇپ، شىڭشىسەينى ئۇزۇن يىللاردىن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرۇۋاتقان شىنجاڭدىن بۇرۇنراق ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. بۇ دىۋىزىيىنىڭ كېلىشى شىنجاڭنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىنى تىنچلاندۇرۇپلا قالماي، يەنە شىڭشىسەينىڭ ئەسلىدە تۈزگەن شىنجاڭدىن ئايرىلىشتىن ئاۋال بىر تۈركۈم ئوخشىمىغان كوز قاراشتىكى ئاتاقلىق ئەرباپلارنى قىرىپ تاشلاش توغرىسىدىكى سۇيىقەستلىك پىلانىنى بەربات قىلىۋەتتى. مەن شۇ ۋاقىتتا بۇ دىۋىزىيىنىڭ سىياسى باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى بولغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋالغا يۈز تۇتۇشى توغرىسىدىكى قىسقىچە ئۆتمۈشىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى بىلىمەن. شۇڭا، مەن ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ

بايان قىلماقچىمەن، ئەپسۇسكى بۇ 30 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىشلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسلىمىدە نۇقسانلاردىن خالى بولۇش تەس، بىلگۈچىلەرنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

## 1. زاپاس 7 - دىۋىزىيىنىڭ تەشكىللىنىش جەريانى

زاپاس 7 - دىۋىزىيە 1938 - يىلى ئەتىيازدا قەدىمىي شەھەر شىئەندە تەشكىللەنگەن ئىدى. ئۇ چاغدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش 2 - يىلىغا قەدەم قويغان بولۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرى شىمالىي جۇڭگوغا كەڭ كولەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن بېيجىڭ، تيەنجىن، تەييۈەن قولدىن كەتكەن، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئارقىمۇئارقا مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەنلىكتىن ھەرقايسى ئۇرۇش رايونلىرىدا يېڭىدىن سەپلەنگەن ئەسكەرلەرنى تەربىيەلەش باشقارمىلىرى بىر - بىرلەپ قۇرۇلغىلى تۇردى. ھەم دىۋىزىيە، باتالىيون تۇرۇشلۇق جايلاردا ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بىر قېتىمدىلا 10 زاپاس دىۋىزىيە قۇرۇلدى، غەربىي شىمال رايونىدا ئايرىم ھالدا 3 دىۋىزىيە يەنى 1 -، 3 -، 7 - زاپاس دىۋىزىيەلەر قۇرۇلدى. دىۋىزىيە كوماندىرى شى پۇسەننىڭ 1 - دىۋىزىيىسى شەنشى نىڭشاڭ ناھىيىسىدە تۇردى. دىۋىزىيە كو-



ماندىرى جۇكەيشۇنىڭ 3 - دىۋىزىيىسى باۋجىدا، دىۋىزىيە كوماندىرى يەن مىڭنىڭ 7 - دىۋىزىيىسى گەنسۇنىڭ گويۈەن دېگەن يېرىدە تۇردى، بۇ دىۋىزىيىنىڭ بارلىق ئەسكەرلىرىنى تەلىم - تەربىيە باشقارمىسى يوتكەپ بېرەتتى، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلەرنىڭ كوپى خۇزۇڭنەن ئاچقان 7 شۆبە مەكتەپنىڭ 15 - 16 - قارارىدا ئوقۇغان ئوفىتسېر ئوقۇغۇچىلار ئىدى. مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندىرى فىڭ كىدىڭ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىۋىنىڭ 3 - قارارىنى پۈتتۈرگەن، سەنمۇ جاڭ لۇڭ جۇڭيى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئىدى. بۇ دىۋىزىيىگە 3 پىيادە ئەسكەرلەر پولكى يەنى پولكوۋنىك دۇسۇيىنىڭ 20 - پولكى، پولكوۋنىك خۇاڭ جۇفىيىنىڭ 21 - پولكى قارايتتى. بۇ دىۋىزىيىدىكى ئوفىتسېر ۋە جەڭچىلەرنىڭ سانى خېلىلا تولۇق بولۇپ، پۈتۈن دىۋىزىيىدە 7000 دىن كوپ ئادەم بار ئىدى. بۇ دىۋىزىيە چېخوسلوۋاكىيىدە ئىشلەنگەن ئېغىر - يېنىك پىلىموت، مىلتىق قاتارلىق ھەرخىل قوراللار بىلەن قوراللانغان ئىدى. ئۇلاردا پەقەت ئېغىر تىپتىكى قورال - ياراقلار يوق ئىدى، بۇ دىۋىزىيە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە تېخى جەڭ قىلغۇچى قىسىملار قاتارىغا كىرگۈزۈلمەي، ئارقا سەپ مۇداپىئە قىسىملىرى ھېساپلىنىپ شەرقىي گەنسۇنى 6 يىلدەك مۇداپىئە قىلىپ تۇردى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى نامدا ئارقا سەپ قاتناش

ئىشلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش دېيىلسىمۇ ئەمەلىيەتتە شەنشى، گەنسۇ، نىڭشا چېگرا رايونلىرىنى پايلاش ۋە قامال قىلىش ئىدى.

## 2. ساگوۋدىكى خۇيزۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى باستۇرۇش

شەرقىي گەنسۇ، شىئەن - لەنجۇ تاشيولىنىڭ مۇھىم تۈگىنى بولۇپ، مۇھىم بىر ھەربى تەمىنات لىنىيەسى ھېساپلىناتتى. پىڭلياڭ شەھىرى بۇ جاينىڭ سىياسى، ھەربى ئىشلار مەركىزى بولۇپ، ۋالىي مەھكىمىسى ۋە 42 - كورپۇسنىڭ كورپۇس ئىشتاۋى مۇشۇ يەردە ئىدى. ۋالىي ماجىجۇ، كورپۇس كوماندىرى ياڭدېلياڭلار ئىسلام دىنى ئېتىقاتچىلىرى، ئۇلارمۇ پىڭلياڭدا تۇراتتى. بۇ رايوندا نەچچە يۈز مىڭ مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، تارىختا تولا مالىمان چىققان جاي ھېساپلىناتتى. جۇشاۋلياڭ گەنسۇغا ھوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە بۇ جايدا بىر قېتىملىق توپىلاڭ يۈز بەرگەندە جۇشاۋلياڭ توپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى ماگۈينى قورال كۈچى بىلەن مەجبۇرلاپ لەنجۇغا ئاپىرىپ نەزەربەنت قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى ماسىيى كوكلىدە ئاداۋەت ساقلاپ يايون باسقۇنچىلىرىنىڭ زور كولەمدە ئەسكەر چىقىرىپ چېگرىنى بېسىۋالغان پۇرسىتىدىن پاي-



دىلىنىپ ساگوۋدىكى خۇيزۇلارنى ئاشلىق يىغىش، ئەلۋانە توپلاشقا قارشى تۇرۇشقا قۇترىتاتتى. 1941 - يىلى ئەتىيازدا بۇ كۈچلەر ليۇپەنشەن رايونىدا كېڭىشىۋاتقان سودىگەرلەرنى بۇلاش بىلەنلا قالماي، يەنە شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ھەربىلەرگە ھۇجۇم قىلدى. بىر قېتىم ئۇلار لۇڭدې ناھىيىسىدە تۇرۇۋاتقان زاپاس 7 - دىۋىزىيە 21 - پولكىنىڭ پىلىموتچىلار روتىسىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ 2 دانە ئېغىر پىلىموتنى بۇلاپ كەتتى ھەمدە 10 نەچچە ئەسكەرنى ئۆلتۈردى ۋە زەخىملەندۈردى. ھەتتا پولكوۋنىك خۇاڭجۇفى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغىلى تاس قالدى. بىر مەزگىل بۇ رايوننىڭ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ شەنشى، گەنسۇ دائىرىلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. 42 - كورپۇس قوماندانى ياڭدېلياڭ ۋۇيۈنجۇۋنىڭ 191 - دىۋىزىيىسىنى توپىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئەمما بۇ توخۇ يۈرەك كوماندىر ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ ۋەقە چىققان جايغا يەتكەندە كۈنبويى تالا - تۈزگە چىقماي يېتىۋالغانلىقتىن، توپىلاڭچىلارنىڭ خورىگى ئۆسۈپ قالدى. خېجۇ رايونىدىكى خۇيزۇلارمۇ شۇ چاغلاردا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. بىرەر شەپە چىقسا جىددىيلىشىپ كېتەتتى. چۇڭچىڭ دائىرىلىرى 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ مەسئۇلى جۇشاۋلياڭنى ئەيىپلەپ بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە قورال كۈچى بىلەن توپىلاڭنى باستۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى، شۇنىڭ بىلەن زاپاس 7 - دىۋىزىيە-

نى باستۇرۇش ئىشىغا بۇيرىدى. دىۋىزىيە كوماندىرى يەنمىڭ بىلەن قوشۇنلارنى باشلاپ توپىلاڭنى باستۇرۇشقا بىز ئىككىمىز 1941 - يىلى 5 - ئايدا كۈچەيتىلگەن بىر باتالىيوننى باشلاپ ياڭلاڭ بازىرىدىن ئۆتۈپ ساگوۋدىكى لىجۇن قەلئەسىگە كىردۇق ھەم دەرھال كەنت باشلىقى ماگوۋۇ قاتارلىق يەرلىك تەسىرى بار زاتلارنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەرىكەتنىڭ مەقسىدى ۋە ئىرادىمىزنى ئېنىق چۈشەندۈردۇق ھەمدە دىۋىزىيە كوماندىرى يەنمىڭنىڭ نامىدا مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ماسېيىنىڭ كېلىشى ھەم كېلىپ - كېتىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ خەت يازدۇق، خەتنى كەنت باشلىقى ماگوۋۇ ئېلىپ بېرىپ بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە جاۋاپ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتۇق. بىز شۇ چاغدا بۇ ئىشقا ئانچە زور ئۈمىت باغلىمىدۇق ھەم ئەسكىرىي كۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتتۇق. 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن لىجۇن قەلئەسىگە تەخمىنەن 20 نەچچە لى كېلىدىغان غەربىي جەنۇپ تەرەپتىكى كول ئەتراپىدا خۇيزۇلارنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر ئالدۇق، يەنە شۇ چاغدا بىرمۇنچە كىشىلەر بىز تۇرۇۋاتقان جاينىڭ يېنىغا قېچىپ كېلىشتى. يەنمىڭ دەرھال قىسىملارنى باشلاپ يولغا چىقتى، چۈشتىن كېيىن سائەت 5 لەردە كول-



نىڭ غەربىي تەرىپىدە ماسېيى باشچىلىقىدىكى نەچچە يۈزلىگەن ئاينىغان خەلقلەر بىلەن تۇتۇشۇپ قالدۇق. بىز تاغنىڭ ئېگىز يېرىنى ئىگەللەپ، ئەسكىرىي كۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇق، ئۇلار قارشى تەرەپتىكى تاغ چوققىسىنى ئىگەللەپ بىز بىلەن تىركەشتى. شۇنىڭ بىلەن بىز بىر - بىرىمىزگە ئوق ئېتىشىپ تۇردۇق. جەڭ باشلانغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قالايمىقان ۋاقىراپ - جاقىراپ تۇرغانلىقى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئاندا - ساندا ئېتىلغان مىلتىق ۋە پىلىموت ئوقلىرى بىزنىڭ جېنىدىمىز ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ تۇراتتى. بىز مىنامىيوت بىلەن قايتۇرما زەربە بەردۇق، جەڭ بىر كېچە داۋاملاشتى. تاڭ ئاتقاندا بىزگە ياردەمگە كەلگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر يېتىپ كەلدى. قارشى تەرەپتىكىلەر قورقۇشۇپ تەرەپ - تەرەپكە قاچتى، ماسېيى 10 نەچچە ئاتلىق ئادىمى بىلەن غەربىي شىمال تەرەپكە قېچىپ كەتتى. جەڭ مەيدانىنى تازىلىغاندا 100 دىن ئارتۇق جەسەت ۋە ئېغىر يارىدار، 200 دىن ئارتۇق ئۆلگەن ئات - ئۇلاق، 2 پىلىموت قالغانلىقىنى ئېنىقلىدۇق. بىز لىجۇن قەلئەسىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا چوڭچىڭ، شىئەن، لەنجۇغا بۇ ئەھۋالنى دوكلات قىلدۇق. كورپۇس باشلىقى ياڭدېلياڭغا دوكلات قىلمىدۇق، چۈنكى يەنمىڭ چوكچىلىق قىلىپ ياڭدېلياڭ بىلەن كېلىشەلمەيتتى.

## 3. يەن مىڭ قانداق قىلىپ دىۋىزىيە باشلىقى بولغان

بىز ساگوۋدىكى توپىلاڭنى تىنچىتىپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىمىزدا يەن مىڭ بىلەن مەن بىر جىپ ماشىنىدا ماڭدىم. ئۇ ماشىنىدا ناھايىتى روھلانغان ھالدا ئۆزىنىڭ مۇئاۋىن لۈيجاڭلىقتىن دىۋىزىيە سىجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنلىك جەريانىنى سۆزلەپ بەردى: شىئەن ۋەقەسى يۈز بەرگەندە ئۇ مۇئاۋىن لۈيجاڭ بولۇپ شىمالىي شەنشى شۇنيىدە تۇرغان ئىكەن، بىر كۈنى قىزىل ئارمىيە بۇ بىرىگادىنى ۋە ئۇنىڭغا بىۋاستە قاراشلىق مۇھاپىزەتچىلەر دۈيىنى قورشىۋالىدۇ، ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي بولغان بىر پەيتتە ئۇ سۈيىقەست ئىشلىتىپ قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، جەڭچىلەرنى يىغىپ قورال - ياراقلارنى تىزىپ ھىساۋىنى بېرىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن قىزىل ئارمىيىنىڭ 200 مېتىر چېكىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. قىزىل ئارمىيە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ چېكىنگەندىن كېيىن ئۇ ئادەملىرىنى پىستۈرما قىلىپ 100 مېتىر دائىرىگە كەلگىچە ئوق چىقارماسلىقنى، بارلىق ھەركەتتە ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشنىڭ لازىملىقىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە قىزىل ئارمىيە بۇ ئالدامغا چۈشۈپ ناھايىتى زور تالاپەت بېرىپ، قورشاۋنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.



شۇنداق قىلىپ ئۇ، ئۆز قىسمىنى ساقلاپ قالىدۇ. كېيىن گومىنداڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەمكارلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش كېلىشىمى ھاسىل قىلىنغاندا، 1937 - يىلى رەئىس ماۋزېدۇڭ خۇزۇڭنەنگە خەت يېزىپ سىزدە يەن مىڭدەك قابىلىيەتلىك گېنېرال بار ئىكەن، نىمىشقا ئۇنى ياپونغا قارشى تۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرمايسىز دىگەن. شۇنىڭ بىلەن خۇزۇڭنەن ئۇنى سىجاڭلىققا ئۆستۈرگەن، ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندا تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ خەت ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ خۇزۇڭنەن قىسىملىرى ئىچىدە ئۇنىڭ ئابرويى زور دەرىجىدە كۆتىرىلىپ كەتكەن. ئۇ، بۇ كەچۈرمىشلىرىنى ناھايىتى كۆرەڭلىك بىلەن سۆزلەپ بەردى. 1948 - يىلى زاپاس 7 - دىۋىزىيە ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا يۆتكەلگەن چاغدا، يەن مىڭ شەنشىگە يۆتكىلىپ لىيۇكەننىڭ 90 - كورپۇسىدا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ ئىچكى ئۇرۇشقا قاتناشتى. 1948 - يىلى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن ۋازىبىي ئۇرۇشىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. دېمەك، ئۇ جياڭجيېشىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى قوزغىغان ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ قۇربانى بولۇپ تۈگەشتى.

## 4. شىنجاڭغا كېلىش

1943 - يىلى چۇڭچىڭ دائىرىلىرى 42 - كورپۇسنىڭ 191 - دىۋىزىيىسى بىلەن زاپاس 7 - دىۋىزىيىنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. 1943 - يىلى كۈزدە زاپاس 7 - دىۋىزىيە ئالدى بىلەن يولغا چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن 191- دىۋىزىيىمۇ شەرقتىكى گەنسۇدىن ئايرىلىپ غەربكە يۈرۈش قىلدى. شىڭ شىسەي شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىك تەختىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي ئارقا سەپ تەمىنات ۋە تۇرار جاي مەسىلىلىرىنى بانا قىلىپ، گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە تۈرلۈك يوللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلغانلىقتىن، زاپاس 7 - دىۋىزىيە يېرىم يولدا توختاشقا مەجبۇر بولدى. 1944 - يىلى ئەتىيازدا ئاندىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ لاۋمەنچىڭغا ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېڭى 2 - كورپۇس باشلىقى لى تيېجۈن باشلاپ چىققان شىيېنگىنىڭ 45 - دىۋىزىيىسى بىلەن شۈيرۈچىننىڭ ئارىلاشما بىرىگادىسى قۇمۇل، تۇرپان ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى. شىڭ شىسەي مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا 1944 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭدىن ئايرىلىپ قورچاق مەركىزىي دېخانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا خۇزۇڭنەن لى يۈيشياڭنى 7 - دىۋىزىيىنىڭ سىجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئەۋەتتى. ياڭدېلياڭنىڭ 42 - كورپۇسى



قەشقەردە تۇرغاندا ئەسكىرىي كۈچى يېتىشمىگەنلىكتىن، لى يۈيشياڭ؛ خۇاڭجۇفى پولكىنى ئاقسۇدا تۇرۇشقا ئەۋەتتى. 1946 - يىلى ياڭدېلياڭ ئىچكىرىگە يۆتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن، بۇ كورپۇسنىڭ كورپۇس كوماندىرلىقىنى 8 - ئۇرۇش رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جاۋشىڭگۇاڭ ئۆتكۈزۈۋالدى.

1944 - يىلى كۈزدە ئۇزۇندىن بۇيان شىڭ شىسەي تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىنغان ۋە زۇلۇم سېلىنغان ئىلى، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەخمەتجان، ئابباسوۋ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن بۇ رايونلاردىكى گومىنداڭنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى كونىلار بىلەن يېڭىلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تەشكىللىك، پىلانلىق ئاساستا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا باشلىدى. شۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ ئارمىيە - ھۆكۈمەت چوڭ ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان جۇشاۋلياڭ، ۋۇجۇڭشىن ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، جياڭجيېشىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق زاپاس 7 - دىۋىزىيىنىڭ 19 - پولكى ۋە 20 - پولكى ھەم 21 - پولكىنىڭ بىر باتالىيونى دىۋىزىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق باش قىسىملاردىن بولۇپ، 4000دىن ئارتۇق ئادەمنى لى يۈيشياڭنىڭ باشچىلىقىدا ئىلىغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا قۇمۇل-

دىكى 45 ـ دىۋىزىيىنىڭ 2 پولكىنى خۇيىسى ۋە لىيۇلۇن-
يۈەنىنىڭ باشچىلىغىدا قورغاس، خۇيىيۈەن، توقـقۇزتارا،
كۈنەس قاتارلىق ناھىيىلەردە تۇرۇشقا ئەۋەتتى. جىايۇ-
گۈەندە تۇرۇشلۇق 191 ـ دىۋىزىيىنىڭ 571 ـ پولكى ئار-
قا تەرەپتىن يـاردەملىشىشكە جىڭغا يـوتكەپ كەلـدى.
شۇنـداق قىلىپ گومىنداڭنىڭ ئىلـى رايونىغا يوتكىگەن
ئەسكىرىي كۈچى 8000 دەك ئادەمگە يەتتى.

## 5. ئىلىدىكى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت

زاپاس 7 ـ دىۋىزىيىنى ئاساسىي كۈچ قىلىپ ئىلى
رايونىغا ئەۋەتىلگەن گومىنداڭ قىسىملىرى پۈتۈنلەي پى-
يـادە ئـەسـكـەر ئىدى. ئۇلاردا زەمـبىـرەك، ئـۇرۇش
مـاشىنىسى قـاتارلىق ئېغىر تىپتىكى قورال ـ ياراقلار،
شۇنىڭـدەك چېگرا رايونـلارغا مـاسلىشىدىغان ئـاتلىق
ئەسكەر قىسىملىرىمۇ يوق ئىدى. بـۇ قىسىملار ئـۇيغۇر،
قـازاق خـەلـقـلـىرى تـوپلىشىپ ئـولتۇراقـلاشقان
ئىلىنىڭ چېگرا جايلىرىغا چوڭقۇر ئورۇنلاشقان بولسىمۇ،
ئەمما تەمىنات يەتكۈزۈش مۇساپىسى ئۇزۇن، خـەۋەرلى-
شىش ۋاستىلىرى ناچار بولغاچقا، ئـەمەلىيەتتە بىپايان
قۇملۇقتا يېتىم ھەركەتتە پالەچ ۋە بـولۇنۇش ھـالىتىگە
چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئوفىتسېرلەر قولىدىن ئىش كەل-
مەيدىغان بىلىمسىز كىشىلەر بـولغاچقا، چېگرا رايونلار-
نىڭ تـارىخى ئەھۋالى، مىللەتلەرنىڭ كـەيـپـىـياتـى،



جـەمىيـەت ئەھۋالى تـوغرىسىدا ھـېچنىمـە بـىلمەيتتى.
ئۆزلىرىنىڭ قورالىغا ھەددىدىن ئارتۇق ئىشىنىپ كېتىپ
مىللى ئارمىيىنىڭ كۈچىنى تۆۋەن مۆلچەرلەيتتى. ئەمە-
لىيەتتە ئىلى ۋالىسى چياۋگىنجۇ 1944 ـ يىلى 7 ـ ئاي-
دا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ۋە نەزەربەنت
قىلىنغاندىن كېيىن ھەر قايسى جـايلاردىكى مەمۇرى ئە-
مەلدارلار مەنسەپ باقىۋەندە ئەمەس دەپ قاراپ كۈن ئوت-
كۈزۈشنىڭلا كويىغا چۈشۈپ يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئامانلىق
باشقۇرۇش ئىشلىرىنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپ ئىنتا-
يىن مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان ئىدى. 1944 ـ يىلى 8 ـ
ئايدا غېنى باتۇر توققۇزتارا ناھىيىسىدە تۇرمىدىن قاچ-
قاندىن كېيىن قوزغىلاڭ كوتىرىپ چىقتى. بۇ قـوزغىلاڭ
قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە پـۈتۈن ۋىـلايەتكە كـېڭەيدى.
8 ـ 10 ـ ئـايـلاردا ئىلى ھاكىمى نـيەن زىپۇ، توققۇز-
تارا ھاكىمى لىشوجې، تېكەس ھاكىمى شى جۈنلەر ئىل-
گىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئولتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-
قىتتا ئالتاي تەرەپتىن دەلىلقان ۋە ئوسمان قاتارلىق-
لار بۇ ھەركەتكە ئارقىمۇ ـ ئارقا ئاۋاز قوشۇپ ئوتتۇرى-
غا چىقتى. بۇنىڭ بـىلەن ۋەزىيەت يـەنىمۇ يـامانلاشتى.
يېڭى 2 ـ كورپۇسنىڭ باشلىغى توخۇ يۈرەك لى تيېجۈن،
شى يىغىنىڭلار ئىلىدا تۇرالماي شىخۇغا كېلىپ ئالدىنقى
سەپ قوماندانلىق ئىشتاۋى قۇردى. بـۇنىڭ بـىلەن قو-
شۇنىڭ جەڭگىۋارلىغى بوشىشىپ بېشى يـوقتەك بـولۇپ

قالدى. گوچى بىلەن لى يۈيشياڭ ئىككىسى يېڭىدىن دى-
ۋىزىيە قوماندانى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەربى ئىشلارغا
قوماندانلىق قىلىش قابىلىيىتى ۋە تەجرىبىسى يوق ئىدى.
مانا بۇ ئېغىر ۋەختەرلىك ئەھۋالغا قارىتا قىسىملارنىڭ
ئاساسلىق مەسئۇلى بولۇۋاتقانلار ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ،
سەراسىمگە چۈشۈپ قالدى. بۇ چاغدا ئىلى رايونىدا 10-
ئاينىڭ ئاخىرى بولۇپ قالغاچقا، قىش كىرىپ، توختى-
ماي قار يېغىپ، ھاۋا ناھايىتى سوغاق بولدى. ئەسكەر-
لەرنىڭ كوپ قىسمى ئىچكىرىلىك بولغاچقا قاتتىق سو-
غاققا چىدىيالمايتتى، ئۈنىڭ ئۈستىگە قىسىمنىڭ كىيىم-
كېچەكلىرى جەڭ ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيتتى. مەسىلەن:
ھەربى پىيما يول يۈرۈشكە تولىمۇ ئەپسىز ئىدى. تېرە پە-
لەينىڭ 4 بارماقنى تىقىدىغان يېرى بىرلەشتۈرۈپ تى-
كىلگەنلىكتىن، ئۈنى كىيگەندە مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى
باسقىلى بولمايتتى. بىر قېتىم 571 - پولكنىڭ 2 - با-
تالىيونى كەڭ سايدا مەلۇم ئىگىزلىكنى تالىشىش ئۈچۈن
بولغان ئۇرۇشتا ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ئەسكەرلەر تاققا چى-
قالمىغان. باتالىيون كوماندىرى كەي جىنۋۇ ئەسكەرلەر-
نى پىيما ۋە پەلەيلەرنى سېلىۋېتىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە
بۇيرۇغان، نەتىجىدە ئەسكەرلەرنىڭ قول، پۇتلىرى پۈ-
تۈنلەي ئۈششۈپ كەتكەن، چىقىممۇ چوڭ بولغان. بۇ ئەھ-
ۋالغا قاراپ باتالىيون كوماندىرى كەي جىنۋۇ ئەلەمگە
چىدىيالماي ئۆزىنى ئولتۈرۈۋېلىپ تۈگەشتى. ئۇرۇش باش-



لانغاندىن كېيىن، تېلېفون، خەۋەرلىشىش لىنىيىسى ئال-
دى بىلەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، قىسىملار ئوتتۇرىسى-
دىكى ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، قىسىملار بىر-بىرى-
گە ھەمدەمدە بولالمىدى. بولۇپمۇ قاتناش توسۇلۇپ
قالغانلىقتىن، ماددى ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش
ئىشى مۇھىم مەسىلىگە ئايلاندى. خەۋەرلەردىن
قارىغاندا، 11 - ئايدىن بۇيان قورغاس تەرەپتىن
كەچ چۈشكەندە تانكا ۋە ئۇرۇش ماشىنىلىرى كېلىپ شۇ
يەردە تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ گازارمىلىرىنى ئوققا تۇتۇپ
تاڭ ئاتقاندا ئەسلىدىكى يول بىلەن قايتىپ كەتكەن،
شۇنىڭ بىلەن قىسىملار كوپ زىيانغا ئۇچرىغان. ھاۋادىن
ياردەم بېرىش ئۈچۈن شىخۇ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق
ئىشتاۋى زاپاس 7 - دىۋىزىيە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىلى ئاي-
رۇدۇرۇمىنى ساقلاش توغرىسىدا تېلېگىرام بېرەتتى،
شۇڭا زاپاس 7 - دىۋىزىيىنىڭ پۈتۈن كۈچى ئايرۇدۇرۇم-
نىڭ 4 ئەتراپىنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. بۇ
چاغدا ۋەزىيەت تازا قالايمىقانلاشتى، بىر مۇنچىلىغان
خەنزۇ ئاھالىلىرى جان ئاغاسى قىلىپ، قېرىلارنى يو-
لەپ، بالىلارنى يېتەكلەپ، ئايرۇدۇرۇمغا كېلىۋالدى.
ھەربىلەر بىلەن خەلقلەر ئارىلىشىپ كېتىپ، قېرىلارنىڭ
ۋە بالىلارنىڭ يىغا - زارىسى ھەممە يەرنى قاپلىدى.
ئايرۇدۇرۇمنى ساقلاۋاتقان مۇئاۋىن سىجاڭ دۇدېفۇ،
پولكوۋنىك پىڭجۇنيېلەر بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئامال-

سىز قالدى. ئەسكەرلەر قولىدىكى پۇللىرىنى تۇتۇرۇق
قىلىپ، قارلارنى ئېرىتىپ تاماق ئېتىپ، قايناقسۇ قايـ
نىتىپ ئىچتى. ماددى تەمىنات ئىشى ھەقىقەتەن قىيىن
ئىدى. بىر كۈنى چۈشتىن ئاۋال ئايرۇدۇرۇم ئۈستىدە
3 ئايرۇپىلان پەيدا بولدى. ئوفىتسېر، جەڭچىلەر ئوزىـ
مىزنىڭ ئايرۇپىلانى دەپ ئاكوپلاردىن چىقىپ تەنتەنە
قىلىشىۋاتقىنىدا بۇ ئايرۇپىلانلار تۇيۇقسىزلا ئوق ئاتتى.
نەتىجىدە قىسىم ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى، دۈدىنپۇ نەق
مەيداندىلا ئۆلدى. پىلىكجۇنىيى ئېغىر يارىدارلىنىپ ئۆلۈپ
كەتتى. بۇ قېتىمقى تۇيۇقسىز زەربىدىن كېيىن قىسىملارـ
نىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. مىللى ئارمىيە ھۆججۈمنى كۈـ
چەيتتى، قىسىملار ئوز ئالدىغا جەڭ قىلىپ مۇھاسىرىنى
بوسۇپ چىقىشقا ئۇرۇندى، دىۋىزىيە باشلىقى لى يۈيشياڭ
مۇھاپىزەت ئەترىتىنى باشلاپ قېچىپ نەنسەنگە كەلگەندە
ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. گوچى شۇ قېتىمدا ئەسىرگە
چۈشتى، قىسىمنىڭ باشقا ئوفىتسېر، جەڭچىلىرى تەرەپـ
تەرەپكە تاراپ كېتىپ تەشكىللەنگىنىگە 6 يىلدىن ئاشـ
قان زاپاس 7 - دىۋىزىيە مانا شۇنداق ۋەيران بولدى
(191 - دىۋىزىيىدىكى 571 - پولكنىڭ پولكوۋنىگى زوـ
بىننىڭ ئىز - دېرىكى بولمىدى).

بۇ قېتىمقى مۇھاسىرىنى بوسۇپ چىقىش جېڭىدە
45 - دىۋىزىيىدىكى پولكوۋنىك ليۇلۇنيۈەن ئوز قىسمىـ
دىكى قالدۇق ئەسكەرلەرنى باشلاپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر



قانچە ئاي ئۇرۇش قىلىپ 1945 - يىلى ئەتىيازدا ئۇرۇمچىگە
يېتىپ كەلگەندە، سۈڭشىليەننىڭ قارشى ئېلىشىغا ۋە مۇـ
كاپاتىغا ئېگە بولدى. 1946 - يىلى كۈزدە جاڭجىجۇڭ
ئەپەندى شىنجاڭنىڭ مەمۇرى ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان
مەزگىلدە 3 ۋىلايەت ئارمىيىسى بىلەن بىتىم تۈزۈلۈپ،
شىنجاڭ ۋاقىتلىق ھوكۇمىتى قۇرۇلدى. جاڭجىجۇڭ ۋە
ئولكىلىك گارنىزون ئىشتاۋىدىكى سىياسى خىزمەت
باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لياڭكېشۇن ئىلىنى كوزدىن
كەچۈرۈشكە بېرىپ، ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىش توغرىسىـ
دا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. 1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا
لى يۈيشياڭ، گوچى ۋە بىر قانچە يۈز ئەسىرلەر ئۇرۇمچىـ
گە قايتۇرۇلغاندا سۈڭشىليەن بۇ ئىشنى ھەربىلەر
ئۈچۈن نومۇس دەپ قاراپ بۇ ئىككى نەپەر يېڭىلگەن
سەركەردىنى قوبۇل قىلمىدى. 1945 - يىلى كۈزدە زاـ
پاس 7 - دىۋىزىيە ئاقسۇدا قايتىدىن تەشكىللەندى.
ئۇنىڭغا خۇشىن دىۋىزىيە باشلىقى بولدى، گاۋرۇڭگۇاڭ،
چېن خەيجۇ، گوڭمىڭجىن، ليۇچىڭشۇلار ئايرىم -
ئايرىم ھالدا پولكوۋنىك بولدى. 1946 - يىلى
خۇشىن ئىچكىرىگە يوتكىلىپ كەتكەنلىكتىن،
لى زوتاڭ دىۋىزىيە كوماندىرى بولدى. 1947 -
يىلى كۈزدە قىسىملارنى تەرتىپكە سېـ
لىپ، قايتا تەشكىللەنگەندە بۇ دىۋىزىيە
65 - بىرىگادىغا ئوزگەرتىلدى. 1949 - يىلى "25 - سېنـ

تەبىرىدە قىسىملار ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى 22 - بىڭتۇەنىنىڭ 26 - دىۋىزىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى، كېيىن ئۇ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئىشتاتىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ قوشۇندىكى ھەقىقەتكە قايتقان ئوفىتسېر، جەڭچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دىخانچىلىق مەيدانلىرىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەلۇم تۆھپىلەرنى قوشتى.

زاپاس 7 - دىۋىزىيە ئىلىغا قاراپ يولغا چىققاندا مەن 128 - دىۋىزىيىگە يۆتكىلىپ سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىدىم. بۇ جەرياندىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى شۇنچىلىك بىلىمەن، بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى ئاساسەن لىيۇ ئۇنيۈەن ۋە چاپچال ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى دۇڭ جيەنچيۇلار سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىگەن جايلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئەھۋالنى بىلىدىغانلارنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1980 - يىلى 10 - ئاي، 1981 - يىلى 3 - ئاي



# ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش جەريانىدىن ئەسلىمىلەر

**باۋدىيە نىخۇا**

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭنىڭ گارنىزون باش قوماندانى تاۋسىيۇې پۈتۈن شىنجاڭدىكى كوماندىر، جەڭچىلەرنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتتى. گوۋاڭجۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، خەلق دېموكراتىيىسى لاگېرىغا مايىل بولغانلىقىنى، ماۋجۇشىنىڭ بۇيرۇقىنى سەممىي قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى جاكالىدى. بۇ خوشخەۋەر تارقىلىشى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى خۇشاللىق تەنتەنىسىگە چۆمۈپ، ئەجەپ ياخشى بولدى دېيىشتى. گومىنداڭ ئارمىيىسىدىكى كەڭ كوماندىر، جەڭچىلەرمۇ روھلىنىپ، خۇشال - خوراملىق بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىدىن قۇتۇلۇپ كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىللىق قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. بۇ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان كۈزلىگەن سەممىي ئۈمىدى ئىدى. ئەمما، خەلق بىلەن قار-

شىلىشىدىغان گومىنداڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاز سانلىق جاھىل ئۇنسۇرلار شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۆز ئۆلۈمىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئۆلۈم ئالدىدا جان تالاشماقچى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىمۇ ئۇنداق ئاسانغا چۈشمىدى. ئۇ ئىككى گۇرۇھ (ھەقىقەتكە قايتىشنى خالىغۇچىلار ۋە جاھىللار گۇرۇھى)نىڭ كەسكىن، مۇرەككەپ كۈرەشلىرىنى بېشىدىن كەچۈردى. شۇچاغلاردا مەن غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مۇدىرى جاڭ جىجۇڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانى جاۋشىگۇاڭ تەرىپىدىن ئاقسۇغا قايتا رەتلەپ تەشكىللەپ ئەۋەتىلگەن 65 - بىرىگادىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى،قوشۇمچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پىرقە ئىشلىرىنى نازارەت قىلغۇچى ۋالى ئىدىم. ھەقىقەتكە قايتىشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ھەركەتلەرگە مەن بىۋاستە قاتناشقان ھەم ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئېسىمگە ئالالىغانلىرىمنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن، بۇ ئىشلارنىڭ بولغىنىغا 30 نەچچە يىل بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ۋەقەلەرنى تولۇق ئەسلىيەلىشىم ناتايىن، شۇڭا ئەھۋالنى بىلىدىغانلارنىڭ تولۇقلىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.



## 1. ئاقسۇ ۋەزىيىتىنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ۋە مۇداپىئە ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان ئەسكىرىي كۈچلەر

ئاقسۇ، تارىختا ئاقسۇ ۋە توشقان دەريا ۋادىسىدىكى ھەربىي، سىياسى جەھەتتە ئىستىراتېگىيىلىك مۇھىم جاي بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ قاتناش تۈگۈنى ئىدى. شەرق تەرىپى قاراشەھەرگە 596 كىلومېتىر، غەرب تەرىپى قەشقەرگە 471 كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالىي تەرىپى سوۋېت بىلەن چېگرىداش، جەنۇبىدا تەكلىماكان قۇملۇقى بار بولۇپ،دولەت مۇداپىئەسىدە ئىستىراتېگىيىلىك مۇھىم جاي ھېساپلىناتتى. مۇبادا ئۇرۇش بولۇپ قالىدىغان بولسا، ئۆز ئالدىغا ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كېلەتتى، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئاقسۇ مۇھىم مەمۇرى رايون دەپ قارىلىپ ئۇنىڭغا ئاقسۇ، ۋېنسۇ، باي، كۇچار، شايار، شىڭخا، ئۇچتۇرپان، ئاۋات، كەلپىن، ئاقچى قاتارلىق 10 نەچچە ناھىيە قارايتتى. ۋالى مەھكىمىسى ئاقسۇدا ئىدى. پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ نوپۇسى 700 مىڭغا يېتەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كۇچارنىڭ ئاھالىسى ئەڭ كۆپ بولۇپ، تەخمىنەن 180 مىڭ نوپۇسقا ئىگە ئىدى. ئاقچىدا ئاھالە ئەڭ ئاز بولۇپ 10 مىڭغىمۇ يەتمەيتتى. ئاقسۇ

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ھەم شال كۆپ چىقىدىغان ئاشلىق ماكانى ئىدى.

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە گومىنداڭنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللىگەن 65 - بىرىگادىسى(سابىق زاپاس 7 - دىۋىزىيە) تۇراتتى. بىرىگادا قارمىقىدا 2 پىيادە پولك، 1 ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى بار ئىدى. بىرىگادا ئىشتاۋى ۋە ئۇنىڭغا بىۋاستە قاراشلىق قىسىملار ئاقسۇدا تۇراتتى. 194 - پولك ۋېنسۇدا (ئاسۇقتا) 193 - پولك بايدا، ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى كۇچاردا تۇراتتى. يەنە كۇچار - ئاقسۇ مۇداپىئە قوماندانلىق ئىشتاۋى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 65 - بىرىگادا قوماندانلىق ئىشتاۋى ئىچىدە ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇچتۇرپان، ئاقچى چېگرىسىدا مۇستەقىل چېگرا قاراۋۇللۇق ئەترەتلىرى بار ئىدى.

ھەر قايسى ناھىيىلەردە يەنە ساقچى ئىدارىسى، ئايرىم ناھىيىلەردە قوراللىق ساقچى ئەترىدى بار ئىدى.

### 2. خوزوگىنەنىڭ لىزوتاڭغا ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ جەنۇبىي شىنجاڭنى چىڭ ساقلاش توغرىسىدا مەخپىي بۇيرۇق بېرىشى

1949 - يىلى ئەتىيازدا ئازاتلىق ئارمىيە قوشۇنلىرى غەربىي شىمالدا شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپ



شىئەن، باۋجى، تيەنشۈي قاتارلىق غەربىي جەھەتتىكى مۇھىم جايلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئازات قىلىپ لەنجۇغا يېقىنلاپ قالغان ئىدى.

ئۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىدە تۇرۇشلۇق 65 - بىرىگادىسىنىڭ باشلىقى لىزوتاڭ ئىدى. ئۇ جىجياڭ دۇڭياڭلىق بولۇپ خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىۋى ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆيىسىنى پۈتتۈرگەن، خوزوگىنەنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى، جياڭجيېشىنىڭ جەمەتىدىن ئىدى. ئۇنىڭدا ئەكسىيەتچىل ئىدىيە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، جياڭجيېشىغا سادىق ئىدى.

1949 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ گارنىزون باش ئىشتاۋى ئۈرۈمچىدە دىۋىزىيە، بىرىگادا باشلىقلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلار يىغىنىنى چاقىردى، يىغىندا ئۇ: «پىرقىغە، دۆلەتكە ساداقەت كۆرسىتىش» يولىدا كۈرەش قىلىمىز (يەنى جياڭجيېشىغا ساداقەت كۆرسىتىش يولىدا كۈرەش قىلىمىز) دېدى.

8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا لىزوتاڭ خوجايىنى خوزوگىنەنىڭ «ئۇرۇشقا جىددى تەييارلىق كۆرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى چىڭ ساقلاپ، قايتىدىن باش كۆتىرىپ چىقىشقا تەييارلىق قىلىڭلار»، دېگەن مەخپىي بۇيرۇغىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال ئاقسۇ، كۇچار مۇداپىئە قوماندانلىق ئىشتاۋى نامىدا ئاقسۇ، كونىشەھەر ۋە يېڭىشەھەردىن ئىبارەت 2 ناھىيىدىكى باتالىيون

كوماندىرلىرىدىن يۇقۇرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلەر بىلەن
يېغىن ئاچتى. يېغىندا لى زوتاڭ ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ
خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان حالدا: «ھازىر ئۇ-
رۇش ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى، شەرقىي گەنسۇدا زور
غەلىبە قازاندۇق، ئارمىيىمىز تەڭداشسىز ئارمىيە، كوممۇ-
نىستلار ئارمىيىسى تىرە- پىرەڭ بولۇپ قاچتى، گارنى-
زون باش ئىشتابى شەرقىي گەنسۇ ئۇرۇشىنى كوزدىن كە-
چۈرۈش ئومىگى تەشكىللىدى، ئۇرۇش ئەھۋالىنى كورۇش
ئۈچۈن مەسلىھەتچىلەر باشلىقىنى ئەۋەتتىم» دىدى. ھەربى
ئىشلار جەھەتتىكى مۇھىم جايلارنىڭ ئاللىقاچان قولدىن
كەتكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ چىرايلىق سوزلەر
بىلەن «ئەپلىك جايلارغا يوتكەلدى» دىدى، ئازاتلىق
ئارمىيە گەرچە ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ، مۇھىم جاي-
لارنى ئىشغال قىلىۋاتقان، گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىر-
بىرلەپ مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ قېچىۋاتقان، چوڭ شەھەر-
لەر ئارقىمۇ- ئارقا قولدىن كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ
يەنە مەمەدانىلىق قىلىپ: «خالتىغا سولاپ يوق قىلىش
تاكتىكىسى» قوللىنىپ ئازاتلىق ئارمىيىنى خالتىغا كىر-
گۈزۈپ بىراقلا يوقىتىمىز دىدى. ئاخىرىدا ئۇ يەنە نىيى-
تىنى ئاشكارىلاپ: «ۋەزىيەت ياخشى بولۇۋاتقان بولسى-
مۇ، بىز يەنىلا ئۇرۇشقا پائال تەييارلىق قىلىپ، كۈتۈل-
مىگەن ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشىمىز
لازىم» دىدى.



لى زوتاڭنىڭ مۇددىئاسىغا ئاساسەن بۇ قېتىمقى
يېغىندا تۆۋەندىكى ئىشلار قارار قىلىندى.

1 – قورال - ياراق، ئوق - دورا، يوتقان - كور-
پە، كىيىم-كېچەك قاتارلىق ھەربى ئەشيالارغا تەمىنلەش
باش پونكىتىدىن خودۇكچىن مەسئۇل بولۇپ، ئۇرۇمچى-
دىكى ئارقا سەپ تەمىنات ئىدارىسىغا جىددى تېلېگىرام
يوللاپ ئالدۇرۇش.

2 – ئاپتوموبىللارنى توپلاپ ماي تەييارلاش ئىش-
لىرىغا ئاپتوموبىل باتالىيونىنىڭ كوماندىرى جۇاڭ، ئاپ-
توموبىل يوتكەش - ئەۋەتىش ئورنىنىڭ باشلىقى لاڭ
خۇەنجاڭ مەسئۇل بولۇپ ئاپتوموبىللارنى توپلاپ ھەر
ۋاقىت ئىشلىتىشكە تەييار قىلىش، قوماندانلىق ئىشتابى-
نىڭ رۇخسىتىسىز سىرتقا بىرمۇ ئاپتوموبىل چىقارماس-
لىق، بېنزىننى ئاپتوموبىل ئەۋەتىپ زەربىدارلىق بىلەن
تېز يوتكەپ كېلىش.

3 – ئاشلىق، ماي، يەم - خەشەك، ياغاچ ماتىرى-
ياللىرى قاتارلىقلارنى ئاقسۇ كونىشەر ۋە يېڭىشەر ناھى-
يىلىرى ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان سان، ئولچەم بويىچە
بەلگىلەنگەن جايغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا يەتكۈزۈپ
مەخسۇس ئوتكۈزۈۋالغۇچى كىشىگە تاپشۇرۇش، بۇ ئىش
كېچىكتۈرۈلىدىكەن ھەربى ئىشلارغا دەخلى يەتكۈزگەن
قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

4 – دورا - دەرمەك ۋە داۋالاش سايمانلىرىغا

250 ـ ھەربى دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىغى جىن لىگكۇن مەسئۇل بولۇپ، ئۇرۇمچىگە تېزدىن مەخسۇس ئادەم ۋە ماشىنا ئەۋەتىپ كېرەكلىك دورىلارنى ئالدۇرۇش.

5 ـ مۇداپىئە قۇرۇلۇشلىرىغا قوماندانلىق ئىشتاۋى مەسئۇل بولۇش.

6 ـ شەھەر مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش، 194 ـ پولك 1 ـ باتالىيونىنىڭ كوماندىرى لى ئاقسۇ شەھەر مۇداپىئە سىلىڭبۇسىنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەش.

7 ـ ئۇچتۇرپان، باي، كۇچار، شايار، شىڭخا، ئاۋات، كەلپىن، ئاقچى قاتارلىق 8 ناھىيىگە ۋالى مەھكىمىسى ئايرىم بۇيرۇق چۈشۈرۈش قاتارلىقلار.

1949 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى لەنجۇ ئازات بولغاندىن كېيىن، غەربىي شىمال ھەربى ـ مەمۇرى مەھكىمىسى 2 ـ باشقارمىنىڭ ھەربى سىستېمىدىكى ئىشپىيونلىرى شەرق تەرەپكە كېتىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، شىنجاڭغا كېلىپ جەنۇپ ئارقىلىق چەتئەلگە قاچتى. غەربىي شىمال ھەربى ـ مەمۇرى مەھكىمىسى 2 ـ باشقارمىنىڭ باشلىغى خۇزى پىڭ بىر چوڭ ماشىنىغا ئىشپىيونلارنى ۋە ئۇلارنىڭ خەۋەرلىشىش ئەسۋاپلىرى، مەخپى رادىيوگىراممىلىرىنى بېسىپ 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئاقسۇغا كېلىپ 65 ـ بىرىگادا ئىشتاۋىدىكى لى زوتاڭنىڭ قوراسىغا چۈشتى. خۇزى پىڭ لى زوتاڭغا بىر دانە



رادىيو پىرىيومنىك، مەخپى رادىيوگىرامما ۋە بىر نەپەر رادىست بەردى. لى دەرھال بۇلاردىن پايدىلىنىپ جياڭ جېيشى، خۇزۇڭنەنلەر بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە باغلىدى. 1950 ـ يىلى قىش پەسلىگە كەلگەندە لى زوتاڭ قەشقەر 2 ـ كورپۇسىنىڭ ئالاقىلىشىش بولۇمىدىن يوتكىلىپ ئۇرۇمچى ھەربى رايون قوماندانلىق ئىشتاۋىنىڭ ھەربى تەلىم ـ تەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىغىغا تەيىنلەنگەندە قاراشەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ 128 ـ بىرىگادا باشلىغى جىن جۇننىڭ قوراسىغا چۈشتى. ئۇ يەنە جياڭ جېيشىغا ئۆز ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ: «ئۆزەم بۇيىاقتا تۇرساممۇ كوڭلۇم ھامان سىزدە» دەپ تېلېگىرام يوللىدى. بىر قىسىم ھەربى سىستېمىدىكى ئىشپىيونلار ۋە ئەكسىلئىنقىلاپچىلار خۇددى تاشقىن سۇدەك ئۈزلۈكسىز تۈردە ئاقسۇغا كېلىپ شۇيەر ئارقىلىق چەتئەلگە قېچىپ كېتىۋاتقانلىقتىن، ئەسلىدە جىددى ۋەزىيەتتە تۇرغان ئاقسۇنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ، قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. ھەممىلا يەرنى پىتنە ـ ئىغۋا، سوز ـ چوچەك قاپلاپ كىشىلەر كوچا ئېغىزلىرىدا سوزلىشىشكە باشلىدى. بەزىلىرى: پات يېقىندا ئۇرۇش بولغىدەك، يەنە بالايى ـ ئاپەت بولىدىغان ئوخشايدۇ دىسە، بەزىلەر: كوممۇنىستلارنىڭ قوشۇنلىرى كېلىدىغانلا بولسا گومىنداڭ قوشۇنلىرى بەدەر تىكىۋېتىدۇ، سىلەر مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) ئىلىنىڭ مىللى ئارمىيىسى بىلەن گومىنداڭ ئارمىيە

سى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كورگەنمۇ دىسە، بەزىلەر تىپچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىدىغان بولسا، ئۇرۇش بولمايدۇ. سىلەر ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭلار دەيتتى. قولىدا پۇلى بار بايلار ۋە ھەربىي سېپىتىمىدىكى ئاخبارات خادىملىرى قېچىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. مال باھاسى يۇقۇرى ئۆرلەپ كەتكەچكە، بەس - بەس بىلەن مال سېتىۋېلىش ئەۋج ئېلىپ كەتتى. رەخت، تاماكا قاتارلىق نەرسىلەر دۇكانلاردا قانچىلىك بولسا كىشىلەر شۇنچىلىكنى ئېلىپ تۈگىتەتتى. قىسقىسى كىشىلەر قولىدا پۇل ساقلىماي مال ساقلاشنى مەقسەت قىلاتتى. بىر خىل مال بىر كۈندە 3 خىل ئوخشىمىغان باھادا سېتىلاتتى. سودىگەرلەر: «پۇل تاپقىنىمىز بىلەن دۇكىنىمىز قۇرۇغدىلىپ قالدى» دەپ زارلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى دۇكانلار دەرھال تىجارەتنى توختىتىپ دۇكاننى تاقاپ قويۇشتى. بەزى دۇكانلار دۇكاننىڭ يېرىمىنى ئېچىپ، يېرىمىنى تاقاپ ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. گومىنداڭنىڭ قەغەز پۇلى ئوي خۇيلايدىغان، تۈترۈك قىلىشقا ئىشلىتىدىغان كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

### 3 . لىزوتاڭنىڭ شىنجاڭنىڭ تىپچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى قامال قىلىشى

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى بىر ئاخشىمى، مەن ئاقسۇ تاشيول ئۆچاستكىسىدىكى



سىمسىز رادىيودىن بېيجىڭدىن بېرىلگەن ئاڭلىتىشنى ئاڭلىدىم. بۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ تىپچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئاڭلىتىلغان ئىدى. بۇ خەۋەر مېنى ناھايىتى ھەيران قالدۇردى ھەم خوشاللاندۇردى. بۇنداق مۇھىم خەۋەرنى بېيجىڭ ئاڭلىتىدۇ - يۇ، باشلىقلىرىمىزنىمىشقا بىزگە ئاڭلاتمايدۇ دەپ ھەيران بولدۇم. شىنجاڭ مەسىلىسى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىندى. ئەمدى ئۇرۇش بولمايدۇ دەپ خوشال بولدۇم. ئاندىن ھەقىقى ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن دەرھال لىزوتاڭغا تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭدىن بۇئەھۋالنى سورىسام ئۇ: «ھىچقانداق خەۋەر يوق» دەپ جاۋاپ بەردى. ئەمما 65 - بىرىگادا رادىستلار گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ باش قوماندان تاۋشىيۇيېنىڭ «25 - سېنتەبىر كۈنى» شىنجاڭنىڭ تىپچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكالاش توغرىسىدىكى بۇيرۇق تېلېگراممىسىنى شۇكۈنى چۈشتىن كېيىن لىزوتاڭغا ئاپىرىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى، بۇ خەۋەرنى لىزوتاڭ ئۆزىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئىشداشلىرىدىنمۇ يوشۇرماقچى بولغان. مۇشۇ نۇقتىدىن لىزوتاڭنىڭ يامان غەرەزلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى كورۇۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ ئىشتىن كېيىن لىزوتاڭ بىلەن ھەممە ۋاقىت بىللە يۈرىدىغان سەنمۇنىڭ ئېيتىشىچە: «خۇزۇڭنەن تاۋ-

سىيۇيىنىڭ تېپچىلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكالىغانلىق توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، دەرھال لىزوتاڭغا بۇ ئىشنى تۇساپ جەنۇبىي شىنجاڭنى چىڭ ساقلاش، ۋاقتى كەلگەندە ھاۋادىن ياردەم كۈتۈش، مۇبادا يېڭىلىپ قالسا ھىندىستانغا چېكىنىپ كېتىش توغرىسىدا جىددىي تېلېگرامما ئەۋەتكەن. لىزوتاڭ «پەرمان»غا ئەمەل قىلىپ قەتئىي شۇ بويىچە ئىش كۆرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىشتاپ باشلىقى لىدىڭگەننى بىر پەي ئەسكەر باشلاپ ھىندىستانغا بارىدىغان چېگرا بويلىرىدىكى جايلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىگەللەشكە ئەۋەتكەن.

9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن لىزوتاڭ تۇيۇقسىز ماڭا تېلېفون بېرىپ «مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش چىقىپ قالدى. تېزدىن ئىشخانىغا كېلىڭ» دېدى. شۇچاغدا مەن ئېھتىمال ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى ئىش بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان ئىدىم، كېيىن قارىسام ئىش مەن ئويلىغان يەردىن چىقمىدى. مەن ئىشخانىغا كىرسەم گاۋرۇڭگۇاڭ (مۇئاۋىن بىرىگادا باشلىقى)، گۇڭمىڭخۇاڭ (194 - پولكىنىڭ باشلىقى)، خودۇڭچىن (تەمىنات باش پونكىتىنىڭ باشلىقى)، جىن بىڭكۇن (250 - كورپۇس دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى) يۈجۇنيى (مۇئاۋىن ۋالىي)، مالىن (ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى)، چۇجىرچىڭ



(ۋېنسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى) قاتارلىقلار ئولتۇرۇشقان ئىكەن. ئۇلارنىڭ كەيپىياتى بۇرۇنقىغا ئوخشىمايتتى. چىرايلىرى دەرت - ئەلەملىك، غەمكىن كۆرۈنەتتى. ھەممىسى زۇۋان سۈرمەي جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. لىزوتاڭ خۇددى ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندەك چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەن ھالدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۈندىمەي ئولتۇراتتى. ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرىنى ئويلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. خېلى ئۇزۇن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ كوزىگە ياش ئالغان ھالدا ناھايىتى پەس بوغۇق ئاۋاز بىلەن: «سىلەرنى چاقىرتىشىمدىكى سەۋەپ «خائىن» تاۋسىيۇي ئەۋەتكەن شىنجاڭنىڭ تېپچىلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقى توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرىش ئىدى» دەپ تېلېگراممىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاغزىنى بۇزۇپ تاۋسىيۇينى: «شىنجاڭدا بىزنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنىمىز بار، شۇنچىلىك كۈچلۈك ئەسكىرىي كۈچىمىز تۇرۇقلۇق ئەجىبا كوممۇنىستلار بىلەن ئېلىشالمامسىزمۇ، تاۋسىيۇي بىر پاي ئوق ئاتمايلا شىنجاڭنى ئىككى قوللاپ كوممۇنىستلارغا تەقدىم قىلغىنى پىرقىغە ئاسىيلىق قىلىپ تەسلىم بولۇشتىن ئىبارەت چوڭ «خائىن»لىق دەپ تىللاپ كەتتى. ئاخىرىدا يىغىنغا قاتناشقانلاردىن قەتئىي مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ، خەۋەرنى قامال قىلىپ، ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى خەۋەرنى كېچىكتۈرۈپ ئېلان قىلىشنى تەلەپ

قىلدى»، مەن شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا «ھەربىلەر بۇيرۇققا بويسۇنۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ قارايدۇ» دەپ جاۋاپ بەردىم. ئارقىدىنلا چۆجۈچەكنىڭ، مالىنمۇ مىنىڭ پىكرىمگە قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

لى زوتاڭ ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدىكى خەۋەرنى قامال قىلىپ ئۇنى كېچىكتۈرۈپ ئېلان قىلىشتەك جاھىللىق پوزىتسىيە قوللانغان بولسىمۇ، شىنجاڭنىڭ تېچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ناھايىتى تېزلا تارقىلىپ بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا ئۇنى ھەممە ئادەم بىلىپ بولدى. ئاقسۇدا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەش ئۈچۈن بىر قىسىم بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقلارنى بېسىپ، ھەر قايسى دۇكانلارغا تارقىتىپ بېرىشكە تەييارلاپ قويغان ئىكەن. بۇ ئىشنى لى زوتاڭ ئۇقۇپ، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ تەييارلانغان بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالدى ھەم مەزكۇر ئۇيۇشمىنىڭ باشلىقى خەي خۇيجاڭغا: «سىلىڭبۇنىڭ ئۇقتۇرۇشى بولماي تۇرۇپ، ئۆز مەيلىچە بايراق ئېسىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇردى. 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش مەزگىلىدە، لى زوتاڭ ئاندىن جامائەت ئالدىدا شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ دۆلەت بايرىقى چۈشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئور-



نىغا ئالتۇندەك نۇر چاقناپ تۇرغان بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ھەربىي ئوركىستىر ئورۇنلىغان ھەيۋەتلىك مۇزىكا ئاۋازى ئىچىدە ھاۋا بوشلۇقىدا لەپىلدىدى.

## 4. يې چىڭنىڭ ئاقسۇدا ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەربىي ئىشلار يىغىنى ئېچىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشى

گومىنداڭنىڭ ئەسلىدىكى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن يېڭى 2 - دىۋىزىيەنىڭ باشلىقى يې چىڭ، ئاتلىق 5 - كورپۇس باشلىقى ما چىڭشياڭ، 179 - بىرىگادا باشلىقى لوشۇرېن قاتارلىقلار شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىغا قارشى ئىدى.

يې چىڭ جېجياڭلىق، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىۋىنىڭ بىرىنچى قارارىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، جياڭ جيېشىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئىدى. شۇنداقلا ئۇنىڭ يۇرتدىشى ھەم ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. يې چىڭ گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جاھىللار گۇرۇھىنىڭ كاتتىۋېشى ھېساپلىناتتى. 1949 - يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق ئىشتابى ئۈرۈمچىدە دىۋىزىيە، بىرىگادا باشلىقلىرىنىڭ ھەربىي ئىشلار يىغىنىنى ئاچتى. يې چىڭ

يىغىندا: «بىز جاڭ ۋېيپوەنجاڭ ئۇچۇن جەڭ قىلىشىمىز
كېرەك»دەپ داۋراڭ سالدى، ماچىڭشياڭ بولسا مابۇفاڭ
(سابىق گومىنداڭ غەربىي شىمال ھەربىي-مەمۇرى مەھكى-
مىسىنىڭ باشلىقى)نىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك، ياش ھەم يۇقۇرى
دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىدىن بولۇپ، مابۇفاڭ ئۇنى
ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى ھېسابلايتتى. 1945 - يىلى
گومىنداڭ قوشۇنلىرى 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا تاقابىل تۇ-
رۇشقا كۈچى يەتمىگەن چاغدا ئاتلىق 5 - كورپۇسنى
شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ دىۋىزىيە گومىنداڭ قىسىم-
لىرى ئىچىدە كۈچلۈك قىسىم ھېسابلىناتتى. لوشۇرېن
خۇنەنلىك بولۇپ، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن،
جياڭ جېيشىنىڭ تۇققىنى خۇزۇڭنەننىڭ ئىشەنچلىك
ئادىمى ئىدى. ئۇ، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن 179- بىرى-
گادىنىڭ باشلىقى ۋە ھەربىي سېستىمىدىكى ئىشپىيون بو-
لۇپ، قۇۋ، ساختىپەز، قوسىغىدا ھىلىسى كوپ ئادەم ئىدى.

1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى لەنجۇ ئازات
بولغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەت-
كە قايتىش توغرىسىدىكى ئومۇمى ۋەزىيىتى بەلگىلىنىپ
بولغان ئىدى. گېنېرال تاۋسىيۇي، يې، ما، لو قاتارلىق
جاھىللارنىڭ شۇ چاغلاردا تەتۈر يول تۇتۇپ جاھىللىق
بىلەن قارشىلىششقا ئۇرۇنۇشتەك جىددى ئەھۋالغا قارى-
تا ئۇلارنى پارچىلاش تاكتىكىسىنى ئىشلەتمەكچى بول-
دى. ھەر خىل يوللار بىلەن تىرىشچانلىق كورسىتىپ



زور خىزمەتلەرنى ئىشلەش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ-
لارنى ھەربى ھوقۇقنى تاپشۇرۇپ، شىنجاڭدىن ئايرىلىپ،
چەتكە چىقىپ كېتىشكە كوندۇردى. ئومۇمى ۋەزىيەتكە ئې-
تىۋار بېرىش ئۇچۇن گېنېرال تاۋسىيۇي يەنە يې، ما، لو
قاتارلىقلارنىڭ ماددى جەھەتتىكى ئارزۇ - تەلەپلىرىنى
ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قاندۇرۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىغا قوي-
غان تەلەپكە ماقۇل بولدى. ئۇلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ
ئارقىلىق دولەت چېگرىسىدىن چىقىپ چەتئەلگە كېتىشى
ئۇچۇن مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ قويۇشقا ئادەم ئاجى-
رىتىپ بەردى؛

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى
يې چىڭ، ماچىڭشياڭ، لوشۇرېن قاتارلىقلار
6 قارا ماشىنا بىلەن ئاقسۇغا يېتىپ كېلىپ 65 - بىرى-
گادىنىڭ قوماندانلىق ئىشتاۋىغا چۈشتى. ئۇلار بىلەن
بىللە كەلگەنلەردىن تيەن شىڭزى (تەپتىش مەھكىمىسى-
نىڭ تەپتىشى)، ۋاڭ زىڭشەن (شىنجاڭ ئولكىلىك ھوكۇ-
مەت خەلق ئىشلار نازىرى)، ياڭ ۋېي (شىنجاڭ ئولكى-
لىك پىرقىنىڭ باشلىقى، پىرقە سېستىمىسىدىكى ئىشپى-
يونلارنىڭ كاتىۋېشى)، جۇڭ زوېين (128 - بىرىگادىنىڭ
باشلىقى)، شيۇڭ يى (179 - بىرىگادىنىڭ مۇئاۋىن كو-
ماندىرى)، ليۇ خەندۇڭ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى
ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پىرقە سېستىمىسىدىكى ئىشپى-
يون)، يې چىڭنىڭ باش مەسلىھەتچىسى يى قاتارلىقلار-

مۇ بار. يې چىڭ، ما چىڭشياڭ، لو شۇرېن، جۇڭ زويىن قاتارلىقلار 65 ـ بىرىگادا ئىشتاۋىدىكى لى زوتاڭنىڭ قوراسىغا ئورۇنلاشتى. ۋاڭ زىڭشەن قاتارلىقلار ئاقسۇ ناھىيىلىك ھوكۇمەتكە ئورۇنلاشتى.

ئۇلار، ئاقسۇغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇپ كەلگەن جاھىل ئۇنسۇرلار لى زوتاڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، بىرقانچە قېتىم سوھبەتلىشىش ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە ھەمنەپەس بولۇشۇپ بىرلىشىپ كېتىشتى. لى زوتاڭ شۇكۈنى كەچتە ئۆزىنىڭ قوراسىدا ھەربى ئىشلار يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا يې چىڭ، ما چىڭشياڭ، لو شۇرېن، لى زوتاڭ، جۇڭ زويىن، گاۋ رۇڭگۇاڭ، شيۇڭ يى، گومىنخۇاڭ، مىڭ جىنجياڭ (65 ـ بىرىگادا سىياسى باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى)، خو دۇڭچىن، جىن بىڭكۇن، يوجۇنيى، ما لىن، چۇجۇچىڭ قاتارلىقلار قاتناشتى. يىغىندا تۆۋەندىكى ئىشلار قارار قىلىنغان.

1 ـ ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇش؛

2 ـ مۇئاۋىن بىرىگادا باشلىقى شيۇڭ يى، يې چىڭ، ما چىڭشياڭ، لو شۇرېن قاتارلىقلارنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۇلارنىڭ كونا خىزمەتداشلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئەۋەتىش؛ قوشۇننى قاراشەرگە ئېلىپ بېرىپ پايدىلىق يەر تۈزۈلۈشىدىن پايدىلىنىپ باش ئەگمىنى چىڭ ساقلاپ، جان تىكىپ قارشىلىق كورسىتىش؛ شۇ ئارقىلىق ۋاقىتنى كەيـ



نىگە سوزەپ، ۋاقتى كەلگەندە قايتىدىن باش كۆتىرىپ چىقىش؛

3 ـ شيۇڭ يى قاراشەردىن ئوتۇشىدە يىغىنىنىڭ ئەھۋالىنى 128 ـ بىرىگادىغا يېڭىدىن باشلىق بولغان چىن جۇنگە يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ بىرلىكتە كۆچ چىقىرىپ، ھەمكارلىشىشىنى تەلەپ قىلىش؛

4 ـ شەھەر مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى ياساش، بۇنىڭغا 65 ـ بىرىگادا مەسئۇل بولۇش؛

5 ـ قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورا ۋە باشقا بارلىق ھەربى ئەشيالارغا تەمىنات باش پونكىتىنىڭ باشلىقى خودۇڭچىن مەسئۇل بولۇش؛

6 ـ ھەربى دورا ـ دەرمەك ۋە باشقا بۇيۇملار، چىرغا قاتارلىقلارنى تەييارلاشقا 250 ـ كورپۇس دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى جىڭ لىڭكۇن مەسئۇل بولۇش؛

7 ـ ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەك، ئەسۋاپ ـ ئۈسكۈنە، ھەربى تەمىنات قاتارلىقلارنى تەييارلاشقا ۋالى مەھكىمىسى ئۆزىگە قاراشلىق ھەرقايسى ناھىيىلەرگە پىلان بويىچە بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە تەييارلاپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈش؛ ۋاقتىدا تاپشۇرماي دەخلى يەتكۈزگۈچىلەر بولسا ئۇلارنى ھەربى ئىشلارغا دەخلى يەتكۈزگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش؛

يىغىن يېرىم كېچىدە تۈگىگەن ئىدى. شيۇك يى مەخسۇس ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ شۇ كېچىسى ئۈرۈمچىدىكى قىسىملارنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىشكە ھەركەتلەندۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا مەن قاتناشمىغان ئىدىم. چۈنكى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چۈشتىن كېيىن لىزوتاڭنىڭ ئىشخانىسىدا يىغىن ئېچىلغاندا مەن «ھەربىلەر بۇيرۇققا بويسۇنۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ ھېساپلايدۇ» دېگەن ئىدىم. لىزوتاڭ، باۋدىيەنخۇانىڭ سۆزىنىڭ ئىچىدە «سوزبار» دەپ بىلىپ توسالغۇ بولۇپ قېلىشىمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ماڭا يىغىنغا قاتنىشىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلمىدى. يىغىنىنىڭ ئەھۋالىنى 65 - بىرىگادا سىياسى باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى مىڭ جىنجياڭ، ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى مالىن 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئىلگىرى - ئاخىر ئۆيۈمگە كېلىپ سۆزلەپ بەردى.

شۇ چاغلاردا ئاقسۇدىكى ئىككى تەرەپ (ھەقىقەتكە قايتىش تەرەپدارلىرى ۋە جاھىللار گۇرۇھى) ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش كۈندىن - كۈنگە ئۆتكۈرلىشىپ ۋە يەنىمۇ رۇشەنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. دېمەك، ھەربىي ھوقۇقنى ئىگەللىۋالغان جاھىللار گۇرۇھى ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىشىشنى قۇۋۋەتلەيتتى، يەنە بىر تەرەپ ئۇلارنىڭ ئەكسىچە ھەقىقەتكە قايتىشنى



ھىمايە قىلىپ، تىنچلىقنى، ئازاتلىق زور قوشۇنىنى كۈتۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

## 5. سۈيىقەستتى مەغلۇپ بولۇپ چەتئەلگە قېچىش

يېچىڭ، لوشۇرېن، لىزوتاڭ قاتارلىقلار ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ھەركەتلىنىشنى پىلانلاۋاتقاندا، كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ ۋاقتى 5 لەردە يېچىڭ لىزوتاڭنىڭ قوراسىدا سۈيىقەستكە ئۇچرىدى. ئۇ ئەندىلا ھاجەتخانىدىن چىقىشىغا لىزوتاڭنىڭ مۇھاپىزەتچىسى فەن × × ئەتراپتا ئادەم يوقلۇغىنى بايقاپ دەرھال ئۇنى ئاتتى. بىراق ئوق دېگەن جايغا تەگمەي، سول بىلىكىنى زەخىملەندۈردى. يېچىڭنىڭ مەسلىھەتچىسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە تۇرۇپ لىزوتاڭنىڭ قوراسىدا يېچىڭنىڭ سۈيىقەستكە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلاپ چوچۇپ كەتتى - دە، تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن دەرھال مۇھاپىزەتچى خادىملارنى يىغىپ، ئېغىر - يېنىك پىلىموتلارنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇپ، مىلتىقلىرىنى قوماندانلىق ئىشتابىغا قارىتىپ جەڭ قىلىشقا تەييارلاندى. قوماندانلىق ئىشتابىتىكى مۇھاپىزەتچىلەرمۇ ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتۇپ، گازارمىنى ئىشىكىنى تاقاپ، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ پىلىموتلىرىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە توغرىلاپ قايتۇرما

زەربە بېرىشكە تەييار تۇردى. شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق ئىشتاۋىنىمۇ دەرھال ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى تاقاپ، قىسىملارنى ئىشقا سېلىپ، ھەر قايسى جايلارغا پوس تۇرغۇزۇپ، قاتناشنى چەكلىدى. تۇيۇقسىزلا ھەربىي ھالەت يولغا قويۇلغانلىقتىن، سودىگەرلەر دۇكانلىرىنى تاقاپ، ھوپىگەرلەر تەنزىلىرىنى يىغىشتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ئەر - ئايال، ياش - قېرىلار جىنىنىڭ بېرىچە ئۆيلىرىگە قاراپ قېچىشتى، سىرتتىن كەلگەنلەرمۇ نېمە قىلارىنى بىلەمەي مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

ئىككى تەرەپ تازا قىل ئۈستىدە تۇرغان پەيتتە، لى زوتاڭ ماڭا تېلېفون بېرىپ، يې چىڭنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچرىغان ھەقىقىي ئەھۋالىنى ۋە نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىيەتنى چۈشەندۈردى. شۇنداقلا مېنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشۇمنى ھەم 2 تەرەپنىڭ قوراللىق توقۇنۇشى پەيدا بولۇشىنى توساپ، ئىشنىڭ كېڭىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمنى تەلەپ قىلدى. يەنە لى سەنمۇ قاتارلىق بىر قانچە نەپەر مۇھاپىزەتچى خادىمنى مېنى مۇھاپىزەت قىلىپ بېرىشقا ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتتى، مەن شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىدىن ئىبارەت چوڭ ئىشنىڭ مۇقىملىشىپ بولغانلىقىنى، ئەگەر 2 تەرەپ راستىنلا سوقۇشۇپ قالىدىغان بولسا، تىنچلىق ۋەزىيىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋې-



تىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇنى بۇزۇپ قويىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بولدۇم. ئەمما مېنى مۇھاپىزەت قىلىپ بېرىشقا مۇھاپىزەتچى ئەۋەتىشىنى رەت قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزەم يالغۇزلا باش مەسلىھەتچى يېنى يوقلاپ باردىم. ئۇ مېنىڭ مۇھاپىزەتچى ئېلىپ كەلمىگەنلىكىمنى كۆرۈپ، مەندىن گۇمانلانمىدى، مەن يې چىڭنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئوچۇقلا ئېيتتىم، ئۇنىڭ يارىسىنىڭ ئېغىر ئەمەسلىكىنى، ھازىر بىخەتەر تۇرغانلىقىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردۈم، ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز ئۆزىڭىز بىۋاستە يې چىڭنى كۆرۈپ كەلسىڭىزمۇ بولىدۇ دېدىم. مەن ئۇنىڭ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن، ئۇ مەن بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدا مېنى ئۆزىنى ئالداپ قىلتاققا چۈشۈرگىلى كەلگەن دەپ گۇمانلىنىپ ئەتەي جىم ئولتۇراتتى. تازا ئىلاجىنى قىلالماي تۇرغىنىمدا يې بىلەن ۋاڭ زىڭشەننىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى قويۇقلۇقى ھەمدە مېنىڭمۇ كوپ يىللىق قەدىناس دوستۇم ئىكەنلىكى، ئۇنى بۇ ئىشقا ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلسام ئىشنىڭ چوقۇم ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقى بىردىنلا ئېسىمگە كەلدى. مەن دەرھال ۋاڭ زىڭشەننىڭ يېنىغا كىرىپ بولغان ۋەقەنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردىم. ئاندىن بۇ ئىشنى پۈتۈرۈشكە ئۇنىڭ ياردەملىشىشىنى ئۆتۈندۈم، ئۇ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. ئىككىمىز

بىرگە باش مەسلىھەتچىنىڭ يېنىغا كىردۇق. ۋاڭ زىڭشەن ئۆزىنىڭ مەن بىلەن بولغان دوستلۇقىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى، ئاندىن بىز ئۈچىمىز بىر - بىرىمىزگە ئىشىنىشكە بولىدىغان ياخشى دوستلاردىن ئىكەنلىكىمىزنى تەكىتلەپ ئۆتۈپ، ئاندىن بىزنىڭ پىكرىمىزنى چۈشەندۈردى. بۇ ئىش راستىنلا ئۈنۈم بەردى. يې بىز بىلەن بىللە يې چىڭنى يوقلاپ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىز لى زوتاڭنىڭ قوراسىغا بارساق يې چىڭ كارۋاتتا يېتىپ دەم ئېلىۋاتقان ئىكەن، ئۇنىڭ سول بىلىكى يارىلانغان بولۇپ، يارىسىنىڭ ئېغىر ئەمەسلىكىنى، روھىي ھالىتىنىڭ ئوبدانلا تۇرغانلىقىنى كوردۇق. شۇنىڭدىن كېيىن باش مەسلىھەتچىنىڭ گۇمانلىرى بىردىنلا تۈگەپ ھەربىي ھالەتنى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قىل ئۈستىدە تۇرغان بۇ بىر مەيدان توقۇنۇش بەختكە يارىشا تىنچلاندۇرۇلدى.

زىيانكەشلىك قىلغۇچى فەن X يې چىڭ بىلەن كوپ يىللار بىرگە بولغان كونا ئەسكەر بولۇپ قەستلەشتىكى ئاساسىي سەۋەپ شەخسىي ئاداۋەت بىلەن قىساس ئالماقچى بولغان ئىكەن. چۈنكى 1944 - يىلى قىشتا يې چىڭ جىڭدا يوقىلاڭ بىر ئىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر تۇققان ئاكىسىنى بىگۇنا ئېتىۋەتكەن ئىدى. شۇ ئىشقا فەن ئاداۋەت ساقلاپ يۈرەتتى. بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىنى ئاقسۇدا تەسادىپى ئۇچرىتىپ



قېلىپ، ئاچچىقىغا پايلىماي يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ھەققانىي غەزەپ - نەپرىتى قوزغىلىپ يې چىڭنى ئاتقان ئىدى. يې چىڭ ئۆزى يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ تۇرۇقلۇق، ھەقىقەتتە قايتىشقا قارشى تۇرۇپ، دولەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتى بىلەن كارى بولماي، ئۆزىنىڭ پايدا-زىيىنى بىلەنلا ھىساپلاشقانلىقىغا ھەممە ئادەمنىڭ غەزىۋى ئۆرلىگەن ئىدى.

بۇ ئىشقا يالغۇز فەن ئەمەس، بەلكى ئىشتاپتىكى بىر قىسىم ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلەر ۋە جەڭچىلەرمۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ چوڭ تەكلىرىنى ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن تولدۇرۇپ، يەنە كېلىپ بالا - چاقىلىرىدىن تارتىپ خوتۇنىنىڭ خىزمەتكارلىرىغىچە ئېلىپ چەتئەلگە قاچماقچى بولغانلىقىدىن غەزىۋى قايىنىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يې چىڭنىڭ ئىشتاپباشلىقى ئالدى بىلەن قوزغىلىپ، مىلتىقلىرىنى بەتلەپ، جەڭگە تەييارلىنىپ، سىلىڭبۇنى ئوققا تۇتماقچى بولغانلىقى، ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك بولۇپ ئوچمەنلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن ئىدى. ئىشتاپ مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چىن شۇخۇڭ باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلەر ۋە جەڭچىلەر يې چىڭ، ماچىڭشياڭ، لوشۇرېن قاتارلىقلارنى سىلىڭبۇغا سولاپ نەزەربەنت قىلدى.

يې چىڭ ئەسلىدە بىرىنچى كونى سۈيىقەستكە ئۇچ-

رىغاندىن كېيىن، خۇددى ئوقيادىن ئۈركىگەن قۇشتەك بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىنچى كۈنىلا ئاقسۇدىن ئاجراپ چىقىپ يولۋاسنىڭ ئاغزىدىن بۇرۇنراق قۇتۇلۇشنى قارار قىلىشقان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ تۇيۇقسىز نەزەربەنت بولۇپ قېلىشىنى ئويلاپ باقمىغاچقا، بۇ ئىش ئۇلارنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى. ئۇلار بىز راستىنلا كوممۇنىستلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندىمىزمۇ؟ دەپ قېلىشتى. يېچىڭنىڭ خوتۇنى خۇددى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك سوكۇلداپ پاي - پېتەك بولۇپ، تەشۋىشلىنىپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ: «ئۈرۈمچىدىن چىقىپ يولۋاس ئاغزىدىن قۇتۇلدۇق دىۋىدۇق، ئاقسۇدا كوممۇنىستلارغا يولۇقۇپ قېلىشىمىزنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن» دەپ كۈنبويى يېچىڭ، لىزوتاڭنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ غەلۋە قىلدى. ھەتتا ئاچچىق ئېلان قىلىمەن دەپ داۋراڭ سېلىپ لىزوتاڭنى ئۇلارنى تېزدىن بوشىتىۋېتىشكە قىستىدى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەھۋال تۇيۇقسىزلا ئۆزگىرىپ يېچىڭ قاتارلىقلار سېلىڭبۇدا نەزەربەنت قىلىپ قويۇلدى. بۇ 180 گرادۇسلۇق زور بۇرۇلۇش بولۇپ، مەسىلىنى پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. پۇقرالار ئەسلىدە يېچىڭ قاتارلىقلارنىڭ ئاقسۇدىن تېزرەك كېتىشىنى، ئۇرۇش بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ چاغدا ئازاتلىق ئارمىيە تېخى شىنجاڭغا كىرمىگەن، يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئىشلىرىغا گومىنداڭنىڭ سابىق مۇ-



داپىئە قىسىملىرى مەسئۇل بولۇۋاتقان ئىدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىمۇ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاش مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ 65 - بىرىگادىسى مەسئۇل ئىدى. لىزوتاڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «ئازاتلىق ئارمىيە شىنجاڭغا كىرىدىغان بولسا، شىمالىي شىنجاڭغىلا كىرىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلمەيدۇ. ئاقسۇ ۋىلايىتى يەنىلا 65 - دىۋىزىيىنىڭ مۇداپىئە رايونى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ» دەپ پىتنە - ئىغۋا تارقاتتى. ئۇنىڭ مەقسىدى بىرىنچىدىن، ھەقىقەتكە قايتىش تەرەپدارلىرىغا ئالدىراپ خۇشال بولۇپ كەتمەسلىك، ئاقسۇ ۋىلايىتى كەلگۈسىدە يەنىلا لىزوتاڭنىڭ «دۇنياسى» بولىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇش، ئىككىنچىدىن، قول - چوماقچىلىرىنى جان تىكىپ ئىشلىشىشكە كۈشكۈرتۈپ، كەلگۈسىدە ئۆز خوجايىنىدىن بېرىلىدىغان ئىلتىپاتنى كۈتۈشكە بىشارەت بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. ھەقىقەتكە قايتىش تەرەپدارلىرى لىزوتاڭنىڭ سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقان مەقسىدىنى تولۇق بىلىپ بولغان ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئىش ئەگەر مۇشۇنداق ئۆز - ئۆزىچە تىركىشىپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، سورەلگەن ئىش بۇزۇلاردىگەندەك ھەقىقەتكە قايتىشقا تەسىر يەتكۈزەتتى. ھەقىقەتكە قايتىش تەرەپدارلىرىنى ھىمايە قىلغۇچى كىشىلەر بۇ

مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا پائال مەسلىھەتلەشكىلى تۇردى.

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن ئاۋال مەن ئاقسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە مالىنى يوقلاپ باردىم. مەن ئۇنىڭدىن يېقىنقى ھەپتە ئىچىدە ئاقسۇدا يۈز بەرگەن بىرقانچە ۋەقە (ھەققەتكە قايتىشنى كېچىكتۈرۈپ ئېلان قىلىش، ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەربى ئىشلار يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى، يېچىڭنىڭ سۈيىقەستكە ئۇچرىشى ھەم نەزەربەنت قىلىنىشى قاتارلىق) لەرنى قانداق قىلىش كېرەك؟ پۇقرالارنىڭ قانداق ئىنكاسى بار؟ دەپ سورىدىم. ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ «ھازىر پۇقرالارنىڭ قورسىغى تويماي، كۈنبويى زارلىنىپ يۈرۈۋاتقان چاغدا ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان نەدىمۇ ئاشلىق ۋە يەم ـ خەشەك بولسۇن! ھەربى تەمىنات تەييارلاشقا تېخىمۇ ئامال يوق، بۇيرۇق قاتتىق، خىلاپلىق قىلغانلارنى ھەربى ئىشلارغا دەخلى يەتكۈزگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ دېيىلگەن، دېمەك كاللا ئالماقچى. راستىنلا ئۇرۇش بولۇپ قالسا، پۇقرالار تىرىك قالمايدۇ، مەن ئۆزەمنىڭ بۇ قېرى جېنىمنى ئاتاپ قويدۇم. بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق» دېدى. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى ئۈمىتسىزلىنىش، داتلاشتىن ئىبارەت ئىدى. مەن: «ئىش مۇشۇ دەرىجىگە بېرىپ قالدى. ئامال قىلماسلىق بولمايدۇ، ئاھ ئۇرغان بىلەن مەسىلە ھەل قىلغىلى بول-



مايدۇ. باش قوماندان تاۋسىيۇي بىلەن رەئىس بۇرھان شەھىدى، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەربى ـ مەمۇرى خادىملارغا رەھبەرلىك قىلىپ 25 ـ سېنتەبىر، 26 ـ سېنتەبىردە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەققەتكە قايتقانلىقىنى جاكالاپ، چوڭ ۋەزىيەت بېكىتىلىپ بولدى، ئاقسۇ ۋىلايىتى نېمىشقا ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىنىدىكەن. بىز ئامال قىلىپ تىنچلىق چارىسىنى ئىزلىشىمىز لازىم. ئۇرۇش قىلماسلىق بولمامدۇ؟» دېدىم. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: «سىزنىڭ پىكرىڭىز توغرا، مەن ئۇنىڭغا قوشۇلىمەن» دېدى. مەن ئۇنى ھەم چۇجۇچېڭنى تەپسىلىرەك مەسلىھەتلىشىشكە ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلدىم. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن، ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بەھوزۇر سۆزلەشتۇق، چۇجۇچېڭ «مەن 26 ـ كۈندىكى يىغىندا 'بۇيرۇققا بويسۇنىمەن' دېدىم. مېنىڭ بۇنداق دېگەنلىكىم 30 ـ كۈنى كەچتە ئېچىلغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھەربى ئىشلار يىغىنىدا چىقىرىلغان بۇيرۇققا ئەمەس، بەلكى باش قوماندان تاۋسىيۇينىڭ 25 ـ سېنتەبىر كۈنى جاكالىغان شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەققەتكە قايتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇققا بويسۇنىمەن دېگەنلىكىم ئىدى. بىزگە ھازىر تىنچلىق كېرەك، ئۇرۇشنىڭ لازىمى يوق، مىنگونىڭ 34 ـ يىلىدىكى ئۇرۇش (1945 ـ يىلى مىللى ئارمىيە ئىلىدىن مۇزداۋان ئارقىلىق ئاقسۇغا

ھۇجۇم قىلغان ئۇرۇشنى كوز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ، ئۇ چاغدا چۇجىچىڭ ۋىنسۇ ناھىيىسىنىڭ قورچاق ھاكىمى ئىدى) ھىلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، پۇقرالار قورقۇنۇچلۇق ئىشنى ئاڭلىسا ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويغانلىقتىن، تا ھازىرغىچە يۈرىگى ئورنىغا چۈشمىدى، شۇڭا يەنە ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى. ئۈچىمىز كېڭىشىش ئارقىلىق مۇنۇلارنى قارار قىلدۇق: مالىن، چۇ جىچىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاقسۇ، ۋىنسۇدىن ئىبارەت 2 ناھىيىنىڭ كېڭەش باشلىقى، مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقلىرىنى، ئاخۇنلارنى، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىقلارنى مېنىڭ ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلىپ يىغىن ئېچىپ مەسلىھەتلىشىپ ھەم قارار چىقىرىپ بىز ئاقسۇ، ۋىنسۇ 2 ناھىيىدىكى ھەر ساھە ۋەكىللىرى نامىدا ئۇلارنى باشلاپ سىلىگبۇغا بېرىپ لى زوتاڭغا مۇنۇ 4 تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولدۇق.

1 - دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتى، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنى مۇھىم بىلىپ، شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىنى ھىمايە قىلىش، بۇنداق قىلىش ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، كىشىلەر قەلبىنىڭ مايىللىقى، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي ئېقىم ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش.

2 - زۇڭسىلىڭ تاۋسىيۇي، رەئىس بۇرھان شەھىدى ئارقىمۇ - ئارقا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئارمىيە، ھۆ-



كۈمەت خادىملىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ «25 - سېنتەبىر»، «26 - سېنتەبىر» كۈنلىرى شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكالىدى. چوڭ ۋەزىيەت مۇقىملىشىپ بولدى. بۇ، پولاتتەك پاكىت، بۇنى ھەرقانداق كىشى ئىنكار قىلالمايدۇ. ئەگەر ئاقسۇ ۋىلايىتى باشقا بىر بايراق تىكلەپ ھەقىقەتكە قايتىشقا قارشى تۇرىدىغان بولسا، بۇ خۇددى ياچىۋەكنىڭ ھارۋىنى توسماقچى بولغانلىقى، چۈمۈلىنىڭ سېپىدىنى لىڭشىتىشقا ئۇرۇنۇشىدەك ئىش بولىدۇ. ئۇ چاغدا بۇنداق قىلغۇچىلار پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ لەنىتىگە ھەم قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ، بۇنىڭغا ھەتتا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىمۇ قارشى تۇرۇشى، ھەممە كىشى قوزغىلىپ ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن.

3 - مال باھاسى يىلمۇ - يىل ئۆرلەپ كېتىۋاتىدۇ. يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان ئىگىلىك بارغانچە ئاجىزلاپ كەتتى. پۇقرالار زور زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، خەلق گادايلىشىپ غەزنە قۇرۇپ قالدى، ئوزۇق - تۈلۈك تىلەپ ئىڭراپ ياتقانلار ئاز ئەمەس، بۇ ھالدا ئاشلىق يىغىش، ھەربىي تەمىنات توپلاش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

4 - باش قوماندان تاۋسىيۇينىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن يېچىڭ، ماچىڭشياڭ قاتارلىقلارنى قويۇپ بېرىپ، ئۇلارنى تېزرەك چېگرىدىن چىقىرىۋېتىش. جامائەتنىڭ پىكرى بويىچە ئىش كۆرۈپ، خەلقنىڭ ئارزۇ-

سىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن پۇقرالارغا تېچ ياشاش شارائىتى تۇغدۇرۇپ بېرىش.

لى زۇتاڭ گاڭگىراپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان چاغدا، بىز دەل ئاقسۇ، ۋېنسۇ 2 ناھىيىدىكى ھەر ساھە كىشىلىرىگە ۋەكىل بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ خەلقنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلىپ، تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى تەلەپ قىلدۇق ھەم ئۇنىڭ جاماەتنىڭ كەيپىياتىنى تېچلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىپ پەيدىن يۇقۇرى دەرىجىلىك، بەنجاڭدىن يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەسكەرلەر ۋەكىللىرىنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، سەپەرۋەر قىلىش، قايىل قىلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشىمىزغا رۇخسەت قىلىشقا، شۇنىڭدەك يېڭچىڭ قاتارلىقلارنى ئاقسۇدىن بۇرۇنراق يولغا سېلىۋېتىشكە مەجبۇرلىدۇق. مەن يەنە 65 ـ بىرىگادا سىياسى باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى مىڭجىنجاڭ ۋە يېڭچىڭ قاتارلىقلارنى نەزەربەنت قىلىش ئىشىنى باشقۇرۇۋاتقان مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چېن شۇخۇڭ بىلەن سۆزلەشتىم. مىڭجىنجاڭغا سىياسى باشقارمىدىكى بارلىق خادىملارنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ، ئوفىتسېر، جەڭچىلەر ئارىسىدا كۆپرەك قايىل قىلىش خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە دەۋەت قىلدىم، چېن شۇخۇڭدىن ئوفىتسېر، جەڭچىلەردە قانداق پىكىر ۋە تەلەپلەرنىڭ بارلىقىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇشنى، ئۇ مەسىلىلەرنى مەسلىھەت-



لىشىپ ھەل قىلىشنى سورىدىم. 2 كۈنلۈك بوشاشماستىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە كۆپ تەرەپلىمە سۆھبەتلەر ئارقىسىدا ئاخىرى يېڭچىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئالتۇنلارنى تاپشۇرىدىغان، بۇ ئالتۇنلارنى ئوفىتسېر، جەڭچىلەرنىڭ 2 ئايلىق مائاشى قىلىپ تارقىتىپ بېرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ مەسىلىنى تېچلىق بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدا كېلىشتۇق، شۇنىڭ بىلەن بۇ بىر مەيدان ماجىرا بەختكە يارىشا ھەل قىلىندى. يېڭچىڭ، ماچىڭشياڭ قاتارلىقلار 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن سىلىڭبۇدىن ئاجراتقان ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى، بىرەر ۋەقەنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەن ۋە لى زۇتاڭ، گاۋرۇڭگۇاڭ قاتارلىقلار ئۇلارنى غەربىي چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ قايتىپ كەلدۇق.

ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى 2 تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەيدان ئۆتكۈر، كەسكىن كۆرەشنىڭ نەتىجىسى مۇنداق بولدى: تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى، جاھىللارنىڭ سۇيىقەستلىرى بىتچىت قىلىندى. لى زۇتاڭ جاھىللىق بىلەن ئۆزگىرىشنى خالىماي، يولسىزلىق قىلىپ ئاخىرى بېرىپ قانۇن تورىغا چۈشۈپ 1951 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە باستۇرۇلدى.

# قۇمۇلدىكى بۇلاڭچىلىق ۋەقەسىدىن كورگەن، بىلگەنلىرىم

**جاۋ شىيىڭ**

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۇنى مەن گەنـ
سۇ ئولكىلىك هوكۇمەتنىڭ باش كاتىۋى، مۇۋەقـقـەت
رەئىس دىڭ يىجۇڭ بىلەن بىللە قۇمۇلغا قىچىپ كېلىپ،
قۇمۇل ۋالىسى يولۋاسنىڭ قەسرىگـە كېلىپ ئـورۇنلاشـ
تۇق. بۇ چاغدا غەربىي شىمالدىكى 4 ئولكىدىن گـەنسۇ،
چىڭخەيلەر ئازات بـولـغـان، نىڭشيادا مـاخـۇڭبىڭ،
شىنجاڭدا باش قوماندان تـاۋسىيۇې، رەئـيـس بۇرهـانـ
نىڭ يېتەكچىلىكىدە تىچلىق بىلـەن هەقىقەتكە يېتىشنى
جاكالاپ تېلېگىراما يوللانغان ئىدى. غـەربىي شىمـال
هەربى ـ مەمۇرى مەهكىمىسىنىڭ گېنېرالى (قوشۇمچە چىڭـ
خەي ئـولـكـلـىـك هـوكـۇمـەتنىڭ رەئىسى) مـابۇفاڭ،
ۋېتس گېنېرال قوشۇمچە 82 ـ كـورپـۇسنىڭ بـاشلىغى
ماجىيۇەن (مابۇفاڭنىڭ يالغۇز ئوغلى)ۋېتس گېنېرال،
قوشۇمچە نىڭشيا ئولكىلىك هوكۇمەتنىڭ رەئىسى ماخۇڭـ
كۇي ۋېتس گېنېرال، قوشۇمچە گەنسۇ ئولكىلىك هوكۇـ
مەتنىڭ رەئىسى گـوجىجاۋ ۋە مەركىزىي 120 ـ كورپۇسـ



نىڭ باشلىغى جۇجيابىن، 91 ـ كـورپـۇسـنىڭ باشلىغى
خۇاڭزۇشۇن قـاتـارلىق گـومىنداڭنىڭ غـەربىي شىمالـ
دىكى هەربى ـ مەمۇرى كاتتىۋاشلىرىنىڭ هـەممىسى قېـ
چىپ كەتكەن ئىدى. پەقەت 119 ـ كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن
كورپۇس باشلىغى جياڭيۇنتەي ۋە كـورپـۇس بـاشلىغى
ۋاڭجىنجىلار گەنسۇنىڭ ۋۇدو دىـگەن يېرىدە قىسىملارنى
باشلاپ هەقىقەتكە قايتقان ئىدى. گەنسۇ ئولكىلىك هوـ
كۇمەتنىڭ رەئىسى گـوجىجاۋ خېلى بۇرۇنلا قېچىپ كەتـ
كەن بولۇپ، بـاش كـاتىپ دىڭ يىجۇڭ ئـۇچىغا چىققان
ئەدىپ بولۇپ، بىرەر ئىشقا يولـۇقۇپ قالسا دەرهال بىر
قارارغا كېلەلمەيتتى، شۇڭا بۇ چـاغدا ئۇمۇ قۇمۇلغا قېـ
چىپ كېلىۋالدى. ئـۇ قـۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، شىنـ
جاڭنىڭ تىچلىق بىلـەن ئـازات قىلىنغانلىغى ئېلان قىـ
لىندى. ئۇ قۇمۇل ۋالى مەهكىمىسىگە چـۇشۇپ باش قوـ
ماندان تاۋسىيۇې ۋە رەئىس بۇرهان بىلەن ئالاقىلىشىپ
ئۇرۇمچىگە بېرىپ بىرلىكتە هـەركـەت قىلىش مەسىلىسى
ئۇستىدە سوزلەشمەكچى بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۇنى يېرىم كېچىدە (تەخمىنەن
سائەت 10 لار ئەتراپىدا) قـۇمۇلدا بۇلاڭچىلىق ۋەقەسى
يۇز بەردى. ئۇقۇشىمىزچە بۇ ئىشنىڭ بول كورسەتكۇچىـ
سى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق 178 ـ بىرىگادىنىڭ چىڭ گۇڭپۇ
ئىسىملىك پـولكوۋنىگى ئىكەن. شىنجـاڭ تىچلىق بىلەن
هەقىقەتكە قـايتقان چـاغـدا سابىق 78 ـ دىۋىزىيىنىڭ

باشلىغى قېچىپ كەتكەنلىكتىن، باش قوماندان تاۋسىيۇي قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 178 - بىرىگادىنىڭ باشلىغى موۋورونى 78 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقلىغىغا يۆتكىگەن بولۇپ، ئۇ قۇمۇلدىن ئايرىلىپ ۋەزىپە ئۆتكۈزۈۋېلىشقا كەتكەن ئىدى. 178 - بىرىگادىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن بىرىگادا باشلىغى لىيولۇنيۇەن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن گەنسۇنىڭ جۇچۈەن دىگەن يېرىگە كېتىپ، قۇمۇلغا قايتىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالمىغان ئىدى. شۇ چاغدا قىسىملار بېشى يوق تۈپتەك بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىغى ئېلان قىلىنغاندا بەزىبىر قىسىملارنىڭ ئاتتىۋاشلىرى جىنايىتىدىن قورقۇپ بىر - بىرلەپ قېچىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن قىسىملارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ تاراپ كەتكىلى تۇردى. قېچىش ۋاقتىدا بەزىدە بۇلاڭ - تالاڭ ۋەقەلىرى يۈز بەردى. يەنە ئاڭلىشىمىزچە بەزى ئەسكەرلەر باشلىقلىرىنى ئېتىۋەتكەن ھادىسىلەرمۇ يۈز بەرگەن. بۇنداق ئىشلارنى بىز قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن ئاڭلاپ تۇردۇق. بۇ ئىشلار سەۋەۋىدىن كىشىلەر دەككە-دۇككىگە چۈشۈپ يۈرگەنلىكتىن، بىر كۈننى تەسلىكتە كەچ قىلاتتى. ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى بىلەن چىڭ گۇڭپۇغا ئوخشاش ئۆزگىرىشنى خالىمايدىغان جاھىللار، قىسىملارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشىغا كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلاپ، كونا - يېڭى بىرىگادا باشلىقلىرىنىڭ ئالمىشىش سەۋەۋ-



دىن، قىسىملارنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولماسلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچى تەرەپنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدا قىسىملارنى قۇترىتىپ، ئەسكەرلەرنى بۇلاڭچىلىق قىلىشقا قويۇپ بەرگەن.

شىنجاڭ ھەقىقەتكە قايتىشىنىڭ ئالدىدا گومىنداڭنىڭ گەنسۇدىكى مەركىزىي بانكىسى غەزنىسىدە بار زور تۈركۈمدىكى ئالتۇن تەڭگە ۋە بانكىغا گۆرەگە قويۇلغان بويۇم، قىممەت باھالىق ماددى ئەشيالارنى قۇمۇلغا يۆتكەپ كېلىپ، ئۇنى باش قوماندان تاۋسىيۇي ئارقىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولغان. باش قوماندان تاۋسىيۇي ھەقىقەتكە قايتىش ئىشىنى تەشكىللەش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇ نەرسىلەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ۋاقتى يەتمەي قالغاچقا، چىڭ گۇڭپۇ قاتارلىقلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قالغان. ئۇنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەن، پۇلنى كۆرۈپ نىيىتى بۇزۇلۇپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇلاڭچىلىق قىلىش خىيالى پەيدا بولغان. بۇ ئۇنىڭ ئىشتىن ئاۋال كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا ئېلىپ بارغان قانۇنسىز زوراۋانلىغى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلاڭچىلىق باشلانغاندا ئۇلار ئالدى بىلەن ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى كونتۇرۇل قىلىپ، توك مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، پۈتۈن شەھەرنى قاپقاراڭغۇ ئەھۋالدا قويغان. ئارقىدىنلا ئوق چىقىرىپ

شەھەرگە ئوت قويغان. شەھەرنى ئۇر - چاپ ئاۋازلىرى قاپلاپ كەتكەن. ئەسكەرلەر ئوفىتسېرلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا باسقۇنچىلىق ھالدا قومۇل بانكىسىغا (گەنسۇ مەركىزىي بانكىسىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەر قومۇل بانكىسىغا ئامانەت قويۇلغان) ۋە بايلارنىڭ دۇكىنى، ئالتۇن سودىگەرلىرىنىڭ دۇكىنى قاتارلىق سودا ئورۇنلىرىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ، خىيالىغا كەلگەن ئىشنى قىلىپ، ئىشىكلەرنى چېقىپ، ئوگزىلەرگە چىقىپ بىر تەرەپتىن ئوق ئاتسا، بىر تەرەپتىن قالايمىقان ۋاقىراپ، ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى بۇلاپ ماڭغان. ئاڭلىشىمىزچە قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە بەزى ئەسكەرلەر خوتۇن - قىزلارنى ئاياق-ئاستى قىلغان ئىشلارمۇ يۈز بەرگەن. ئۇلار شەھەردە قەستەن ئىنتايىن قورقۇنۇچلۇق ۋەزىيەت پەيدا قىلغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى بەكمۇ جىددى كۆرۈنەتتى. قومۇل شەھىرى بىر مەزگىل ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىپ ھەممە تەرەپ قىپ - قىزىل يورۇپ كەتكەن ئىدى. سىرت بىلەن ئالاقە قىلىشىدىغان تېلېفون سىملىرى ئۈزۈپ تاشلىنىپ، تېلېگراف ئىدارىسى قورشىۋېلىنغان، بۇئىشتىن ئاۋال تەييارلاپ قويۇلغان چوڭ قاراماشىنىلار كەلتۈرۈلۈپ، بۇلاپ كەلگەن مال-مۈلۈكلەرنى تولغىچە قاچىلاپ، قىسىملار تۇرۇشلۇق گازارمىلارغا ئېلىپ كەتكەن. پۈتۈن شەھەردىكى خەلقلەر قېرىلارنى يۆلەپ، كىچىكلەرنى كۆتىرىپ، تەرەپ - تەرەپكە



جېنىنى ئېلىپ قاچقان. ئۇلارنىڭ يىغا - زارىغا كىشى چىداپ بولمايتتى. بۇقېتىم ئۇلار گەنسۇ مەركىزىي بانكىسىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قويماي بۇلاپ كەتكەندىن سىرت، يەنە قومۇلدىكى نۇرغۇن بايلارنىڭ دۇكىنى، ئالتۇن سودىگەرلىرىنىڭ دۇكانلىرى قاتارلىق خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ كەتكەن. تاڭ ئاتاي دېگەندە ئەسكەرلەر تاراپ، ئەتراپ جىمىپ قالدى. ئۇيەر - بۇيەردە ئۆچمىگەن ئوتلاردىن ئىس چىقىپ تۇرغاندىن باشقا بىرمۇ ئەسكەر كۆرۈنمەيتتى. پۇقرالارمۇ ئۆيلىرىدىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. قومۇل خۇددى بىر ئۆلۈك شەھەرگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ بىر مەيدان كىشىنى چۆچۈتىدىغان زور بۇلاڭچىلىق ئەنزىسى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

ھازىر بۇ ئىشلارنىڭ بولغىنىغا 31 يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ قېتىمقى بۇلاڭ - تالاڭ جەريانىدا نىمە ئۈچۈن قومۇل ۋالى مەھكىمىسىگە تەگمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ھازىرغىچە ئېنىق بىلەلمەي كەلدىم. بىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ مال - مۈلۈكلىرى بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىز كېيىنچىدە ھەرقايسىمىز ئۆزجېنىمىزنى ئېلىپ قاچتۇق. بۇلاڭچىلىق ئەمدىلا باشلانغاندا ۋالى يولۋاس، دىڭ يىجۇڭغا: „سىرتتا ھەربى ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. ئوت قويۇپ نەرسە - كېرەكلەرنى بۇلاۋاتىدۇ. سىلەر بۇيەرگە مېھمانىس-

لەر، ئادەملەر بىلەن تونۇشمايسىلەر، بۇيەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقمايسىلەر، بىرەر بەختسىزلىكنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قالايمىقان سىرتقا چىقماڭلار، ئۇلار بۇيەرگە كېلىپ قالسا مەن چىقىپ سۆزلىشىمەن» دېدى. بۇلاڭچىلىق بېسىقىپ، ئوق ئاۋازلىرى پەسىيىپ قالغاندا مەن سىرتنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ بېقىش ئۈچۈن قۇمۇل ۋالى مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسىغا بارسام دەرۋازا ئوچۇق تۇرۇپتۇ، سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىرگە ئۇستا يولۋاس، زىبۇ - زىننەت ۋە ئېسىل كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ جەنۇبىي تاغقا قېچىپ كېتىپتۇ. بىز تېخى ئۇنى بىزگە يۆلەنچۈك بولار، دەپ ئويلاپتىكەنمىز.

9 - ئاينىڭ 29-كۈنى قۇمۇل شەھىرى بىر خارابىلىققا ئايلانغان بولۇپ، ئوت يالقۇنلىرى تېخىچە ئۆچمىگەن ئىدى.

ئالاقىلىشىش يولى ئۈزۈۋېتىلگەنلىكتىن گەنسۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش قوماندانى تاۋسىيۈ ۋە رەئىس بۇرھانلار بىلەن ئالاقىلىشىشقا ئامال بولمىدى. ئىلاجىسىز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋاقىتلىق يىغىن چاقىرىپ، تامغا، ئارخىپ، مال - مۈلۈك قاتارلىقلارنى ئېلىپ ئۆزلۈكىدىن گەنسۇغا قايتىپ كېتىپ نەرسىلەرنى خەلق ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشنى قارار قىلدى. بىز 20 نەچچە ئادەم 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بىخەتەر ھالدا لەنجۇغا قايتىپ بېرىپ، لەنجۇ ھەربىي باشقۇرۇش كومىتېتىغا ئۆزىمىزنى مەلۇم قىلىپ تەسلىم بولدۇق ۋە



نەرسىلەرنى ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنىڭ گەنسۇدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھاكىمىيىتى ئاياقلاشتى.

مەن قۇمۇلدىكى بۇلاڭچىلىق ئەنزىسىنى ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەن گۇۋاچى بولغانلىقىم ئۈچۈن گەرچە بۇ ئىش ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن داۋاملىق ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدىم. شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان يولداشلاردىن مەن ھامان بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە قىزىقاتتىم. كېيىن شىنجاڭدىكى قورچاق ھاكىمىيەت تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن، گېنېرال ۋاڭ جېن خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنى باشلاپ شىنجاڭغا كىرگەنلىكى، شۇندىن كېيىن شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ بارا-بارا تىنچلىنىپ قالغانلىقى، 1951 - يىلى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەركىتىدە ئاممىنىڭ پاش قىلىشى ئارقىسىدا بۇ ۋەقەنىڭ ھەقىقىي جاۋابكارى تەكشۈرۈپ چىقىلىپ، بۇ بۇلاڭچىلىق ئەنزىسىنىڭ باش جىنايەتچىسى 178 - بىرىگادىنىڭ پولكوۋنىگى چېڭ گۇڭپۇ ۋە ئۇنىڭ قول-چوماقچىسى بولغان تەمىنلەش ئىدارىسى شۆبە 2 - ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شيۇڭ پىڭيۈەن قاتارلىقلار ئېنىقلانغان ھەم ئۇلارغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى، بۇلاپ كېتىلگەن مال - مۈلۈكلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئېنىقلانغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. ھەقىقەتەنمۇ تەڭرىنىڭ جازاسىدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن.

1981 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى لەنجۇ

# شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولۇش ھارپىسىدىكى ئۇلكىلىك پىرقە

**لى فەنچۈن**

1949 - يىلىنىڭ بېشىدا گومىنداڭنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە پىرقە ئەزالىرى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى ئېچىپ ئىجرائىيە ھەيئىتى، تەپتىش ھەيئىتى قاتارلىقلارنى سايلاپ چىقىپ، ئۇلكىلىك پىرقىنى رەسمىي قۇردى (بۇنىدىن ئاۋال ئۇلكىلىك پىرقىغە تەييارلىق كورۇش باشقارمىسى دەپ ئاتالغان ئىدى). يىغىندا چېن شىخاۋ، شى يۈكسۇنلار ئىجرائىيە ھەيئەتلىككە سايلاندى. ئىجرائىيە ھەيئەتلەردىن ھەيئەت مۇدىرى ۋە شۇجىجاڭ سايلاپ چىقىلدى. بېلەت سانى ئەڭ كوپ بولغانلار ھەيئەت مۇدىرلىقىغا، بېلەت سانى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغانلار شۇجىجاڭلىققا سايلىناتتى. سايلام بولۇشتىن ئاۋال چېن شىخاۋ بىلەن شى يۈكسۇن ئايرىم - ئايرىم ھالدا بېلەت تاشلىغۇچىلارنى ئوزىگە تارتتى. شۇ چاغدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا شى يۈكسۇننى قوللايدىغان ئىجرائىيە ھەيئەتلەر كوپ سانلىق ئىدى. شى ئوزىنىڭ ھەيئەت مۇدىرلىقىغا



سايلىنىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ بىر قەدەر نەق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى.

سايلام ئېلىپ بېرىلغاندا، چېن شىخاۋ ئوچۇق - ئاشكارە ھالدا شى يۈكسۇنگە كۇلۇپ تۇرۇپ: «مەن سىزنى سايلايمەن»دەپ جاۋاپ بەردى. ئەمما ئاۋاز بېلەتنى سانىغاندا چېن شىخاۋنىڭ يوشۇرۇن ھالدا ھىلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ ئوزىگە بېلەت تاشلىغانلىقى سېزىلدى. شى يۈكسۇن بولسا راستىنلا چېن شىخاۋغا بېلەت تاشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ليۇ شىئەسلىدە شى يۈكسۇننى سايلاشقا قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن سايلام باشلانغاندا يالتىيىۋېلىپ چېن شىخاۋغا بېلەت تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن شى يۈكسۇن ئىككى بېلەتتىن ئايرىلىپ قالدى. سايلام نەتىجىسى ئېلان قىلىنغاندا بۇ ئىككىسىنىڭ بېلەت سانى تەڭ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن چېن شىخاۋ يەنە بىر قېتىم ھىلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ بۇنى مەركەزنىڭ بېكىتىشىگە يوللاشنى تەكلىپ قىلدى ھەم ئايرۇپىلان بىلەن نەنجىنگە بېرىپ گومىنداڭ مەركىزىدىن يولىيورۇق سورىدى. ئاخىرىدا مەركەز چېن شىخاۋنى ھەيئەت مۇدىرلىقىغا، شى يۈكسۇننى شۇجىجاڭلىققا بېكىتتى.

شى يۈكسۇن بۇنىڭغا قايىل بولماي شىنجاڭدا تۇرۇشنى خالىمىدى - دە، 1947 - يىلى يازدا شىنجاڭدىن كەتمەكچى بولۇپ، ئايرۇپىلان بىلەن كېتىۋاتقاندا، ئايرۇپىلان جۇچۈەن ئەتراپىدا ھادىسىگە ئۇچراپ خەنلى-

رەن، لۇفىڭ ۋە ئامېرىكىلىق ئايال مۇخبىر سىمىس
قاتارلىقلار بىرلا ۋاقىتتا بەختسىزلىككە ئۇچرىدى.
بۇ چاغدا قورچاق ئاساسىي قانۇنى ئېلان قىلىنىپ
«ھوكۇمەتنى پارتىيە ئارقىلىق ئېلان قىلىش»
ئىشى ئاياقلىشىپ «ھاكىمىيەتنى خەلققە
تاپشۇرۇش» ئىشلىرى باشلانغان ئىدى. پىرقە ئىشلىرى
خىراجىتى پەيدىن ـ پەي ئازايتىلدى. ئۇ خى
راجەتلەر بارا ـ بارا دۆلەت غەزىنىسىدىن ئاجرىتىلماي ھەر
دەرىجىلىك پىرقىلەر «پىرقە تىجارەت ئىشلىرى» نى قا
نا تىيا يدۇرۇپ «پارتىيە ئارقىلىق پارتىيىنى بېقىش» يول
غا قويۇلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىمۇ ئاتالمىش «چىڭ
بەي كىنو فىلىم شىركىتى»، «چىڭبەي باسما زاۋۇدى»،
«چىڭبەي سودا شىركىتى» ۋە تېخى قۇرۇلمىغان «چىڭبەي
چارۋىچىلىق شىركىتى» قاتارلىقلارنى تەشكىللىگەن بول
دى. «چىڭبەي سودا شىركىتى» ئاز ـ تولا ھامالچىلىق بى
لەن شۇغۇللاندى، يەنە بىر ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنى ئاچتى.
بىراق ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇلارنىڭ ھەممىسى تاقىلىپ قالدى.
پەقەت كىنوخانا ۋە باسما زاۋۇدىدىن كەلگەن ئازغىنە
كىرىمگە تايىنىپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنى
تارقىتاتتى. ئۇلار خىراجەتنى تېجەش ئۈچۈن ھەتتا ئا
ھارۋىسىنىمۇ سېتىۋەتتى، تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى ئۆ
يۈشتۈرۈش، تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى قانا تىيا يدۇرۇشقا ئا
مالسىز قالدى. ياشلار ھەركىتى ئۇيۇشمىسى (مەن ئىجرا



ئىيە ھەيئەت، قوشۇمچە بۇ كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن ھەيئەت
مۇدىرى ئىدىم) بىر قانچە قېتىم ناخشا ئېيتىش مۇسابى
قىسى، نۇتۇق سوزلەش مۇسابىقىسى، ئەدەبىي ـ سەنئەت
سوھبەت يىغىنى ۋە ياشلارنىڭ گۈزەل سەنئەت كورگەزمى
سى قاتارلىق كوپ پۇل خەجلەنمەيدىغان پائالىيەتلەرنى
ئېلىپ باردى. مەدەنىيەت ھەركىتى ئۇيۇشمىسى بىرقانچە
سان «بىپايان دېڭىز دولقۇنى» (ۋاڭ يۈنجۇاڭ مۇھەررىر
لىك قىلاتتى) نەشر قىلدى.
1947 ـ يىلى قىشتا چېن شىنخاۋ جەنۇبىي شىنجاڭغا
بولغان زىيارىتىنى باشلىدى. نامدا پارتىيە خىزمىتىنى
كوزدىن كەچۈرۈش دېيىلسىمۇ، ئەمىلىيەتتە بولسا يەرلىك
كۈچلەرنى ئۇزىگە تارتىپ ئۆلكىلىك كېڭەشتە شىنجاڭ
ئۆلكىلىك ھوكۇمەتنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلىنىش ئار
زۇسىدا بولدى.
چېن شىنخاۋنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەركەتلىرىنى
لىيۇ مىڭچۈن بەش قولدەك بىلىپ تۇردى. چېن شىنخاۋ ئۈ
رۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنىمۇ ئىلگىرى
لىگەن ھالدا يۇقۇرى قاتلامدا ھەركەتلىنىش ئۈچۈن نەن
جىڭگە كەتتى، يولغا چىقىش ئالدىدا ماڭا ئۇزىنىڭ نەن
جىڭدە تۇرغان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە «مەركىزىي گې
زىتى» دە ئۇنى بىر ماختاپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى. مەن
چېن شىنخاۋنىڭ شىنجاڭدىكى ئەمىلىي كۈچىنىڭ ئاجىز ئىكەن
لىكىنى، ئۇنىڭ لىيۇ مىڭچۈنگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى

بىلەتتىم. مەن ئەگەر ئۇنى ماختاپ قويىدىغان بولسام ليۇمىڭچۈننىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇشۇم تۇرغان گەپ ئىدى، شۇڭا مەن ھىلە ئىشلىتىپ «مەركىزىي گېزىتى»دە «قانداق كۈچ شىنجاڭنى تېپچىلاندۇردى» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ئۇزۇن ماقالا ئېلان قىلدىم. ئۇنىڭدا جاڭجىجۇڭ، سۇڭشىليەن، چېن شىخاۋدىن ئىبارەت 3 كىشى يېزىلدى. مەن ئۇچىلا تەرەپكە ياخشىچاق بولۇپ ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ رەنجىتىپ قويمىدىم، توھپىنى ئۇلارنىڭ بولۇشۇۋېلىشىغا قويدۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە چېن شىخاۋنى ئاخىرىغا يازدىم. مۇشۇنداق بولغاندا جاڭ، سۇڭدىن ئىبارەت بۇ ئىككى مەزھەپتىكىلەرمۇ مەندىن رەنجىمەيتتى.

ئارقىدىنلا چېن شىخاۋ يەنە مېنىڭ ئۆلكە رەئىسىنى سايلىغان چاغدا جامائەت پىكرى توپلاش جەھەتلەردە ئۇنىڭغا ياردەملىشىشىمنى ئۈمىد قىلىپ ياڭۋېيغا خەت يېزىپتۇ. ياڭۋېي ئۇنىڭ بۇ مەقسىتىنى ماڭا يەتكۈزدى. مەن چېن شىخاۋ بىلەن ليۇمىڭچۈن ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا چوڭ پەرق بارلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا مەن ئوچۇقلا قىلىپ ياڭۋېيغا: مەن بىر ئەدىپمەن، بۇنداق سىياسىي قايناملارغا ئارىلىشىپ قېلىشنى خالىمايمەن ھەم ھېچقانداق بىر تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇشنىمۇ خالىمايمەن، چېن شىخاۋ ئۆلكە رەئىسى بولۇشنى تالاشقىنى بىلەن غەلىبە قىلىش ئېھتىمالى نۆلگە باراۋەر بولۇپ قې



لىشى مۇمكىن. مەن ھەمخەققىمۇ، ئۆزەمگىمۇ پايدىسى بولمىغان ئىشنى قىلىشنى خالىمايمەن، دەپ جاۋاپ بەردىم.

مەن يېڭىلىشمىگەن ئىدىم، دەرۋەقە چېن شىخاۋ نەنجىڭدە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۆلكە رەئىسى بولۇش شىرىن چۈشىنى كورۇۋاتقاندا ليۇمىڭچۈن ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ ئاتاكىغا ئۆتتى. چېن شىخاۋ ئۆزىنىڭ ماقالىسىدا: "ئۇيغۇر ئاياللىرى چوشقا گوشى يېمىگەچكە، بەدىنىدە ماي تەركىۋى كەم بولۇپ، تېرىسى يىرىك"، دەپ يازغاندا، ليۇمىڭچۈن ئۇنىڭ بۇ بىر ئابزاس سوزىنى تۇتۇپ داۋراڭ سېلىپ، ئۇنى ئازسانلىق مىللەتلەرگە ھاقارەت كەلتۈردى دەپ، ئۈرۈمچىدىكى خۇيزۇ زاتلارنى مەركەزگە تېلېگىراما ئەۋەتىپ نارازىلىق بىلدۈرۈشكە ئاستىرتتىن قۇتراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى بەكلا ئۇنۇم بېرىپ، بىرقېتىملىق ئېلىشىشتىلا چېن شىخاۋنىڭ رەسۋاسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا شىنجاڭدا پۇت دەسسەپ تۇرغىدەك جايمۇ قالدۇرمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەنجىڭدىن ئۈرۈمچىگە قايتالمىدى. فىڭخۇاغا بېرىپ جياڭجيېشىغا ئۆزىنىڭ ئىستىپا سورايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئىجازەت بېرىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ھەيئەت مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە ئۈرۈمچىدە ئۇنىڭ قۇرۇق نامى يېزىقلىق تۇردى. ئۇنىڭ ئايىلى بۇ ئىش ئۈچۈن ليۇمىڭچۈنگە تېلېفۇن سوقۇپ: "كىشىنى ئۇنداق بوزەك قىلماڭ"، دىگەن. ليۇمىڭچۈن ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى پى

لانچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

1949 - يىلى يازدا مابۇفاڭ غەربىي شىمالغا باشلىق بولغاندا چېن شىخاۋ لەنجۇدا تاكى خېشى ئازات بولغىچە مانىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىدى.

چېن شىخاۋ شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن ئۆلكىلىك پىرقىغە ياڭ ۋېي خېلى ئۇزۇنغىچە مەسئۇل بولدى. 1949 - يىلى 5 - ئايدا شىئەن ئازات بولدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى. ياڭ ۋېي ئەسلىدە يەنجىڭ داشۆيىسىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، كومپارتىيىگە كىرگەن، موسكۋاغا بېرىپ ئوقۇغان ئىدى. كېيىن ئاسىلىق قىلىپ پىرقە سىستېمىسىدىكى ئىشپىيونلار ئىدارىسىنىڭ مەخپىي ئىشلار بۆلۈمى ۋە كادىرلار بۆلۈمىدە مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن شىنجاڭدىكى جۇڭتۇڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ مەسئۇلى بولغان. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇ شىنجاڭدىن كېتىپ قالماقچى بولدى، لېكىن ۋەزىپىنى كىمگە تاپشۇرۇش كېرەك؟

بەلگىلىمە بويىچە ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ شۇجىچىلىق ۋەزىپىسىنى ئىجرائىيە ھەيئىتى بولغان كىشى قوشۇمچە ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ چاغدىكى ئىجرائىيە ھەيئەتلەردىن پەقەت مەنلا قېپقالغان ئىدىم (ئىجرائىيە ھەيئەت قوشۇمچە خوجۇلۇق ئىشلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ



باشلىقى ۋۇشىچاڭ تەيۋەنگە كەتكەن ئىدى، ئىجرائىيە ھەيئەت قوشۇمچە تەلىم - تەربىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى شىئەنگە كەتكەن بولۇپ، مەن ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە تەشۋىقات گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئىدىم) شۇڭلاشقا ياڭ ۋېي مېنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىگە قويماقچى بولدى. گومىنداڭ ھاكىمىيىتى گۇمران بولۇۋاتقان بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بۇنداق ۋەزىپىنى ئېلىشنى ئەلۋەتتە خالىمايتتىم. ئەمما ياڭ ۋېي قايتا - قايتا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. مەن ئەگەر ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالمىسام ئۇ كېتەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياڭ ۋېي مېنىڭ مەركىزىي سىياسىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم (ئۇ سىياسىي مەكتەپنىڭ كادىرلارنى تەربىيىلەش سىنىپىدا تەربىيىلەنگەن ئىدى) بولۇپ، بىز بىلەن بىللە يېتىپ - قوپۇپ يۈرگەچكە، ئادەتتە ياخشى ئۆتۈشەتتۇق، بۇ سەۋەبلەر مېنى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالدۇردى. مەن بىر قانچە كۈن قايتا - قايتا ئويلىنىپ، بىر قانچە قېتىم رەت قىلغان بولسام‌مۇ، ئۇ زادى ئۇنىماي، ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى مەن ئالمىسام بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ تۇرۇۋالدى.

ياڭ ۋېي نېمىشقا كەتمەكچى بولىدۇ؟ بۇ ناھايىتى ئېنىق ئىدى. چۈنكى يېقىندا كوممۇنىستىك پارتىيە كەلمەكچى، كوممۇنىستىك پارتىيە كېلىدىغان بولسا، ئۆلكىلىك پىرقە قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن ياڭ ۋېي بىلەن

مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ئۇلكىلىك پىرقىنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئۇتكۇزۇپ بېرىش كېرەك دېگەن خۇلاسىغا كەلدۇق. ئۇ ئاخىرىدا: «مەن ھەيئەت مۇدىرلىق ۋەزىپەمنى ۋە ئۆزەمنىڭ تامغامنى سىزگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ئومۇمەن، بىزنىڭ تامغىمىز بېسىلغان ئىشلارغا يەنىلا مەن مەسئۇل بولىمەن. كوممۇنىستىك پارتىيە كەلسە، سىز پەقەت ماڭا ۋاكالىتەن ئىشنى ئۇتكۇزۇپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ. باشقا ئىشلارغا سىز جاۋاپكار بولمايسىز» دېدى.

بۇ چاغدا مەن «كۆرەش» تەشكىلاتى تارقاتقان تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى كورۇپ، ھەقىقەتكە قايتقان خادىملارغا كەڭچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم. شۇنىڭ بىلەن مەندە: چېن شىخاۋ، ياڭ ۋېي ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ، ئەگەر مەن مۇۋەققەت شۇجىجاڭ بولىدىغان بولسام، ئۇ ھالدا مەن پۇتۇن شىنجاڭدىكى پىرقە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان بولىمەن. مۇبادا كوممۇنىستىك پارتىيە ۋاقتىنچە كەلمەي قالسا، مەن ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ قالالايمەن. ئەگەر كېلىپ قالسا قولۇمدا ھەقىقەتكە قايتىش دەسمايىسى بولغانلىقتىن، ئۇلكىلىك پىرقىنى باشلاپ ھەقىقەتكە قايتىمەن، ئۇ ھالدا ئۆزەمگە يەنىمۇ پايدىلىق بولىدۇ، دېگەن ئوي پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ياڭغا ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۇتكۇزۇۋېلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۇردىم. لېكىن ئۇنىڭدىن 3 شەرتىمگە ماقۇل بولۇشنى تەلەپ قىلدىم. (1) ئۇلكىلىك پىرقە ئارخىپخانىسىنى پېچەتلەش، مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ھېچقانداق كىشى ئارخىپلارنى مىدىرلاتماسلىق. (2) ئۇلكىلىك پىرقىنىڭ بارلىق مال - مۇلۇكلىرىنى ئېنىقلاپ تىزىمىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا چېن شىخاۋ بىلەن ياڭ ۋېينىڭ تامغىسىنى بېسىش، كەلگۇسىدە كوممۇنىستىك پارتىيە كېلىپ قالسا، مۇشۇ تىزىملىك بويىچە ئۇتكۇزۇپ بېرىش. (3) لياۋچىڭفىڭنى خوجۇلۇق ئىشلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، بارلىق مال - مۇلۇكلەرنى ئەستايىدىل باشقۇرۇش (لياۋ ئەسلىدە ياشلار ھەركىتى كومىتېتىنىڭ كاتىۋى بولۇپ، مەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر قەدەر ياخشى ئىدى. مەن ئەسلىدىكى خوجۇلۇق ئىشلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى فىڭتيەندىن تولىمۇ خاتىرجەم بولالمايتتىم). مەن يەنە كەلگۇسىدە ئاۋارىچىلىق تارتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۇچۇن مۇشۇنداق قىلىشنىڭ لازىملىقىنى چۇشەندۇردۇم.

ياڭ ۋېي بۇ 3 شەرتنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلدى. ئىككىنچى كۇنىلا لياۋچىڭفىڭ خوجۇلۇق ئىشلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىز بىر تەرەپتىن ئارخىپخانىنى پېچەتلىدۇق، يەنە بىر تەرەپتىن لى فىڭتيەن، لياۋچىڭفىڭلار بىلەن ئويمۇ - ئوي يۇرۇپ مال - مۇلۇكلەرنى ئېنىقلاپ چىقتۇق.

شۇنداق قىلىپ ياڭ ۋېي ئۆزىنىڭ گۇاڭجۇغا بېرىپ

خىزمىتىدىن مەلۇمات بېرىدىغانلىقىنى بانا قىلىپ مېنىڭ مۇۋەققەت شۇجىجاڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىمنى توغرىسىدا مەركەزگە تېلېگرامما يوللىغان ئىدى، مەركەز بۇنى تەستىقلىدى.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنلىرى ئەتراپىدا ياڭ ۋېي، سۇن فۇشىڭ، جاڭ زىڭجې بىلەن بىر ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ چۇڭچىڭغا كەتتى. جاڭ زىڭجې ئەسلىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشۋىقات ھەيئىتى تەھرىر - تەرجىمە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ئىدى، مەن ھەيئەت ئەزاسى ئىدىم. ئۇ شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن بۇ ۋەزىپىمۇ ماڭا قالدى.

ياڭ ۋېي كەتكەندىن كېيىن مەن لياۋچىڭفىڭنىڭ مال - مۈلۈكلەرنى تىزىملاپ بولۇشىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئىشنى پۈتكۈزگەن ھامان چېن شىخاۋ ۋە ياڭۋېينىڭ تامغىسىنى باستىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە كىشىلەر قەلبىنى تۇراقلاندۇرۇش ئۈچۈن بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي ئىشلار يىغىنىدا تەلىم - تەربىيە ۋە تەشۋىقات خىزمەتلەرنىڭ بىردەك توختىلىدىغانلىقىنى، خوجىلىق ۋە كارخانا ئىشلىرى تولۇقلىنىدىغانلىقىنى، ئۇقتۇرۇپ، كوپچىلىكنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر قايسى گۇرۇپپىدىكى خادىملارنىڭ كىنوخانا ۋە باسما زاۋۇدىغا بېرىپ خىزمەتلەرگە ياردەملىشىشىنىڭ زۆرۈرلىگىنى، شىنجاڭنىڭ بىردىن - بىر چىقىش



يولى ھەقىقەتكە قايتىش ئىكەنلىكىنى، ئەگەر كوممۇنىستىك پارتىيە كېلىدىغان بولسا، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۆلكىلىك پىرقىنى ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىمنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى ۋەزىپە مال - مۈلۈك ۋە ئارخىپلارنى ياخشى ساقلاش ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئەمىلىيەتتە بولسا، مەن شىنجاڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولۇشتىن 3 ئاي ئىلگىرىلا ھەقىقەتكە قايتىشنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ قويغان ئىدىم. مېنىڭ يۇقۇرقى سوزلىرىم ئايرىم كىشىلەرگە ياقمىدى. ئەمما كوپ قىسىم خىزمەتچى خادىملار ئۇزلىرىنىڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. چۈنكى، مۇشۇنداق قىلىشتىن باشقا يول يوق ئىدى.

بۇ چاغدا مەن لى فىڭنيەننىڭ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى خۇپىيانە يوتكىمەكچى بولىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم - دە، دەرھال لياۋچىڭفىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇنىڭ پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىنى، ئەگەر مال - مۈلۈكلەر يوتكەلسە، كەلگۈسىدە مەسئۇلىيەت بىزنىڭ ئۈستىمىزگە چۈشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم، لى فىڭنيەن بىزگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرماقچى ئىكەن، بىر ئاۋالراق قول سېلىپ ئۇنى يوقىتىشىمىز كېرەك دېگەن پىكىرگە كېلىپ، بۇ چارىنى ئويلاپ تاپتۇق. يەنى لى فىڭنيەننىڭ ئەپيۇن چېكىدىغانلىقىنى تۇتقا قىلىپ يەرلىك سوتقا پاش قىلىپ

ئىمزاسىز خەت يازدۇق، سوت ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرغاندا بىر مۇنچە ئەپيۇن ۋە ئەپيۇن چېكىشتە ئىشلىتىدىغان سايمانلار تېپىلىپ نەق مەيداندىلا تۇتۇلدى. ئىككىنچى كۈنى مەن چىن‌شىخاۋ ۋە ياڭ ۋېينىڭ تامغىسىنى بېسىپ ئۇنى خىزمەتتىدىن بوشاتقانلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردۈم.

لى فىڭنيەنىڭ قوغلاپ چىقىرىلىشى ئولكىلىك پىرقىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. بىر مۇنچىلىغان كىشىلەر بۇنداق چاقماق تېزلىكىدە قوللىنىلغان ھەركەتكە قوشۇلمىدى. تەپتىش ھەيئىتى قادىر كەسپىي يىغىندا ماڭا نارازىلىق بىلدۈردى. مەن ۋەزىيەتنى تۇراقلاندۇرۇش ئۈچۈن دەرھال چىن‌شىخاۋغا خەت يېزىپ لى فىڭنيەنىڭ ئەپيۇن چەككەنلىكىنى ھەمدە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ئولكىلىك پىرقىنىڭ مال - مۈلكىگە خىيانەت قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ قوغلاپ چىقىرىلغانلىقىنى «ئىشنى ئاۋال ئىشلەپ بولۇپ، ئاندىن مەلۇم قىلغانلىقىمنى» چۈشەندۈرۈپ ئۇنىڭ قوشۇلۇشىنى تەلەپ قىلدىم. چىن‌شىخاۋ دەرھال جاۋاپ خەت يېزىپ مېنىڭ قوللانغان چارەمگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە مېنىڭ ئومۇم ئۈچۈن قىزغىنلىق بىلەن ئىشلىگەنلىكىمنى ماختاپ قويدى.

بۇ چاغدا مەن كىنوخانا تېخنىكى خەن ×× گە بىر دانە كونىراپ قالغان رادىيونى رېمونت قىلىپ ياڭ



ۋېينىڭ ياتىقىغا قويۇپ قويۇشنى تاپىلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ھەركۈنى كەچتە ئازات رايونلاردىن بەرگەن ئاڭلىتىشلارنى ئاڭلاپ تۇردۇم. ئۆزەمنىڭ پوزىتسىيەمنى يەنىمۇ ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن ۋاڭ‌خۇيرۇ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەش تەشكىلاتىغا ئازراق يېزىق قوراللىرى تەقدىم قىلماقچى بولدۇق. مەن ئۇنىڭغا ياشلار مۇلازىمەت كوپىراتىپىنىڭ نامىدا مەلۇم ئورۇننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۇلارغا ئازراق يېزىق قوراللىرى تەقدىم قىلماقچى بولغانلىقىم توغرىسىدا ئولكىلىك پىرقىغە ئالاقە يېزىشنى تەۋسىيە قىلدىم (ۋاڭ‌خۇيرۇ شۇ چاغلاردا ياشلار مۇلازىمەت كوپىراتىپىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئىدى). مەن ئالاقىغا تەستىق سېلىپ لياۋ‌چىڭفىڭغا بەردىم. ئىسكىلاتتىن ئازراق قەغەز، موم قەغەز، باسما مېيى قاتارلىقلارنى خەۋەرلىشىش بۆلۈمى ئارقىلىق ياشلار مۇلازىمەت كوپىراتىپىغا تاپشۇردۇق. كېيىن ۋاڭ‌خۇيرۇ ماڭا كۆرەش تەشكىلاتى ئۇ نەرسىلەرنى ئولكىلىك پىرقىنىڭ تەقدىم قىلغانلىقىنى بىلىپ قوبۇل قىلمىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى (يۇجياگىجۇمۇ، بۇ ئىشنى ۋاڭ‌تيېيشىڭغا سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن).

ئۇزۇن ئۆتمەي لياۋ‌چىڭفىڭنىڭ تۇرمۇش ئىستىل مەسىلىسى بىلەن سوت تەرىپىدىن قاماققا ئېلىندى. مەن ئيگۇاڭجۇنى خوجىلىق گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئەۋەتتىم ھەمدە ئۇنىڭغا مال - مۈلۈكلەرنى چو-

قۇم ياخشى ساقلاشنى قايتا - قايتا تاپىلىدىم. ئىگۋاڭجۇ ئازات بولغانغا قەدەر ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ ئىشلەپ، باشتىن - ئاخىر خىزمەتتىن ئايرىلمىدى. شۇ چاغدىكى ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدا پاراڭ قىلىشقاندا ئۇلكىلىك پىرقە توغرىسىدا ئويلىشىپ كۆرمىگەچكە، ھېچكىم مەن بىلەن مۇناسىۋەتلەشمىدى. مەنمۇ يەككىللىك بىلەن ئۇلارنى ئىزلەپ بارمىدىم. چۈنكى، كۈرەش تەشكىلاتى بىز ئەۋەتكەن يېزىق قوراللىرىنى قوبۇل قىلمىغاچقا مەندە ئۇزەمنى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئەگەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزلىسەم ئۇ ھالدا ئۇ مېنى ھېچقانداق بىر ئەمەلىي كۈچى بولمىغان كىچىك شەخسى دەپ قاراپ، كۆزگە ئىلماسلىقى مۇمكىن دەپ تەسەۋۋۇر قىلدىم. ئۇلار ئۇلكىلىك پىرقىنى گومىنداڭغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھەقىقەتكە قايتىش توغرا كەلسە گومىنداڭ بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزۈش كېرەك، بۇنىڭغا ئۇلكىلىك پىرقە تەكلىپ قىلىنمايدۇ، دەپ قاراشتى. ئۇلار مەن بىلەن ئالاقىلاشمىسا مەندەك بىر يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە لياۋچېڭفىڭ تۇرمۇش ئىستىلى مەسىلىسى ئۈچۈن چىڭبەي كىنوخانىسىنىڭ باشلىقى مۇجۇكياۋ مەن بىلەن جېدەللەشتى، مەن ئۆزەمنىڭ ئامالسىز قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلكىلىك پىرقىغە يېتەكچىلىك قىلىپ ھەقىقەتكە قايتىش توغرىس-



دىكى دەسلەپكى ئويۇمنى ئىشقا ئاشمايدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىم.

ياڭۋېي گۋاڭجۇغا بېرىپ، جياڭجيېشى بىلەن كۆرۈشۈپ خىزمەتتىن ئىستىپا بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، رۇخسەت قىلىنمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى قايتىپ كەت دېگەن. ياڭۋېي 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنلىرى ئەتراپىدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا شىنجاڭنى تېچلىق بىلەن ئازات قىلىش شەرت - شارائىتلىرى پىشىپ يېتىلگەن ئىدى. ياڭۋېي دەسلەپ قېيقىلىپ خىزمەتلەرنى ئۆزى بىۋاستە ئوتكۇزۇپ بەرمەكچى بولدى. ئەمما ئۆزىنىڭ خائىن ئىكەنلىكىنى، ئازاتلىقتىن كېيىن ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ماچىڭشياڭ بىلەن بىللە ھىندىستانغا قېچىشقا بەل باغلىدى. مېڭىش ئالدىدا ئۇ يەنە مېنى چاقىرىپ مېنىڭ خىزمەتلەرگە داۋاملىق مەسئۇل بولۇشۇمنى تاپىلىدى. مەن ئوتكۇزۇپ بېرىلىدىغان تىزىملىكنىڭ پۈتكەنلىكىنى، بۇ ئىشنى مەن بېجىرسەممۇ ياكى مۇجۇكياۋ بېجىرسىمۇ بولىۋېرىدىغانلىقىنى ئېيتتىم، 9 - ئاينىڭ 20 نەچچىنچى كۈنى ياڭۋېي ماچىڭشياڭ بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدىن كەتتى. 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولغانلىقى ئېلان قىلىندى. ئۇلكىلىك پىرقىنىڭ ۋەۋىسكىسى ئېلىپ تاشلىنىپ تېچلىق كارخانا

شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. ئازاتلىق ئارمىيە شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن مۇجۇڭياۋ ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ھەربى رايوننىڭ سىياسى بۆلۈمىگە تاپشۇ- رۇپ بەردى. مەن شىنجاڭ ئازات بولغان كۈندىن ئېتىۋا- رەن ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىدىم.



ماتېرىيال

# شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى

## 1946 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى: جاڭجىجوڭ

ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس: ئەخمەتجان قاسىمى

ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىس: بۇرھان شەھىدى

ئەزا، قوشۇمچە ئىچكى ئىشلار نازىرى: ۋاڭزىگشەن

ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن نازىر: رەھىمجان سابىر- ھاجىيوۋ

ئەزا، قوشۇمچە مالىيە نازىرى: لويۈيۋېن

ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن نازىر: ماتىڭشياڭ

ئەزا، قوشۇمچە مائارىپ نازىرى: سەيپىدىن ئەزىزى

ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن نازىر: سەيزۇگشەن

ئەزا، قوشۇمچە تەمىرات نازىرى: مەمتىمىن بوغرا

ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن نازىر: گوجيەنجى

ئەزا، قوشۇمچە باش كاتىپ: ليۇمىنچۇڭ

ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپ: ئابدۇكېرىم ئاببا سوۋ
سالىس

ئەزا، قوشۇمچە جەمئىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: جياۋجەنفىڭ

ئەزا، قوشۇمچە مۇئاۋىن باشلىق: ئېردەنى

ئەزا، قوشۇمچە سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى: دېلىلقان

ئەزالار: چۆيۋۇ، گىرەنزېلياڭ (خىزمەتكە كەلمىگەن)،
ئىسھاقجان، ئېلىخان تورە، ئوسمان، ئەيسابەگ،
ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، جۇڭدېخۇا.



# شىنجاڭ تىنچ ئازات بولۇش ئالدىدا جاڭ جىجوڭ، تاۋسىيۆ، بۇرھان شەھىدىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تېلېگراممىلار

## 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تاۋسىيۆ، بۇرھان شەھىدىلەرگە جاڭجىجوڭ ئەۋەتكەن تېلېگرامما

مۇئاۋىن قوماندان ئىنىم تاۋسىيۆ، ئىنىم بۇرھان شەھىدى. تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، غەربىي شىمالدىكى ئادەم ئىشلىرىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقى توغرىسىدا ۋاقىت پىشىپ يېتىشمىگەنلىكتىن خەۋەرلىشەلمىدۇق. مەن 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئېلان قىلغان باياناتنى بېيپىڭ شىنخۇاشېدە ئاڭلاتتى، خەۋەر تاپقانسىزلەر. ۋەزىيەت ئۆزگىرىشى ئاساسىي جەھەتتىن تۇراقلاشتى، لەنجۇ ئازات قىلىندى، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئارىدا قېپقالدى. ئىنقىلاب ئۈچۈن، شۇنىڭدەك شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تىنچ ئازات بولۇشى، پۈتۈن ئۆلكە خەلقى ۋە بارلىق ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇپ ۋاقتىدا پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، گۇاڭجۇ ھو-

كۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ، خەلق دېموكراتىك لاگېرىغا ئۆتۈشلىرىنى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى خەلق ئىنقىلاۋىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشلىرىنى كۈتىمەن. مەن ماۋجۇشىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە بارلىق ھەربىي - مەمۇرى كادىرلارغا ھەر دائىم غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى، ھەممىنى رازى قىلغۇدەك ياخشى بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىمەن. مەن ئالدىمىزدا ئېچىلماقچى بولۇۋاتقان يېڭى سىياسى كېڭەش قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشماقچىمەن. شۇ پۇرسەتتە ماۋجۇشىغا، بىر قېتىم شىنجاڭغا بېرىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقانلىقىمنى مەسلىھەت سالىمەن. زورۇر تېپىلىپ رۇخسەت قىلسا بۇيرۇققا بويسۇنىمەن. سىلەرنىڭ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، بارلىق قىيىنچىلىق، غەم-ئەندىشىلەرنى تاشلاپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ كەسكىن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداق قىلغاندىلا ئومۇمنىڭ تېچلىقىنى قوغداپ، زور تۆھپە كۆرسىتەلەيسىلەر. ھەرقايسى گېنېرال، سىجاڭلارغا ياكى مۇناسىۋەتلىك ھەربىي - مەمۇرى كادىرلارغا، ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، مېنىڭ نامىمدا ئالاقە - تېلېگراممىلار ئەۋەتىپ چۈشەندۈرۈپ ئۇلارنى قوبۇل قىلدۇرۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. ليۇزېرۇڭ، ليۇمىنچۇڭ، چۈيۋۇ يول-



داشلارغا سالام. سىلەرنىڭ پىكىرىڭلار قانداق؟ جاۋاپ كۈتىمەن.

**جاڭجىجۇڭ**

## 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جاڭجىجۇڭنىڭ تاۋسىيۇغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى

مۇئاۋىن قوماندان تاۋسىيۇ، مەن تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلارنى ئويلاپ تېلېگرامما ئارقىلىق مەسلىھەت قىلماقچى بولدۇم: (1) مابۇفاڭ ئاتا - بالا ۋە ئۇلارنىڭ قالدۇق قىسىملىرى قەيەردە؟ ئۇلارنىڭ خۇاڭزوشۇن، جۇجيابىڭ ئارمىيىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى - ئورنى قانداق؟ ماچېڭشياڭنىڭ پوزىتسىيىسى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ مابۇفاڭ ئۇنىڭغا يوليورۇق بەرگەنمۇ - يوق؟ ئەگەر ئۇ گۇمانلىق بولسا، سىز قانداق تەدبىر قوللانماقچىسىز؟ ئەڭ ياخشىسى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا مەزكۇر قىسىمنى قاراشەھەر، بۈگۈرگە، جۇڭزويىڭ قىسمىنى تۇرپان، پىچان، توقسۇنغا يۆتكەپ بۇيرۇق كۈتۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. يىراق كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنى بۇيرۇققا بويسۇنىدىغان قىلىش لازىم. (2) خۇاڭ بىلەن جۇنىڭ ئىككى ئارمىيىسى ھازىر خېشىدا تۇرۇۋات-

قانلىغى مەلۇم. ۋاڭجىچى قوشۇنى چېكىنەمدۇ- يوق؟
سىز ئادەم ئەۋەتىپ ئالاقە باغلىدىڭىزمۇ - قانداق؟
زورۇر تېپىلغاندا مېنىڭ نامىمدا تېلېگىرامما يوللاپ
مەزكۇر 3 ئارمىيىنى بۇندىن كېيىن سىزنىڭ بۇيرۇغىڭىز-
غا بويسۇنىدىغان قىلىش لازىم. ئەگەر ئۇلار چىڭخەي
مابۇفاڭ قىسىملىرىدىن ئايرىلغان بولسا، ئەڭ ياخشىسى
ئۇلار شەرقىي شىنجاڭنى قوغداپ، شىنجاڭغا ئۆتۈش
قەستىدە بولۇۋاتقان مابۇفاڭ قىسىملىرىنى جاڭيې،
جۇچۈەن، يۈيمېن ئەتراپلىرىدا توساپ تۇرسا قانداق؟
(3) شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان ھەربىي باشلىقلار ئىچىدە
ئىلگىرى بىر تەرەپلىمىلىك تەشۋىقاتلارغا قايمۇقۇپ
چوڭ ۋەزىيەتنى چۈشەنمەي، ھوشىنى تاپمىغانلار ياكى
گۇرۇھۋازلىقتا بېرىلگەنلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن. سىز
تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ تەربىيە بېرىسىڭىز قانداق؟
شۇنى ئۇقتۇرۇشقا ئالدىراۋاتىمەنكى، مەن كوپچىلىك بىلەن
ئېغىر كۈنلەردىمۇ بىللە بولىمەن. بۇيرۇقنى قوبۇل
قىلسىلا، مەن ئەخلاقىي - ھەققانىي مەسئۇلىيىتىمنى ئۈستۈمـ
گە ئېلىپ كوپچىلىكنى يەنە خاتا يولغا مېڭىپ بىھۇدە
قۇربان بولۇشنى خالىمايمەن. ئاخىرغىچە قارشىلىق
ورسىتىدىغان ئازساندىكى جاھىللارنى ناۋادا قۇتقۇ-
زۇۋېلىش مۇمكىن بولمىسا، ئۇلارنى ئالدىن يوتكىۋېتىپ
كېلىشمەسلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.
(4) ئۆلكىدىكى كونسىرۋاتىپلار گۇرۇھىغا بىر قانچە



يىلدىن كوپ تەرەپلىمىلىك كونتىرول قىلىپ تەربىيىنى
كۈچەيتىپ يولغا كىرگۈزگەن بولساقمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ
يوشۇرۇن كۈچلىرىگە ئېتىۋارسىز قارىماسلىق كېرەك.
بولۇپمۇ ئۇيغۇر، قازاقلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن،
كوممۇنىزىمدىن قورقۇش ئىدىيىسى ھەرۋاقىتتا كورۇنۇپ
قالىدۇ. ئۇلارغا ئىككىمىزنىڭ نامىدىن ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ
جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ يۈرگۈزىدىغىنى كوممۇنىزىم -
سوتسىيالىزىم بولماستىن، سەنمىنجۇيىنىڭ ئاساسىي
پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى دېموكراتىزىم
يولى دەپ ئۇقتۇرساق قانداق؟ بولۇپمۇ ئازسانلىق
مىللەتلەرگە باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ھەمدە دىنىي
ئېتىقات ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان سىياسەت
يۈرگۈزىدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركەز بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى گەرچە ئوزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭ
ئۆلكىسىدە يۈرگۈزگەن تىنچلىق، دېموكراتىك، بىرلىك،
ئىتتىپاقلىق سىياسىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئوزگەرمەيدۇ
دەپ تەشۋىق قىلىپ ئۇلارنىڭ گۇمانىنى تۈگىتىش كېرەك.
مەن يەنە رەئىس بۇرھان شەھىدى بىلەن سېيىت ئەخمەت
خوجا، ئومەر داموللا، يولۋاس، مەسئۇد، ئىمىن ھەزرەت،
جانىمخان قاتارلىقلارنى بىللە تەكلىپ قىلىپ ئايرىم
ھالدا تەربىيە، چۈشەنچە بېرىپ توسالغۇلاردىن ساقلىنىش
ئامالىنى قىلىشىڭىزنى كۈتىمەن. (5) ئىلى تەرەپ بىلەن
مۇشۇ ۋاقىتتا كوپرەك مۇناسىۋەت قىلىش كېرەك. سىز

شۇنداق قىلالدىڭىزمۇ ـ يوق؟ ئەگەر ياخشىسى سوۋېت كونسۇلخانىسىنى تەكلىپ بىلەن ۋاستە قىلىپ ئۇچرىشىپ تۇرۇش كېرەك. (6) بۇ ئىشلارنى ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ خارجى خادىملىرىدىن ئىنتايىن مەخپى تۇتۇش كېرەك. كېيىن ئۇلارنى قوغداش يۈزىسىدىن خەلقارا قائىدە بويىچە مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلىش لازىم. (7) ھەربىي ئۇزۇق، قىشلىق كىيىم ۋە مائاش قاتارلىقلارغا بولىدىغان خىراجەت تەييارلىغىنىڭلار قانداق؟ بۇ توغرىدا كۆڭۈل بۆلمەكتىمەن! رەئىس بۇرھان شەھىدى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ۋاقتىنچە ئۆلكە ئىچىدە ئامال قىلىسىڭىزلار. كېيىن شەرق بىلەن غەربىنىڭ قاتناش ئىشلىرى ئەسلىگە كەلگەندە ئۇ چاغدا ھەل قىلىش ئامالى بولىدۇ. ئوتتۇرىدىكى مەزگىلدە قىيىنچىلىقتىن خالى بولۇش تەس، بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش لازىم. (8) جۇڭگو ـ سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى سودا ۋە ئىقتىسادىي كېلىشىمگە ھەر ئىككى تەرەپ ماقۇل كەلگەنمىش، ئەمما گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى ئىمزا قويۇشقا يول قويمايۋېتىپتۇ. بۇ ئىشقا ئەپسۇسلانماقتىمەن. بىراق كېيىنكى ئايدا يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ. مولچەرلىشىمچە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالدى بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ كېلىشىم داۋاملىق سۆھبەتلىشىپ ئىمزالىنىپ ئىقتىسادىي ئەھۋال مۇقەررەر ياخشىلىنىدۇ. يۇقۇرقى ئىشلارنى نەزەردە تۇتۇپ مەسلىھەتىڭىزگە سۇنۇدۇم. سىزنىڭ بۇ ئىشتا ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، پۈتۈن ئار-



مىيە، پۈتۈن خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئەتراپلىق ئويلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى جىددى ئىشلەپ پۇختا، ساغلام ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىشىڭىزغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن.

جاڭجىجۇڭ

## 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تاۋسىيۇي، بۇرھان شەھىدىلەرنىڭ جاڭ جىجۇڭغا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى

گېنېرال جاڭ جىجۇڭغا: سىزنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەۋەتكەن تېلېگراممىڭىزدىن ۋاقىپ بولدۇق. ۋەزىيەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە كۆرسەتكەن يوليورۇقلىرىڭىزغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتى مۇقىملاشقىچە سىزنىڭ بېيپىڭدا قالغانلىقىڭىز، خىزمىتىڭىزگە قايتمىغانلىقىڭىز توغرىسىدا يېرىم يىلدىن بۇيان لىيۇزېرۇڭ، لىيۇمىنچۇڭ، چۈيۋۇ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئېھتىياتچانلىق بىلەن مەسلىھەتلىشىپ دولەت زېمىنىنى قوغداش، ئۆلكىنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش، ئارمىيىنىڭ ئورۇنسىز قۇربان بولۇشىدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت 3 پىرىنسىپ ئاستىدا پۇرسەت تېپىپ تىنچلىق بىلەن ئۆزگەرمەكچىمىز. ئۇزۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق بۇ تەشەببۇس-

مىزنى پۈتۈن ئۇلكە خەلقى ۋە ئارمىيىدىكى [illegible] جەڭچىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە قىلدۇق. ئاز سانلىق فاشىست ئۇنسۇرلار، مەسىلەن: ماچىڭشياڭ، يې چېڭ، لوشۇرېن قاتارلىقلار ئۆز مەۋقىسىدە كازلىق قىلىپ ئاز ساندىكى كادىرلىرىنى باشلاپ يېقىندا ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، گېنېرال تاۋسىيۇ ېنىڭ رەھبەرلىكىدە گوۋاڭجۇ ھوكۇمىتى بىلەن مۇناسىۋىتىمىزنى ئۈزۈپ، ئىچكى تېچلىق كېلىشىمى بويىچە خەلق ئىنقىلاۋى ھەربى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغانلىغىمىزنى ئېلان قىلدۇق. ھوكۇمەت تەرەپ سىلۋى ئۆزگەرتىشتە جانابىڭىز 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن تۈزگەن تېچلىق، بىرلىك، دېموكراتىك، ئىتتىپاقلىق سىياسىتىڭىز بىلەن ئۇلكىمىزدە يۈرگۈزگەن سىياسى پىروگراممىغا ئاساسلىنىپ، مەركىزىي خەلق ھوكۇمىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى يەرلىك مەمۇرىيەتنى ئۆز ھالىدا ساقلاپ، مەركەزنىڭ يوليورۇغىغا قاراپ، ۋاقىتلىق ئۇلكىلىك ھوكۇمەت تەشكىل قىلماقچىمىز. يۇقۇرقى خىزمىتىمىز مولچەرىمىزچە مۇشۇ ئاي ئىچىدە تولۇق ئورۇنلىنىشى مۇمكىن. كەمىنىڭىز شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ئۇلۇغۋار ئىنقىلاۋىي غايە بىلەن ئۆز ئۈستۈمدىكى خىزمەت مەسئۇلىيىتىمنى چوڭقۇر تونۇپ، شەخسەن ئۆزەم سىياسى جەھەتتە ھېچقانداق تەلەپلەردە بولماي ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن ئولكىنىڭ تېچلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، خەلقنى خې-



يىم - خەتەرگە، ئارمىيىنى زىيان - زەخمەتكە ئۇچراتماي، دولەتكە ۋە ھەر مىللەت خەلقىغە نىسبەتەن ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىپ، ماۋجۇشى ۋە سىزنىڭ ئۈمىتلىرىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرىمەن. شىنجاڭ مەسىلىسىنى تېچلىق بىلەن ھەل قىلىش پىكرىمىزنى دىڭلىچۇن ئارقىلىق جۇشىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يېزىپ يوللىدۇق. ھازىر خەلقلەر سىزنىڭ بالدۇرراق كېلىپ رەھبەرلىك قىلىشىڭىزنى كۈتمەكتە. قايسى ۋاقىتتا كەلمەكچى بولسىڭىز، ئالدىن خەۋەر قىلىشىڭىزنى كۈتىمىز.

كەمىنە خىزمەتچىڭىز

**تاۋسىيۇ ې**

**بۇرھان شەھىدى**

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

## 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تاۋسىيۇ ېنىڭ جاڭ جىجۇڭغا يوللىغان تېلېگراممىسى

گېنېرال جاڭجىجۇڭ جانابلىرىغا: ئەۋەتكەن تېلېگراممىلىرىدىن ۋاقىپ بولدۇق. بۇ ئارىلىقتىكى ئاساسى سىياسەتلىرىمىزنى رەئىس بۇرھان شەھىدى بىلەن بىرلىكتە تېلېگرامما ئارقىلىق يوللىدۇق. يوليورۇق بېرىشلىرىنى سورايمەن. تېلېگراممىدا سورالغان ئىشلارغا تۆۋەندىكىچە جاۋاپ بېرىمەن:

1 - مابۇفاڭ ئاتا - بالا ئائىلىسىنى ئېلىپ ھە-

رەمگە كەتتى. قالدۇق قىسىملىرى چىڭخەيدە، كوپ قىسمى تارمار بولۇپ چېچىلىپ كەتتى، ھەر دەرىجىلىك ھەربى باشلىقلار خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىگە تەسلىم بولدى، گەنسۇ خېشى رايونىدا چىڭخەي قىسىملىرى يوق. خۇاڭ، جۇ قىسىملىرى بىلەن مابۇفاڭ قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا خېلى بۇرۇنلا ئالاقە يوق ئىدى.

2 — مابۇفاڭ شىنىڭدىن قاچقاندا، ماچىڭشياڭغا ھېچقانداق يوليورۇق بەرمىگەن. ماچىڭشياڭنى سوز بىلەن قايىل قىلغاندىن كېيىن ئازغىنە كادىرلىرىنى باشلاپ ھەرەمگە كەتتى. ئۇنىڭ قىسىملىرىنى يېڭىدىن خىزمەت تاپشۇرۇۋالغانلارنىڭ باشلامچىلىقىدا ئوزگەرتمەكچى.

3 — ۋاڭ جىرچى قوشۇنلىرى غەرپكە چېكىنمىدى. خېشى تەرەپتىن زىڭچىڭۋۇ ئۇرۇمچىگە كېلىپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرۇشلار بولدى. شىنجاڭ مەسىلىسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن مېنىڭ رەھبەرلىكىمدە ئوزگەرمەكچى، كېيىن پات يېقىندا لەنجۇ تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەت باغلىماقچى، ئامال قىلىپ جۇبىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىشىشكە ئۇقتۇرۇش قىلىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن.

4 — شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان ھەربى باشلىقلاردىن ماچىڭشياڭ، يېچىڭ، لوشۇرېنلەر ئاز ساندىكى كادىرلىرىنى باشلاپ قوشۇنلىرىدىن ئايرىلىپ چەتكە ماڭماق-



چى. قالغان باشلىقلاردا مەسىلە يوق. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن يەنە خەۋەر قىلىمەن.

5 — ئىمىن، ئەيسالار ئاز ساندىكى مىللەتچىلەر گورۇھىنى باشلاپ پاكىستانغا كېتىش قارارىغا كەلدى. كونسېرۋاتىپلارنىڭ باشلىقلىرى، مەسىلەن: جانىمخان، خادىۋاڭ، ئوسمان قاتارلىقلارمۇ شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىش قارارىغا كەلگەن. مەن رەئىس بۇرھان شەھىدى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۇلارنىڭ بىخەتەر كېتىشىگە يول قويماقچى بولدۇق. توسىماقچى ئەمەسمىز. ھەر مىللەت ئاممىسىغا تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلماقچىمىز.

6 — ئىلى تەرەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى رەئىس بۇرھان شەھىدى باشقۇرماقتا، تىنچلىق بىتىم ماددىلىرى ۋە سىياسى پىروگراممىغا ئاساسەن ھەمكارلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى. ھەربى ئىشلار جەھەتتە ھەر ئىككى تەرەپ ئوز جايىدا تۇرۇپ مەركەزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتمەكتە، بۇنىڭدا ھېچقانداق ئۇقۇشماسلىقلار كېلىپ چىقمايدۇ.

7 — ئامېرىكا كونسۇلخانىسى چېكىنىپ كەتتى. يالغۇز بىرلا مۇئاۋىن كونسۇلىنى قالدۇردى. ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ بۇ يەردە ھېچقانداق رولى يوق. زورۇر تېپىلغاندا قوغلىماقچىمىز.

8 — ئەڭ قىيىن بولۇۋاتقىنى ھەربى تەمىنات مەسىلىسى. 7 — ئايدىن كېيىن مائاش بېرىلمىدى. ئەس-

كەرلەر خاتىرجەم بولالمايۋاتىدۇ. نەچچە ئايدىن بېرى
گۇاڭجۇ بىلەن كۆچەپ ئالاقە قىلدۇق. ئەسكەرنى شەرق
تەرەپكە يۆتكەشنى بانا قىلىپ ھەر خىل خىراجەتلەرنى
بېرىشكە ئالدىراتتۇق. بۇ يېقىندا بىز تەلەپ قىلغان
خىراجەتنى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ سانى تەخمىنەن بىر مىليون
800 مىڭ سەر كۈمۈش بولۇپ، ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ بې-
رىلسە، بىر مەزگىل ئەپلەپ - سەپلەپ تۇرغىلى بولىدۇ.
بىر قانچە ئايدىن ئۇچۇق پوزىتسىيە كۆرسەتمەيۋاتقانلار
مۇشۇ مەسىلىنى ئاساسىي سەۋەپ قىلىۋالغان ئىدى. ئول-
كىلىك ھۆكۈمەتنىڭ غەزىنىسى قۇرۇق. رەئىس بۇرھان
شەھىدى ھەقىقەتەن ئامالسىز قېلىۋاتىدۇ.

9 - جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق مۇناسىۋىتى جەھەت-
تە يېقىنقى كۈنلەردىن ئىلگىرىلەش بولدى. تاشقى سو-
دا ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كېلىشىمى ھازىرغىچە
ئىمزالانغىنى يوق. بۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەسئۇللى-
رىدىكى مەسىلە ئەمەس. بۇ مەسىلىنى سوۋېت ئىتتىپاقى
تەرەپ تامامەن چۈشىنىدۇ. ئىشىنىمەنكى، يېڭى ھۆكۈمەت
تەشكىللەنگەندىن كېيىن ئوڭۇشلۇق ھەل بولىدۇ. ئومۇ-
مەن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئايرىمچىراق بولۇپ، ھەممىلا
جەھەتتە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆلچىگىلى
بولمايدۇ. بۇ تەرەپنى ئۆزلىرىگە چۈشىنىشلىك. ھازىرقى
مەسىلە كېيىنكى تەمىنات جەھەتتە مەركەزدىن مۇۋاپىق
قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلغاندىن تاشقىرى ۋاقتىنچە قىشتىن



چىقىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. كەمىنىلىرى پۈتۈن مەس-
ئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالىمەن. بۇ ھەقتە قىلچە ئەندىشە
قىلمايمەن. بۇندىن كېيىنكى شىنجاڭ مەسىلىسىدە ئىل-
گىرىكىدەك مىللىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتلەرنى نە-
زەردە تۇتۇپ كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ماسلىشىپ ئۆزلىرى
بەلگىلەپ بەرگەن سىياسەتنى ئىجرا قىلىمىز. ماۋجۇشى-
نىڭ تەستىقى بىلەن رەھبەرلىك قىلىشلىرىنى ئۈمىت
قىلىمىز.

دۆلەت ئۈچۈن چېگرا رايونلاردا يىراق كەلگۈسى-
نى ئويلاش نۇۋەتتە بەك مۇھىم. يوليورۇق بېرىشلىرىنى
ئۈمىت قىلغۇچى

كەمىنە: تاۋسىيۈې

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

## 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىجاڭ جىژجۇڭ-نىڭ تاۋسىيۈې ۋە رەئىس بۇرھان شەھىدىگە ئەۋەتكەن تېلېگراممىسى

ئۈرۈمچى غەربىي شىمالنىڭ ئورۇنباسار باشلىقى
تاۋ سىيۈې ۋە رەئىس بۇرھان شەھىدىگە. 9 - ئاينىڭ
17 - كۈنى ئەۋەتكەن ئىككى تېلېگراممىڭىزنى تاپشۇرۇ-
ۋالدىم. سىزلەرنىڭ پوزىتسىيىڭىزلار توغرا، تەدبىرىڭىز-

لار مۇۋاپىق، بۇ ھەقتە سىزلەردىن خاتىرجەم بولدۇم.
ماۋجۇشىمۇ تېلېگىراممىنى كۆرۈپ خوش بولدى. لېكىن،
ما چىڭشىياڭ، يې چىڭ، لو شۇرېنلارنىڭ ئۈرۈمچىدىن
كەتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر قىلىنماپتۇ. شۇنىڭدەك سىز
خۇاڭ، جۇلارنىڭ قىسىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتىڭىزمۇ-
يوق؟ بۇ ئىككىسىگە سىزنىڭ بۇيرۇغىمنى قوبۇل قىلىش
توغرىسىدا مېنىڭ نامىمدا تېلېگىرامما ئەۋەتىشنى، شۇ-
نىڭدەك ئادەم ئەۋەتىپ خەلق ئازاتلىق ئارمىيە ئالدىن-
قى سەپ قوماندانى بىلەن ئۇچرىشىپ سەممىيەت كور-
سىتىشىڭىزنى، بۇ توغرىدا غەم - ئەندىشە قىلماسلىقنى،
ئىككىلەنمەستىن ئوڭاي ھەل قىلىۋېلىشىڭىزنى ئۈمىت
قىلىمەن. ئەڭ ياخشىسى سىز ئادەم ئەۋەتىپ پېڭدېخۇەي
سىلىڭيۇەن بىلەن مۇناسىۋەت قىلىڭ. يېڭى سىياسى كې-
ڭەش قۇرۇلتىيى تۈنۈگۈن ئېچىلدى. 8 كۈن داۋام قىلى-
ماقچى. مەن بۇ يىغىن تۈگىگەندە ماۋجۇشىنىڭ يولىيو-
رۇغىغا قاراپ ئۈرۈمچىگە بېرىش مەسىلىسىنى بەلگىلەي-
مەن. ئەھۋاللاردىن ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ تۇرۇشىڭىزنى
ئۈمىت قىلىمەن.

جاڭ جىجۇڭ



# چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارنىڭ شىنجاڭغا ھوكۇمرانلىق قىلغان ۋاقتىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى باج تۈزۈملىرى ۋە ھاكىملار

سەي خېڭسىڭ

مەنچىڭ ھوكۇمىتى گۇاڭشۈينىڭ ئونىنچى يىلى
(1884) شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمىنى رەسمىي يولغا قويغان-
دىن تارتىپ، 1933 - يىلى جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھو-
كۇمرانلىق قىلغان ئاخىرقى مەزگىلگىچە بولغان 50 يىل
ئارىلىقتا ھوكۇمران سىنىپلارنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمەل-
دارلىرى ھاكىم بولۇشنى ئەڭ ياخشى غايە دەپ تونۇيت-
تى. مەسىلەن: ياڭ، جىن دەۋرىدىكى ۋالىلار، نازارەت
ۋە ئىدارە باشلىقلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك
ئەمىلىنى تاشلاپ ھاكىم بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. چۈنكى
ھاكىم بولسا، خەلق بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ پارىخور-
لۇق قىلىش پۇرسىتى كۆپ بولاتتى. بولۇپمۇ مۇكەممەل

بولمىغان باج تۈزۈمى ئارقىلىق ھاكىملارنىڭ تېز بېيىشىغا ئاسانلىق كۆپ بولاتتى.

(1)

شىنجاڭ رەسمىي ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، خۇنەن ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى لىيۇجىنتاڭ تۇنجى قېتىم شىنجاڭنىڭ ھەربىي-مەمۇرى ئىشلار باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ ۋاقىتتا ھەر قايسى جايلاردىكى ئاھالىلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ كېتىپ ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قالغان ئىدى. مەدىنىي يادىكارلىقلار، كىلاسسىك ئەسەرلەر ۋە ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى ۋەيران قىلىنغان ئىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى لىيۇجىنتاڭغا ئۆلكە قۇرۇپ تۈزۈملەرنى ئورنىتىش ئۈچۈن يېتەرلىك ھوقۇق بەرگەن ئىدى. لىيۇ ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەن قوشۇنلار ئىچىدىكى مەدەنىيەتلىك خادىملار ۋە مەسلىھەتچىلەردىن كۆپلىگەن تايانچلارنى تاللاپ يەرلىك ئەمەلدارلىققا، يەنى ئامباللىققا، ۋالىيلىققا قويۇپ، بىر تەرەپتىن مەھكىمىلەرنى رېمونت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن سەرسان بولۇپ ئېقىپ يۈرگەنلەرنى يىغىپ خەلقنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن دېخانچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىپ، بوز يەر ئاچقانلارنى مۇكاپاتلاش ئىشلىرىنى يۈرگۈزدى. شۇنداق قىلىپ بىر قانچە يىلدا ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلگەن ئاساستا يەرلىك باج - سېلىقنى



تەرتىپكە سالماقچى بولۇپ، ئالدى بىلەن يەر بېجىنى تەرتىپكە سالدى. ھەر قايسى ناھىيىلەر دېخانلارنى تىزىملاش، تېرىلغۇ يەرلەرنى ئۆلچەپ، دەرىجىگە ئايرىپ قىزىل دەپتەر تۇتۇپ يەر بېجى يىغىشنىڭ ئاساسى قىلدى. تېرىلغۇ يەرنىڭ ئورنى، سۇ مەنبەئى ۋە تۇپراقنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا قاراپ يۇقۇرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەپ ئۈچ دەرىجىگە بولۇندى. يۇقۇرى دەرىجىلىك يەردىن ھەر موسىغا ئۈچ شىڭدىن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك يەردىن ئىككى شىڭدىن، تۆۋەن دەرىجىلىك يەردىن بىر يېرىم شىڭدىن باج ئالدى.

ئىنگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا بۇ يەر ئۆزلەشتۈرگەنلەردىن ئۈچ يىلغىچە باج ئالماسلىقنى، بىرەر قېتىم ئېچىلىپ تاشلانغان يەرلەرنى قايتا تېرىغانلاردىن ئىككى يىلغىچە باج ئالماسلىقنى جاكالىدى. قېچىپ كەتكەنلەر قايتىپ كېلىپ تېرىقچىلىق قىلسا، شۇ يىلقى باج كەچۈرۈم قىلىندى.

يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن يەر باجلىرى رەسمىي باج دەپ ئاتىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان قوشۇمچە باج - سېلىقلار بار ئىدى. گەرچە مىقدارى ئاز بولسىمۇ، دېخانلارغا نىسبەتەن زور يۈك ئىدى. قوشۇمچە يەنە تۈز بېجى، ئوتۇن بېجى، يەرلىك جامائەت پاراۋانلىق بېجى، سۇ بېجى قاتارلىق باجلارمۇ بار ئىدى.

تۈز بېجى دېگىنىمىز — تۈزدىن ئېلىنىدىغان

باجىنى ئورۇستىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدا تاش تۇزى بولغاچقا، كىشىلەر باج كېسىشكىسىز لا ئېلىپ ئىشلىتەتتى، لېكىن، كېيىن بۇنىڭدىنمۇ باج ئېلىپ دىخانلار ئۈستىدىكى يۈكنى تېخىمۇ ئېغىرلاتتى. ئوتۇن بېجى دىگىنىمىز — دىخانلاردىن يىغىۋېلىنىدىغان ئوتۇن ۋە ئوت - چۆپ بېجىدۇر.

يەرلىك جامائەت پاراۋانلىق بېجى دىگىنىمىز — رېمونت قىلىنغان كوۋرۈك، ياسالغان يوللارنىڭ خىراجىتىنى دىخانلارغا چېچىپ يىغىۋېلىنىدىغان باجنى كورسىتىدۇ.

يەر بېجىدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان پارچە - پۇرات باجلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، تۇياق بېجى، ئوز ئارا ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىدىن ئالىدىغان باج قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

چارۋىچىلىق بېجى ئوت ئۇچىدەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاساسەن چارۋىچىلارنىڭ ماللىرىنى ئوتلاقتا باقانلىغىدىن ئالىدىغان باج. ياغ بېجى، ياغ چىقىرىشتىن ئالىدىغان باجنى، تۈگمەن بېجى، ئۇن تارتىشتىن ئالىدىغان باجنى، كۆرە، تارازا بېجى بولسا ئاشلىق سودىگەرلىرىدىن ئالىدىغان باجنى، خەت بېجى بولسا تېرىلغۇ يەرلەرنى، ئويجايلىرىنى ساتقۇچىلاردىن ئالىدىغان باجنى كورسىتىدۇ. يۇقۇرىدىكى باجلارنىڭ ھەممىسىنى ھاكىم مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ يىغىۋالاتتى، بۇلاردىن باشقا يەنە كوۋرۈك بېجى، بازار بېجى قاتارلىق باجلارنى يۇقۇرىغا تاپشۇرماي ھاكىم ئوزى چونتەككە سالاتتى. بازار بېجى



دىگىنىمىز — ھەريىلى بازار كۈنىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ساتقۇچىلاردىن ئالىدىغان باجنى كورسىتىدۇ،

كوۋرۈك بېجى دىگىنىمىز — قاتناش ئۈستىدىكى مۇھىم كوۋرۈكلەردىن يۈك بېسىپ ئوتكەن ھارۋا ۋە يۈك كوتىرىپ ئوتكەن كىشىلەردىن ئالىدىغان باجنى كورسىتىدۇ. يۇقۇرىدا سوزلەپ ئوتكەن ھەرخىل يەرلىك باجلاردىن باشقا يەنە بىر خىل ئىستىمال بېجى دەپ ئاتىلىدىغان باجمۇ بار بولۇپ، ياڭ، جىن دەۋرلىرىدە بىر تۇتاش ئېلىنىدىغان باج دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يەرلىك ھاكىملارغا تەۋە بولمىغان بىر تۈرلۈك باج بولۇپ، ئولكىلىك مالىيە نازارەتلىرى بىۋاستە ئادەم ئەۋەتىپ يىغىۋالىدىغان باجدۇر. ئومۇمەن سىرتتىن كىرگەن، سىرتقا چىققان تۈرلۈك ماللارنىڭ ھەممىسىدىن باج ئېلىناتتى. بۇخىل باجنى مەخسۇس ئادەم بېكىتىپ يىغىۋالاتتى، بىراق كېيىن كوپ يىغىپ يۇقۇرىغا ئاز مەلۇم قىلغانلىقتىن، نۇقسانلار كوپلەپ چىقىشقا باشلىدى. ياڭ، جىن زالىملىرى ھوكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە كەلگەندە سودىگەرلەرگە كوتىرە بېرىشكە ئوزگەردى. كوتىرە بېرىشنىڭ چارىسى ھەرقايسى ناھىيەلەرنىڭ يىللىق باج ئەھۋالىنى مولچەرلەپ، كونكىرىت بىرسان بېكىتىپ، شۇبويىچە كىم كوتىرە ئالىمەن دىسە شۇنىڭغا كوتىرە بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى، بىراق شەكىل جەھەتتە باج

ئېلىش بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن باج يىغىشنى، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا جازاغا تارتىشنى قارار قىلاتتى. بەزى سودا-سانائەتتە راۋاجلانغان ناھىيىلەر كوتىرە بىرىشتىن ئىلگىرى سان كورسەتمەستىن كوتىرە ئالغۇچىلار مەلۇم سان كورسىتىش چارىسىنى قوللىناتتى. كىيىن كىمنىڭ ئۆتتۈرىغا قويغان سانى كوپ بولسا، شۇنىڭغا كوتىرە بىرەتتى.

(2)

ساغلام بولمىغان باج تۈزۈمى بىيۇروكىرات ئورگانلارنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ پارە ئېلىپ بايلىق توپلىشى ئۈچۈن ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن ئىدى. شۇڭا بۇ 50 يىل ئىچىدە شىنجاڭدا پەيدابولغان ناچار بەلگىلىمىلەر باشقا ئۆلكىلەردە ھېچقاچان كورۇلۇپ باقمىغان ئىدى. بۇ خىل ناچار بەلگىلىمىلەرنى تۆۋەندە بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

ئۆز ئارا سوغا قىلىشىدىغان قىزىل دەپتەر: دەسلەپ قىزىل دەپتەر ئېچىپ باجنى يولغا قويغاندىن كىيىن، سەرسان بولغان دىخانلار داۋاملىق بوز يەر ئاچقۇچى ئاھالىلار كوپىيىشكە باشلىدى. بۇلارغا يەنە بىر خىل ئايرىم قىزىل دەپتەر ئېچىپ ئوخشاشلا غەللە - پاراق ئالدى، بۇ پاراقلار ھاكىمنىڭ خۇسۇسى مۈلكى بولۇپ قالغان ئىدى. بىر ھاكىم يوتكىلىپ يېڭى كەلگەن ھاكىمغا ئاشۇ قىزىل



دەپتەرنى سوغا قىلىپ بىرىپ كىتەتتى. ئاشلىقنى خورىتىش ھىساۋى: ئاشلىق يىغىش ۋە تارقىتىشتا مەلۇم دەرىجىدە خوراش بولىدۇ، شۇڭا يەر بىجىنىڭ بەلگىلىمىلىرىدە يەرلىك ئەمەلدارلارغا خوراش مىقدارى بەلگىلەنگەن ئىدى. خوراش مىقدارى ھوكۇمەت ھىساۋىغا ۋە شەخسى ھىساۋىغا دەپ ئىككى خىل بولۇپ يۈزدە 4 پىرسەنت ئىدى (ھەر يۈز دادەندىن 4 دادەن خورايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن). ئەمەلىيەتتە بولسا، ھوكۇمەتنىڭ خوراپ، شەخسلەر بايلاپ كىتەتتى.

سىندۇرۇپ نەق پۇل ئېلىش: يۇقۇرى ئورگانلار ھەر يىلى ئوخشىمىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن بەزى ناھىيىلەرگە ئەمىلىي ئاشلىق باج ئېلىشنى، بەزى ناھىيىلەرگە ئاشلىقنى سىندۇرۇپ نەق پۇل ئېلىشنى بەلگىلەپ بىرەتتى. ئاشلىقنى پۇلغا سىندۇرۇپ باج ئالغاندا، پۇلنىڭ كۇرسى ئىگىز - پەس بولغانلىقتىن ئەمەلدارلارنىڭ بايلىق توپلىشىغا راسا پايدىلىق بولاتتى.

ئاشلىقنى چوخچايتىپ كۇرلەپ ئېلىش: بۇ ئۇسۇلدا كۇرىگە ئاشلىقنى چوخچايتىپ قاچىلاپ قىرغا سالماستىن ئالاتتى.

كۇرەتپىش دىگىنىمىز — كۇرىگە ئاشلىق قاچىلىغاندا، ئاشلىق ئالغۇچىلار تىپەتتى - دە، قاچىلانغان ئاشلىق يىرىمداپ كىتەتتى. ئاندىن ئۈستىگە تولدۇرۇۋې-

لىش ئۇسۇلى بىلەن دېخانلاردىن جىق ئاشلىق ئالاتتى.

ئاشلىقنى ئۇرۇپ قاچىلاش: ئاش ئالغۇچىلار كەمچەلگە ئاشلىقنى قاچىلاپ ئىگىز كۆتىرىپ كۈچ بىلەن كۆرىگە ئۇرۇپ قاچىلاشنى كۆرسىتىدۇ.

ئاشلىقنى چېچىش: — ئاشلىقنى قاچىلىغاندا ئەتراپقا قەستەن چاچاتتى. چېچىلغان ئاشلىقنى دېخانلار يىغىۋالالمايتتى.

ئەكەلگەن ئاشلىقنى قايتۇرماسلىق: دېخانلار ئۇقتۇرۇش بويىچە ئاشلىق ئېلىپ كەلگەندە ساندىن ئاشۇرۇپ ئەكېلەتتى. مەسىلەن، بىر دادەن ئاش قويۇش ئۈچۈن بىر يېرىم دادەن ئاشلىق ئېلىپ كەلسىمۇ، يوقۇرقى ئۇسۇللار بىلەن ئەكەلگەن ئاشلىق تۇشماي قالاتتى. بەزىدە ئازراق ئارتۇق چىقىپ قالسا، ئۇنى دېخانلار قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتەلمەيتتى. مۇنداق ئارتۇق چىققان ئاشنى ئايرىم تاپشۇرۇۋېلىپ ئايرىم ئامبارغا قاچىلاپ ئامباللار تەقسىم قىلىۋالاتتى.

قەلەي قاپلانغان كۆرە، يوقۇرىدىن قەلەي قاپلانغان كۆرە تارقاتسىمۇ، يەرلىكلەر ئۇنى ئىشلەتمەي تىگى نېپىز، بۇرجەكلىرى ئۆپراپ كەتكەن كونا كۆرىلەرگە قەلەي قاپلاپ ئىشلىتەتتى. بۇ ئۇسۇلدا چوڭ كۆرە بىلەن ئاش ئېلىپ كىچىك كۆرە بىلەن ئاش تارقىتاتتى.



(3)

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە 3 يىل ئامبال بولغان كىشى 100 مىڭ سەر ئاق كۈمۈشكە ئىگە بولىدۇ. «ئەتىگەندە ھاكىم بولدى دەپ لەۋھە ئاسسا، كەچقۇرۇن ئۇ بايلاپ كېتەتتى»، دەيدىغان سۆزلەر بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئەھۋال شۇنداق ئىدى. پەقەت بىر يىللىق ھاكىم بولسىلا، يازلىق — كۈزلۈك غەللە — پاراق يىغىپ بايلاپ كېتەتتى. يوقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ناچار قائىدىلەر ئارقىلىقلا 30 — 40 مىڭ سەر قاقتى — سوقتى قىلىۋالاتتى. ئەگەر رەھىمسىزلىك قىلىپ بەلگىلەنگەن باج مىقدارى ئۈستىدە يەنە بىر مۇنچە ئاشۇرۇپ يىغىۋالىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا يۈزمىڭ سەر بايلىققا ئاسانلا ئىگە بولاتتى.

مەيلى مەنچىڭ دەۋرىدىكى ياكى ياڭ، جىن دەۋرىدىكى ھوكۇمەت خادىملىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ كىچە — كۈندۈز ئارزۇسى ھاكىم بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا پالانى ناھىيىنىڭ ھاكىمى بىر يىلدا 100 مىڭ سەرلىك باي بوپتۇ، پالانى ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئوتتۇرا ھال بولسىمۇ 30 مىڭ سەر ياكى 50 مىڭ سەرلىك باي بوپتۇ دەپ پاراڭلىشاتتى. پالانچى كىشى كۇچارغا، ئاندىن قاغىلىققا ھاكىم بولۇپلا ئۆز بايلىقىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇۋاپتۇ. پالانچىنى ئاۋال بۈرچىن ناھىيىسىگە ئامبال قىلىپ، كېيىن ئاقسۇغا ئە-

ۋەتكەن ئىكەن، بۇرچىندىكى زىيانىنى تولۇۋاپتۇ دەپ سۆزلىشەتتى. مۇشۇ خىلدىكى ئەھۋاللار ئۆز ۋاقتىدا ھوكۇمەت سورۇنلىرىدا سۆزلىشىدىغان ئادەتتىكى سۆزلەر ئىدى. بىرسى يۇقۇرىنىڭ ئوستۇرۇشى بىلەن مەلۇم بىر ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەن بولسا، ئۇ ئادەم ناھايىتى تېز بېيىپ كېتەتتى. بۇ چاغدا دېڭىز نازۇ - نېمەتلىرىنى باشقۇرىدىغان، تاغ مەھسۇلاتلىرىنى، قىممەتلىك دورا ماتېرىياللىرىنى باشقۇرىدىغان دۇكانلار ھاكىمنىڭ قۇرۇق خېتىنى كۆرسىلا پۇل ئالماي مال بېرىپ تۇراتتى. ئۇلار كېيىنچە دەپتەرگە مالنىڭ مىقدارى بىلەن باھاسىنى يېزىپ قوياتتى. كېيىن ھاكىملىقتىن چۈشۈپ قايتىپ كەلگەندە، ئاندىن سىز بىلەن ھېساپلىشاتتى. بۇ ۋاقىتتا ياخشى مەپىلەر، سىلىق ماڭىدىغان خېچىر، يورغا ئاتلار ھاكىمنىڭ ئىختىيارىدا بولاتتى، يۇقۇرى ئورۇن ياكى يېقىن تۇققانلىرى ھاكىمغا بوغالتىر، غەللە - پاراق يىغقۇچى ۋە سوراق ئىشلىرىنى قىلغۇچى خادىملارنى تونۇشتۇرۇپ بېرەتتى. شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان خىزمەتچىلەرنى ئىشلىتىشكىزگە كۆرسىتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھاكىم بولغان كىشى بايلىق توپلاپ دەۋران سۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقۇرى ئورلەشكە ھەۋەسناك بولۇپ كېتەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمى بويىچە يەرلىك ئەمەلدارلار ئالاھىدە پەۋقۇلئاددە سەۋەپ بولمىغاندا، ئادەتتە ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل بولاتتى. ياڭ، جىن



دەۋرىگە كەلگەندە ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالغانلىقتىن ھوكۇمەت خادىملىرى ۋە ئازراق مەدەنىيەت سەۋىيىسى بار كىشىلەرلا ھاكىم بولۇشنىڭ كويىدا بولدى. ياڭ، جىن دەۋرىدە ئۇرۇق - تۇققانلىرى، يۇرتداشلىرىنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرۇپ بولۇپ، تۆۋەندىكى ھوكۇمەت خادىملىرىغا ئېتىۋار بەردى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار 3 يىلدا بىر قېتىم يۆتكەشنى، بىر يىلدا بىر قېتىم يۆتكەشكە ئۆزگەرتىپ كۆپرەك كىشىگە پۇل تېپىش ئىمكانىيىتى بەردى. ئۇلار قىسقىغىنە بىر يىل ئىچىدە كۆپلەپ قاقتى - سوقتى قىلىپ باي بولاتتى. مەسىلەن: ياڭزېڭشىن دەۋرىدە يەركەن ھاكىمى ليۇ بىر يىل ئىچىدىلا يەر بېجى، غەللە - پاراق ۋە باشقا يوللار ئارقىلىق 10 مىڭ دادەنگە يېقىن ئاشلىققا ئىگە بولغان، بۇ، پۈتۈن يەركەن ناھىيىسىنىڭ غەللە - پاراق كىرىمىنىڭ يېرىمىغا تەڭ ئىدى. شۇنىڭدەك جىن شۇرېن دەۋرىدە ئاقسۇ ھاكىمى فۇ × × پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېساپلاش ئارقىلىق قەغەز پۇل، مىس پۇل، كۈمۈش تەڭگە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەردىن پايدىلىنىپ 80 مىڭ سەر خىيانەت قىلغان (ئۆز ۋاقتىدىكى «تيەنشەن گېزىتى»دە فۇنىڭ ئېغىر خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر قىلغان).

غەللە - پاراق ھاكىملارنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىق توپلاش مەنبەئى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يېزا - قىشلاق

باشلىقلىرى ۋە يېزا-بازار باشلىقلىرىنى تەيىنلەش، ئەرز-دەۋا ۋە پارچە - پۇرات باج - سېلىقلارنى يىغىش ئىشلىرىمۇ ھاكىمنىڭ ساختىپەزلىگى بىلەن بايلىق توپلايدىغان ياخشى پۇرسەتلىرى ئىدى.

شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، بەزى يېزىلار بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقى ئادەتتە 100 چاقىرىم ۋە نەچچە يۈز چاقىرىم كېلەتتى، شۇڭا يېزا بەگلىرىگە ناھايىتى چوڭ ھوقۇق بېرىلەتتى. يېزا بازار بەگلىرى پۇقرالار ئارىسىدىكى جىنايى ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلالايتتى. ئالۋاڭغا ھەيدىيەلەيتتى. ھەر تۈرلۈك پارچە - پۇرات باجلارنى يىغالايتتى. ئەگەر دېخانلار ئاش تاپشۇرالمىسا ياكى ئالۋاڭغا ماڭمىسا ئۇلارنى خالىغانچە تۇتۇپ سولاپ قويالايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارمۇ بىر ھاكىم ئىدى، شۇڭا ھەر يىلى بىر يېڭى ھاكىم كەلسە يېزا - قىشلاقلاردىكى بەگلەر، بايلار ھاكىمغا ئالتۇن - كۈمۈش سوغات بېرىپ بەگلىك ئەمىلى بېرىشنى تەلەپ قىلىشاتتى.

دەۋا ئىشلىرىدا، مەنچىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە گەرچە چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئۇلۇغ قانۇنى شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن جۇڭخۇا مىنگونىڭ خەلق ئىشلىرى قانۇنى ۋە جازا قانۇنى بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدا يەنىلا بۇرۇنقى ئەنزە باشقۇرۇش يولىنى قوللىنىپ چوڭراق ئەنزىلەرنى ھاكىم بىلەن سوراقچى ئەمەلدار تىل بىرىكتۈرۈپ ھەرخىل



ئويۇنلارنى ئويناپ ئىمكان قەدەر جىقراق پۇل تاپاتتى، قاتىللىق ئەنزىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرا كەلسە، ئەگەر قاتىل تەرەپنىڭ پۇلى ۋە ئابرويى بولسا، ئۇنداقلار ھېچقانداق جازاغا تارتىلمايتتى. بۇ ئۇسۇلدا جاۋاپكار بولغۇچى پۇل بىلەن ھاكىمنى سېتىۋالاتتىدە، ھاكىم شۇنىڭ دېيىنى چېلىپ دەۋاگەرلەرنى ئالداش، قورقۇتۇش ئۇسۇللىرى بىلەن ئۇلارنىڭ دەۋاسىنى رەت قىلاتتى.

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چارۋا بېجى، كۆرە، تارازا بېجى تۈزۈملىرىنى تەكشۈرۈش قىيىن بولغانلىقتىن، ھاكىمنىڭ كۆز بوياپ ھايانكەشلىك قىلىشىغا ئىنتايىن چوڭ پۇرسەت بولاتتى. بازار بېجى، كۆۋرۈك باجلىرىنىڭ قانداق بولۇشى مۇقىم بولمىغانلىقتىن، ھاكىملار خالىغانچە يىغىۋېلىپ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالاتتى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ چارۋا بېجى (ئوت ئوچى بېجى قويىنى ئاساس قىلاتتى. يۈز قويغا ئۈچ قوي ئېلىناتتى. شۇيىللىق پاخلان قوزىلاردىن باج ئېلىنمايتتى) پۇلغا سۇندۇرۇپ پۇل ئېلىش بەلگىلەنمىسىمۇ بار ئىدى. مەيلى قوي ئالسۇن، مەيلى پۇلغا سىندۇرۇپ پۇل ئالسۇن، ھاكىملار كۆپ يىغىپ ئاز مەلۇم قىلىش، كۆپ پۇل ئېلىپ ئاز پۇل تاپشۇرۇپ خىيانەت قىلىشتەك ئىشلارغا پۇرسەتجىق ئىدى.

(4)

چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ باشلىرىدا گېلاۋخويچىلار جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەمەلدارلارنى

ئولتۇرۇپ، ئامبارلارنى بۇلاپ، بىرمۇنچە پاراكەندىچىلىكلەرنى پەيدا قىلدى. يېڭىدىن تەختكە چىققان ياڭ زېڭشىن بۇ سەۋەپتىن ھولۇقۇپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. نەتىجىدە ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى يەرلىك ئەمەلدارلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باج - سېلىق، ئالۋاڭ، ئەرز-دەۋا ئىشلىرىدا ئۆزى بىلگەن پارىخورلۇقلارنى قىلدى. يۇقۇرىدىكىلەر نىمىنى قىلسا تۆۋەندىكىلەرمۇ شۇنى دوراپ يامۇل ئەمەلدارلىرى، يېزا بوجاڭلىرىمۇ ئۆز ئىختىيارى بويىچە قاقتى - سوقتى قىلىپ خەلقنىڭ قاتتىق غەزىۋىنى قوزغىدى. بەزى دىخانلار نارازى بولۇپ بىرلىشىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئەرز قىلدى. قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدىكى بىر بەگنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن نەچچە مىڭ سەر كۈمۈش توپلاپ ھاكىمغا پارە بېرىپ ياخشىراق بىر ئادەمنى بەگ قىلىش تەلىۋىنى قويغان ئىدى، بۇ خىل ئەھۋالدا ياڭ زېڭشىن ئاممىنىڭ غەزىۋىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ھەر قايسى شەھەر، يېزىلاردا كەڭ كولەمدە باج ماددىلىرى قاتارلىق ئېلانلارنى چاپلاپ يەرلىك ئەمەلدارلار دىخانلارغا زۇلۇم قىلسا دىخانلارنىڭ بىۋاستە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىشىغا رۇخسەت قىلغانمۇ بولدى. بەزى جىنايىتى ئېغىر، ئاممىنىڭ غەزىۋى كۈچلۈك بولغان ھاكىم، بەگلەردىن بىر نەچچىسىگە جازا بېرىپ خىزمەتتىن



بوشاتقان ئىشلارمۇ بولدى. شۇڭا ياڭ زېڭشىن بىر مەزگىل كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغان ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا جەمئىيەتتە: «ھاكىمنىڭ جاجىسى بەش پۇڭلۇق ماركا»، دەيدىغان گەپ بار ئىدى. شۇ ۋاقىتلاردا بىر كىشى ئەرز يېزىپ بەش پۇڭلۇق ماركا چاپلاپ يۇقۇرىغا ئەۋەتسىلا ھاكىم ئەمەلدىن قالدۇرۇلاتتى. بۇ گەپ ئاشۇ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ھەر قايسى ناھىيىلەرگە مەخسۇس خادىملارنى ئەۋەتىپ باج يىغىش ئەھۋالىنى، مالىيە ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇردى ۋە مۇنچە بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقتى. مەسىلە ئەڭ ئېغىر بولغان يەر بېجىغا يەنىلا تەگمىگەن ئىدى. ئىلگىرىكى قىزىل دەپتەر يەنىلا ئۆزپېتى كۈچكە ئىگە بولۇۋەردى.

1920 - يىلىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە ياڭ زېڭشىن يەنە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىگە باج خادىملىرىنى ئەۋەتىپ باج يىغىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلدى (يەر بېجى ۋە ھەر خىل باجلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). جىن شۇرېننىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، ھەر قايسى ناھىيىلەرگە باج يىغىش ئەھۋالىنى كۆزىتىدىغان نازارەتچىلەرنى ئەۋەتتى. ئەمما بۇ نازارەتچىلەر ھەر يىلدا بارىدىغان يېڭى ئادەملەر بولغىنى ئۈچۈن، مەزكۇر ناھىيىدە ئۇزۇندىن بېرى باج ئېلىپ كەلگەن كونا باجگىرلار ئۇلارنى ھەر خىل يول بىلەن ئالداپ كېتەتتى.

# چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن ياڭزېڭشىن، جىن شۇرېن هوكۇمرانلىقىغا قەدەر شىنجاڭ مائارىپىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

سەي جېڭسىڭ

(1)

گۇاڭشۈي يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە (1908-يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە) مەنچىڭ خاندانلىقى هوكۇمىتى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە قىيىنچىلىقتا قالغان ئەھۋال ئاستىدا، ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ، يېڭى سىياسەتنى يولغا قويىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بىر مەزگىل ئەمەلدارلار تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ، كېجۇ تۈزۈمى (فېئودال ئىمتىھان تۈزۈمى — ت)نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەكتەپلەرنى ئېچىپ، سودا - سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، گويا ئۆزلىرىنىڭ لەۋزىدە تۇرغاندەك قىياپەتتە بولدى. بىراق چېگرىدىكى شىنجاڭمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى. تەخمىنەن 1908 - يىلىنىڭ ئالدى-



كەينىدە مەنچىڭ هوكۇمىتى دۇتۇڭنى مائارىپ① تەپتىشى ئەلچىسى سۈپىتىدە شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. شۇ چاغدا ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، ئۆلكىلىك ئۆلگە كۆرسىتىش باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلدى. ناهىيىلەردە ئىككى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ (ئىپتىدائىي دەرىجىلىك ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ) خەنزۇ تىلى مەكتىپى (ئۇيغۇر بالىلىرىنى خەنزۇچە ئوقۇتىدىغان مەكتەپ) ئېچىلدى. ناهىيىلەرنىڭ شۇ چاغدىكى هاكىملىرى مۇپەتتىشلىكنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ، پۈتۈن ناهىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولاتتى. ئۇندىن باشقا ئوقۇشقا كىرىشكە تەۋسىيە قىلىش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنىپ، جايلاردىكى هەر قايسى زاتلار ئۇنىڭغا هەيئەتلىككە تەكلىپ قىلىناتتى، ئۇلار هاكىمغا ياردەملىشىپ، ئاتا - ئانىلارغا بالىلىرىنى ئوقۇشقا بېرىشكە نەسىھەت قىلاتتى هەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلىشىگە نازارەت ۋە هەيدەكچىلىك قىلاتتى.

① چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئەمەلدارلىق تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆلكىلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ئەمەلدار مائارىپ تەپتىشى دېيىلەتتى.

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تېز تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە لېكسىيەسىنىپى ئېچىپ جەمئىيەتتىكى يېشى 30 دىن تۆۋەن كەسپى يوق بىلىملىك كىشىلەر، ئۆزى ئوقۇش خىراجىتى تۆلەپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار، بۇرۇنقى تالىپلار①، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار② قوبۇل قىلىنىپ، بىر يىللىق قىسقا مۇددەتلىك كۇرس قىلىندى. ئوقۇش مەزگىلىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق، تاماق خىراجىتى، ئوقۇشقا كېرەكلىك كىتاب ۋە ئوقۇش قوراللىرىنى مەكتەپ چىقاردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇغۇچىلارغا ھەر ئايدا 4 سەردىن قەغەز پۇل③ ياردەم بېرىلدى. بۇ كۇرس-

① فېئوداللىق ئىمتىھان تۈزۈمى مەزگىلىدە ئوقۇغانلاردىن جايلاردىكى ناھىيە ۋە مەھكىمىلەرنىڭ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلىگەنلىرى تالىپ دەپ ئاتىلاتتى، تالىپلىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەرلا ئاندىن ئۆلكە دەرىجىلىك ئىمتىھانغا، يەنى ئاتالمىش كوللىكتىپ ئىمتىھانغا قاتنىشالايتتى.

② ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مەھكىمە، ئوبلاست ۋە ناھىيىلەر ئۆز قەرەلىدە كۈمۈش پۇل ۋە ئاشلىق ياردەم بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

③ شۇ چاغلاردا شىنجاڭدا سەر بىرلىك قىلىنغان قەغەز پۇل تارقىتىلغان بولۇپ، پۇلنىڭ ئۈستىگە: مۇشۇ بىر تىيىزىغا بىر سەر كۈمۈش تەڭگە ياكى 400 يارماق تېگىشىشكە بولىدۇ، دەپ يېزىقلىق ئىدى.



نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ئىككى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە مەكتەپ مۇدىرلىقىغا ۋە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى باشلاندى. بۇ بىر تۈركۈم ئوقۇتقۇچىلاردىن لى زېبىن، دىڭ شۇرۇڭ، ياڭ جيامۇ، ياڭ سىجۈ، دىڭ باۋسەن قاتارلىقلار ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق ئوقۇتۇش خىزمىتى جەريانىدا يەرلىك ئورۇنلار ئۈچۈن، بىر مۇنچىلىغان ئىپتىدائىي مەلۇمات سەۋىيىسىگە ئىگە ياشلار، ئوسمۈرلەرنى تەربىيىلەپ بەردى.

شۇ چاغدىكى ئەھۋالدىن ئېيتقاندا، ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى خېلىلا زور بولۇپ، 6 چوڭ ئوقۇتۇش زالى، بىر چوڭ زال، يۈز نەچچە ئېغىز ئوقۇغۇچىلار ياتىقى، ئون نەچچە ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە خىمىيە - فىزىكا تەجرىبىخانىسى، تەجرىبە سايمانلىرى ئۆيى، ئۇسۇملۇك، مىنېرال ماددىلار ئەۋرىشكىسى ئۆيى، ئاشخانا ھەم يامغۇردىن پانا بولىدىغان تەنھەرىكەت مەيدانى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار بار ئىدى. ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئەۋرىشكىلەر ۋە تەجرىبە ئەسۋاپ - سايمانلىرى ياپونىيىدىن سېتىۋېلىنغان ئىدى. شۇنىڭدەك، ياپونىيىلىك 4 ئوقۇتقۇچى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. شۇەنتۇڭنىڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى)

بۇ مەكتەپنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى پۈتۈپ، مۇنەۋۋەر
ياشلار ۋە ئۇسمۈرلەردىن 60 كىشى ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل
قىلىنغان بولۇپ 1912 - يىلى شىنخەي ئىنقىلاۋى مۇۋەپـ
پەقىيەت قازانغاندا، بۇ بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ئاللىـ
بۇرۇن ئوقۇشنى تاماملىغان ئىدى. ئۇلاردىن لى دېلياڭ،
لى دېجىڭ، جاڭ جىڭيۇڭ، جاڭ رۇي، گۇاڭجۇن، شى جۇن،
يۈەن شياۋتۇڭ، ليۇشياۋلى، ۋاڭشۇبدو قاتارلىقلار كېيىنـ
كى چاغلاردا بۇ ئۆلكىنىڭ يەرلىك مەمۇرى خىزمەتلىرىـ
نى ئۈستىگە ئالدى.

(2)

شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن شىنـ
جاڭ هاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ھەربى تەمىنات
توختىتىلدى①. ئۆلكە مالىيىسى قىيىنچىلىققا دۇچكەلـ
دى. كىرىم چىقىمنى قاپلىيالمىدى دىگەننى باھانا
قىلىپ، بارلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى تاقىـ
ۋېتىش توغرىسىدا ئاشكارا بۇيرۇق چۈشۈرمىگەن بولسىـ
مۇ، شۇ چاغدىكى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشقىلا رۇخسەت
قىلىپ، تەرەققى قىلدۇرۇشقا رۇخسەت قىلمىدى. 5 يىل

① مەنچىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ يىراق، يېرى ناچار،
خەلق نامرات دەپ، ھەر يىلى مالىيە جەھەتتە ھەربى-مەمۇرى
خىراجەت ئۈچۈن شىنجاڭغا 2 مىليون سەر كۈمۈش ياردەم
قىلاتتى.



ئوتكەندىن كېيىن، بېيجىڭ مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى ئارقاـ
ئارقىدىن مەمۇرى خادىملارنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەـ
ۋەتكىلى تۇردى. ياڭزېڭشىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەنلەرـ
دىن گۇمانلىنىپ، كېيىن ئۇلارنى كونتۇرۇل قىلالماسلىقىـ
دىن ئەنسىرىدى. شۇڭا ئۇ، 1916 - يىلى شىنجاڭدا
مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە
ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەشنى قارار قىلدى.
ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى
كېرەك بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن دارىلمۇـ
ئەللىمىن مەكتىۋىدە لېكسىيە بولۇمى قۇرۇلۇپ، ناھىيىـ
لەرگە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقۇرى سىنىپلىرىنى پۈتـ
تۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ ئۇرۇمچىگە ئوقۇش ئىمـ
تىھانى بېرىشكە ئەۋەتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلـ
دى. ئۇلار ئىچىدىكى ئىمتىھان نەتىجىسى ئەلا بولغانلارـ
دىن 45 نەپەر ئوقۇغۇچى بۇ كۇرسقا قوبۇل قىلىندى. ئوقۇش
مۇددىتى ئىككى يىل قىلىپ بەلگىلەندى. ئوقۇش مەزگىلىدىكى
ياتاق، تاماق خىراجىتى، ئوقۇشقا كېرەكلىك كىتاپ،
ئوقۇش قوراللىرىنى ھەم قىشلىق كومۇرنى مەكتەپ
چىقاردى. ئۇندىن باشقا، ئوقۇغۇچىلارغا ھەرئايدا 2
سەر ئۆلكە قەغەز پۇلى ياردەم بېرىلدى. بۇبىر سىنىپ
ئوقۇغۇچى 1918 - يىلى ئوقۇش تاماملىغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.
شۇنداق قىلىپ، بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى ئوقۇشنى تاماملىـ

غان هامان يەنە بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، 1924 - يىلىغا كەلگەندە جەمئى 4 سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ 200 نەپەردەك ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ چىقتى.

دارىلمۇئەللىمىندىكى بۇ لىكسىيە بولۇمىگە مۇدىر قويۇلماي، مۇپەتتىش ۋە مۇئاۋىن مۇپەتتىش دەپ ئىككىلا ئادەم قويۇلدى. ئۇلار ئوقۇتۇش ئىشلىرى(ئىلمىي ئىشلار)، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە مەسئۇل بولۇپ، بىۋاستە ئۆلكىلىك ھوكۇمەت مەمۇرى ئىشلار نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلاتتى. لىكسىيە بولۇمىدە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مۇپەتتىش بولغانلارنىڭ ھەممىسى شۇچاغلاردىكى نامى چىققان ئەربابلاردىن ئىدى. ئۇلاردىن ۋاڭيۇنەن، ۋاڭلۇجۇۋ، شۈيجىڭبىن، ئەنزۇيخۇا قاتارلىقلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئەخلاقىي - پەزىلىتى ياخشى، بىلىم سەۋىيىسى يۇقۇرى، باشقىلارغا زىيرىكمەي، تىرىكمەي ئۆگىتىدىغانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈلگە كورسىتىپ ئەمگەك سىڭدۈرۈشى ئارقىسىدا، ئوقۇغۇچىلار تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئەخلاقلىق بولۇپ تەربىيىلىنىشتەك ئىسىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان ئىدى.

بۇ بىر قانچە تۈركۈم ئوقۇغۇچىلاردىن لى بىڭنۇڭ، سەيجىنسىڭ، گوۋېنخۇا، نايەنبۇ، دۇجيە، ليۇۋۇبىن، ياڭشىنرۇڭ، دېڭباۋشىن، ليۇچىڭ، ليۇخۇەيشىن، جۇزۇجىڭ، جاۋخېگۇاڭ، تاۋفېڭشياڭ، جاۋچىڭخەي،



ليۇچاڭكې، باۋجىيىڭ، مادىڭكې قاتارلىقلار شىنجاڭ مائارىپىدىن ئىبارەت بۇ ئېچىلمىغان بوز زېمىندا جاپا - كەش باغۋەنلىك رولىنى ئوينىدى. بۇلارنىڭ بىر مۇنچىلىرى ئومۇر بويى مۇشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇلار ئىچىدە چېڭيەدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى جاۋچىڭخەي 1916 - يىلى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن تارتىپ يېقىنقى يىللاردا پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر 50 نەچچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى.

1924 - يىلدىن باشلاپ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە لىكسىيە بولۇمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھەر يىلى رەسمىي پەنلەر سىنىپىغا 40 تىن 50 كىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى. ئوقۇش مۇددىتى 4 يىل ئىدى. 1932 - يىلى جىن شۇرېن تەختتىن چۈشۈشتىن ئىلگىرى جەمئى 9 سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭدىن 5 سىنىپتا 250 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى. رەسمىي پەنلەر سىنىپىنى پۈتتۈرگەن بۇ بىر قانچە سىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇغان ۋاقتى ئۇزاق ھەم ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقۇرى بولغانلىقتىن ئۇلار ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، بىر قانچە يىل باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، تەجرىبىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، بىر مۇنچىلىرى، مەسىلەن: يەن زولىن، جاڭ جېنشىڭ، گودېي، ليۇدېخې، جاڭ چىڭچيەن، خې شىجۈن، مودېكې، جۇڭ شيۇ، ۋاڭ زۇكچېن قاتارلىقلار ئوت-

تۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچى بولدى. رەسمىي پەنلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 4 يىللىق ئوقۇش مۇددىتى جەريانىدىكى ياتاق، تاماق خىراجىتى، ئوقۇش قوراللىرى ۋە كىتاپ قاتارلىقلارنى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا مەكتەپ بىرىپ تۇردى.

(3)

ياڭ زېڭشىن ھوكۇمىتى دارىلمۇئەللىمىن لىكسىيە بولۇمىنى قۇرۇپ 4 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1920 - يىلىدىن باشلاپ يەنە ئولكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئاچتى. ئوقۇغۇچىلارنى ناھىيىلەر باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇرى سىنىپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن تاللاپ ئەۋەتىپ بەردى. بۇلاردىن ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانلار قوبۇل قىلىندى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇش مۇددىتى 4 يىل ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش مەزگىلىدىكى ياتاق، تاماق خىراجىتى، ئوقۇش قوراللىرى، كىتاپ ۋە قىشلىق كومۇر خىراجىتى قاتارلىق ھەممە خىراجەتلەرنى مەكتەپ دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەمىناتى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە بەردى، ئۇندىن باشقا ھەر ئايدا ياردەم ئۈچۈن 2 سەرفەغەز پۇلى بەردى. تۇنجى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى 1924 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈردى. شۇ يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى بىر قېتىم ئوقۇغۇچى (تەخمىنەن 45 تىن 50 كىچە ئوقۇغۇچى) قوبۇل قىلىشقا ئۆزگەرتىلىپ 1932 - يىلغا



قەدەر 8 سىنىپقا جەمئى 400 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئانا تىلى (تىل - ئەدەبىيات) ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، رۇس تىلى قاتارلىق ئاساسلىق دەرسلىرى ئىچىدە رۇس تىلى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، ھەر ھەپتىدە 10 سائەت دەرس ئۆتۈلەتتى، بۇنىڭدىن مەقسەت مۇشۇ ئولكىدىكى بىردىن - بىر ئالى ئوقۇش يۇرتى - رۇسچە قانۇن سىياسى كەسپىي مەكتىۋى ئۈچۈن لاياقەتلىك ئوقۇغۇچى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئىدى.

(4)

شىنجاڭ ئولكىلىك ئوتتۇرا مەكتىۋىگە 1920 - يىلى تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار 1924 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئولكىلىك رۇسچە قانۇن سىياسى كەسپىي مەكتىۋى ئېچىلدى، ئولكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 33نەپەر ئوقۇغۇچى بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى. بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى 1928 - يىلى رۇسچە قانۇن كەسپىي مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئولكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يەنە بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى. شۇندىن كېيىن ئولكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىۋەردى.

1932 - يىلىغا قەدەر جەمئىي 6 سىنىپقا تەخمىنەن 250
ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

قانۇن، سىياسى كەسپىي مەكتىۋىنىڭ ئوقۇش مۇددىتى
4 يىل ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش مەزگىلىدىكى ياتاق،
تاماق خىراجىتى، ئوقۇش قوراللىرى، كىتاپ ۋە قىشلىق
كومۇر قاتارلىق خىراجەتلەرنى مەكتەپ بېرەتتى. ئۇندىن
باشقا ياردەم پۇلى ئۇچۇن ئايدا ئوقۇغۇچىلارغا 12 سەر
قەغەز پۇل بېرىلەتتى.

بۇ مەكتەپكە دەسلەپتە مەكتەپ مۇدىرى قويۇلماي،
ئىلمىي مۇدىر ۋە لاۋازىمەت مۇدىرلا قويۇلۇپ، مەكتەپ
خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش پىـ
لانى ئاساسىي جەھەتتىن بىيجىڭ رۇسچە بىلىم ئاشۇرۇش
يۇرتىنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىنى دوراپ تۇزۇلگەن ئىدى. ئو-
قۇتۇش دەرسلىكلىرىنىڭ كوپىنچىلىرى بىيجىڭ چاۋياڭ
داشۆيسى قانۇن بولۇمىنىڭ كونسپېكلىرى ئىدى (كونـ
سپېك جەمئىي 12 قىسىم بولۇپ، ھەممىسى چاۋياڭ دا-
شۆيسىدىن سېتىۋېلىنىپ شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى).
بۇ مەكتەپتە ھەركۇنى 6 سائەت دەرس ئوتۇلەتتى، بۇ دەرس-
لەر ئىچىدە قانۇن دەرسى 3 سائەت، رۇسچە دەرس 3 سا-
ئەت ئوقۇلاتتى. رۇسچە دەرستە گىرامماتىكا، رۇسچە مەشـ
ھۇر ئەسەرلەردىن تاللانمىلار، جۇڭگو - رۇسىيە دىپلوما-
تىيە ئالاقىلىرى نۇسخىلىرى، رۇسچە قانۇن - پەرمانلار
قاتارلىق دەرسلەر ئوتۇلەتتى. قانۇن دەرسى دەرس ئو-



قۇتقۇچىلىرىنى بۇرۇن ياپونىيىدە ئوقۇپ كەلگەنلەر ۋە
شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن بىيجىڭ رۇسچە بىلىم ئاشۇ-
رۇش يۇرتىنى پۇتتۇرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۇستىگە ئالغان
ئىدى. رۇس تىلى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلىرى مەخسۇس بو-
لۇپ، بۇلار ھەممىسى رۇس، ياردەمچى ئوقۇتقۇچىلىرى
خەنزۇ ئىدى.

ياڭ زېڭشىن 1926 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇ-
قۇرى سىنىپلىرىنى پۇتتۇرگەن بىر تۇركۇم ئوقۇغۇچىلار-
نى قوبۇل قىلغاندا، شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن ئاق ئو-
فىتسېر تېكچوپ ۋە نىكولايېۋنى ئوقۇتقۇچىلىققا
تەكلىپ قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا پىلىمۇت
ئىشلىتىش، جۇملىدىن قۇراشتۇرۇش، تەكشۇرۇپ رېمونت
قىلىش، ئېتىش ۋە ئۇرۇش قىلىشنى ئۇگەتكۇزگەن ئىدى.
لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق كونـ
سۇلخانىسى نارازىلىق بىلدۇرگەنلىكتىن، ياڭ زېڭشىن بۇ
ئىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ بىر تۇركۇم ئو-
قۇغۇچىلارنى قانۇن - سىياسى مەكتىۋى ئوتكۇزۇۋېلىپ،
تەييارلىق سىنىپى قىلىپ، يەنىلا تېكچوپ بىلەن نىكو-
لايېۋنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ رۇسچە ئۇگەتكۇز-
دى. ئىككى يىل ئوتكەندىن كېيىن، يەنى 1920 - يىلى
بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى 2 - سىنىپنىڭ يېڭى ئوقۇغۇچىلىرى
بىلەن بىللە رەسمىي پەنلەر سىنىپىغا چىقىرىلدى. قا-

نۇن ـ سىياسى مەكتىۋىنىڭ تەييارلىق سىنىپى شۇندىن ئېتىۋارەن قايتا ئېچىلمىدى.

1928 ـ يىلى جىن شۇرىن تەختكە چىققاندىن كېيىن قانۇن ـ سىياسى مەكتىۋىگە مەخسۇس مۇدىر ئەۋەتتى. 1930 ـ يىلى قانۇن ـ سىياسى مەكتىۋى شىنجاڭ رۇسچە قانۇن ـ سىياسى ئىنىستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. مەكتەپ مۇدىرى يۈەنجاڭ دىيىلىدىغان بولدى ھەمدە يۈەنجاڭ ئاستىدا قانۇن پاكولتېتى، سىياسى ـ ئىقتىسات پاكولتېتى، چەت تىل (رۇس تىلى) پاكولتېتى تەسىس قىلىش پىلانلانغان بولىسىمۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچى، دەرسلىك ماتىرىياللىرى، خىراجەت قاتارلىقلارنى ھەل قىلىش تەس بولغاچقا، بۇ پىلان ئىشقا ئاشمىدى.

(5)

ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرىن دەۋرلىرىدە ليۇۋېنلۇڭ باشتىن ـ ئاخىر مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى. ئارىلىقتا بىر يىللا (1928 ـ يىلى) ليۇۋېنلۇڭ ئۆز يۇرتى خۇنەنگە كېتىپ قايتىپ كەلمىگەچكە، جىن شۇرىن ليۇشاۋلىننى بىر مەزگىل بۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەپ تۇردى. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە، قانۇن ـ سىياسى مەكتىۋى، ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە مەكتەپ مۇدىرى تەيىنلەنمىگىنى بىلەن، ئەمىلىيەتتە، بۇ ئۈچ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ليۇۋېنلۇڭ



قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان ئىدى. قانۇن ـ سىياسى مەكتىۋىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىنىڭ مۇپەتتىشى ئەمەلىيەتتە مەكتەپنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ۋاھالەنكى، ليۇۋېنلۇڭ ھەر قايسى مەكتەپلەرگە بىۋاستە بوغالتىر ئەۋەتىپ، مالىيە ئىشلىرىنى شۇلار ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلاتتى. ئىلمىي مۇدىر ياكى مۇپەتتىشلەردە بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلىش ھوقۇقى بولمايتتى، ئەكسىچە ئۇلار بوغالتىرلاردىن يوليورۇق سورايتتى. خامچوتنى قانداق تۈزۈش، ھىساۋاتنى قانداق ھىساپلاش ئىشلىرى بىلەن مۇپەتتىش، ئىلمىي مۇدىرنىڭ تېخىمۇ كارى يوق ئىدى.

ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىن مۇپەتتىشلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر، ئىشى جىق بولسىمۇ، ئايلىق ئىش ھەققى (مائاشى) ئۆلكە پۇلىغا ئاران 40 سەر بولۇپ، نازارەت باشقارمىلاردىكى 2 ـ دەرىجىلىك بولۇم ئەزاسىنىڭ مائاشىغا توغرا كېلەتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلاردىن (باشقا ۋەزىپىلىرى بار ئىدى) ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى دەرس ئۆتكەن سائەت سانى بويىچە ھىساپلىناتتى. مەسىلەن، ھەر كۈنى بىر سائەت دەرس ئۆتسە، سائەتلىك دەرس ھەققى ئۈچۈن ئۆلكە قەغەز پۇلىغا بىر سەر پۇل بېرىلەتتى. بىر ئايىنى 4 يېرىم ھەپتە ھىساپلىغاندا، ئۇلار ئېيىغا سائەتلىك دەرس ھەققى ئۈچۈن ئۆلكە پۇلى

ھېساۋىدا 27 سەر پۇل ئالاتتى. قانچە سائەت دەرس ئۆتكەن بولسا، شۇ ھېساپ بويىچە شۇنچە پۇل ئالاتتى. قانۇن - سىياسى مەكتىۋى ئىلمىي مۇدىرىنىڭ ئايلىق ماﺋاشى ئۆلكە پۇلى ھېساۋىدا 60 سەر بولۇپ، نازارەت باشقارمىلارنىڭ 1 - دەرىجىلىك بولۇم ئەزاسىنىڭ ماﺋاشىغا باراۋەر ئىدى. كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار يوق ئىدى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قوشۇمچە باشقا خىزمىتى بولۇپ ئۇلارغا بىر سائەت دەرس ئۆتسە، سائەتلىك دەرس ئۈچۈن ئۆلكە پۇلى ھېساۋىدا 2 سەر پۇل بېرىلەتتى. ھەر ئايلىق دەرس ئۆتۈش ھەققىنى ھېساپلاش ئۇسۇلى ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىننىڭ ھېساپلاش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

يۇقۇرىدا قانۇن - سىياسى مەكتىۋى، ئوتتۇرا مەكتەپ، دارىلمۇئەللىمىندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاق، تاماق خىراجىتى، چىراق يېغى، ئوقۇش قوراللىرى، قىشلىق كومۇر خىراجىتى قاتارلىقلارنى مەكتەپ بېرىدىغانلىغى توغرىسىدا توختالغان ئىدۇق. مەسىلەن، ھەر بىر كىشىگە ئايدا ئۆلكە قەغەز پۇلى ھېساۋىدا، تاماق راسخودى ئۈچۈن 6 سەر، چىراق يېغى ئۈچۈن 5 مىسقال، ئوقۇش قوراللىرى ئۈچۈن 1 سەر خىراجەت بېرىلەتتى. قىش پەسلىدە ھەر بىر كىشىگە ئايدا 300 جىڭ كومۇر بېرىش بەلگىلەنگەن ئىدى. ئۇندىن باشقا ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ئايدا ياردەم پۇلى ئۈچۈن 2 سەر (قانۇن -



سىياسى مەكتىۋى ئوقۇغۇچىلىرىغا ئايدا 12 سەر) پۇل بېرىش بەلگىلەنگەن ئىدى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان خىراجەتلەر ئەمەلىيەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىغا بېرىلەتتى. لىيۇۋېنلۇڭ ۋە ھەر قايسى مەكتەپلەردىكى مالىيە باشقۇرغۇچىلار يۇقۇرىغا بۇ خىراجەتلەرنى قانچىلىك مەلۇم قىلىپ، قانچىلىك پۇل ئالىدىغانلىغىنى ئۇ چاغلاردا ھېچكىم بىلمەيتتى.

**(6)**

ياڭزېڭشىن دەۋرىدە ئۈرۈمچىدە ئارانلا 4 باشلانغۇچ مەكتەپ، يەنى 1 -، 2 -، 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىن قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلا بار ئىدى. جىن شۇرىن دەۋرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاندىن 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ، قىزلار باشلانغۇچ مەكتىۋى ۋە 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ قارمىقىدىكى قىزلار باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپىدىن 2 سى قوشۇپ ئېچىلدى. دارىلمۇئەللىمىن قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ھەر يىللىق سىنىپلىرى ئىككىدىن بولۇپ، مەكتەپ بويىچە 500 ئوپچۇرىسىدە ئوقۇغۇچى بولغاندىن تاشقىرى، باشقا مەكتەپلەرنىڭ ھەر يىللىق سىنىپلىرى بىردىنلا بولۇپ، ھەر قايسىسىدا مەكتەپ بويىچە 200 دىن ئارتۇقراق ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ھەممىسى قوشۇلغاندا، شۇ چاغدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاران 1600 - 1700 گە يېتەتتى.

ناھىيىلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەر يىللىق سىنىپلىرى بىردىنلا ئىدى. بەلكى مۇرەككەپ شەكىلدىكى ئوقۇتۇش، يەنى 1-، 2- يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بىر سىنىپتا، 3-، 4- يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بىر سىنىپتا ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلاتتى. يېرىمدىن ئارتۇقراق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تۆۋەن سىنىپلارلا بولۇپ، يۇقۇرى سىنىپلار يوق ئىدى. شۇڭلاشقا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار يۇقۇرى سىنىپقا چىقىش ئۈچۈن، يۇقۇرى سىنىپلىرى بار باشقا باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇشقا مەجبۇر بولاتتى. شىمالىي شىنجاڭدا، مەسىلەن: غۇلجا، سۈيدۈڭ، شىخۇ، چۆچەك، ماناس. قۇتۇبى، سانجى، گۈچۈڭ، جىمسار، باركۆل قاتارلىق ناھىيىلەردە مۇكەممەل (تۆۋەن سىنىپ ۋە يۇقۇرى سىنىپمۇ بولغان) باشلانغۇچ مەكتەپلەر كۆپرەك ئىدى. چۈنكى بۇ ناھىيىلەر ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېقىنراق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىنگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەردىن كەلگەنلەر ئىدى، جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئاز، يول يىراق بولغاچقا، ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار كۆپ بولمايتتى.



جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە خەنزۇچە مەكتەپلەر بولۇپ، بۇ مەكتەپلەرگە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، خەنزۇچە دەرس ئۆتۈلەتتى، لېكىن دىنىي ئېتىقادى تۈپەيلىدىن، بۇنداق مەكتەپلەرگە پەرزەنتلىرىنى ئوقۇشقا بېرىشنى خالايدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. بۇنداق مەكتەپلەر بىر قانچە يىل ئاتاقىلا ئېچىلاتتى، بەزى مەكتەپلەردە 30 - 40 ئوقۇغۇچى بولغان بولسا، بەزى مەكتەپلەردە ئاران 10 - 20 ئوقۇغۇچى بار ئىدى. بەزى مەكتەپلەر ھەتتا ئۇزاققىچە تاقىلىپ قالدى. يەرلىك ئەمەلدار، ھاكىم نامىدا مائارىپ تەپتىش خىزمىتىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇچە مەكتەپلەرگە ئەھمىيەت بەرمەي، ئۆز ئىشىغا قويۇپ بېرەتتى. شۇڭا خەنزۇچە مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 4 يىل ئوقۇپ مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە ئاران بىرقانچىسىلا قالاتتى. مائارىپ ئىشلىرىغا قىزىقىدىغان بەزى مۇپەتتىشلەر گاھى ھاللاردا ھەر خىل ۋاستىلار بىلەن مەجبۇرلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خۇددى ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتقاندەك ئائىلىلەرگە ئالۋاڭ سېلىپ، ئوقۇغۇچى تۇتاتتى. كەمبەغەللەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىققا تۇتۇۋېلىنغان بالىلىرى بېرىشقا مەجبۇر بولاتتى. بايلار كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى ياللىۋېلىپ، ئۆز بالىلىرىنىڭ ئورنىغا «ھاشا»غا (يەنى مەكتەپكە) ئەۋەتەتتى. گەرچە خەنزۇچە مەكتەپلەرنىڭ

نامى بار، جىسمى يوق بولسىمۇ، لېكىن شۇ بىر قانچە يىللاردا ناھىيىلەردە ئاساسىي قاتلام مەمۇرى خادىملىرى ۋە تەرجىمانلىق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاشۇ خەنزۇچە مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى.

ناھىيىلەردىكى بىردىن ئىككىگىچە سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە مەكتەپ مۇدىرى قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى، ئىككىدىن ئارتۇق سىنىپى بار مەكتەپلەرگە بىردىن رەسمىي ئوقۇتقۇچى، تۆتتىن ئارتۇق سىنىپى بار مەكتەپلەرگە ئىككىدىن رەسمىي ئوقۇتقۇچى، بىردىن قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى قويۇلاتتى. قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۈستىگە ئالغان مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئايلىقى ئۆلكە پۇلى ھېساۋىدا 30 سەر، رەسمىي ئوقۇتقۇچىنىڭ ئايلىقى 26 سەر، ياردەمچى ئوقۇتقۇچىنىڭ مائاشى 20 سەر ئىدى. بەلگىلىمە بويىچە ناھىيىلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بىردىن قارا خىزمەتچى بېرىلگەن بولۇپ، مائاشى ئۆلكە پۇلى ھېساۋىدا 8 سەر ئىدى. لېكىن، مائاش تۆۋەن بولغاچقا، قارا خىزمەتچى ياللاش تەس ئىدى. شۇڭا، بەزى مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى خىزمەتچىلىكنى ئۆزى قوشۇمچە ئۆتەيتتى.

ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە قانچىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە قانچىلىك ئوقۇغۇچى بار، قانچىلىك



ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى بار، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداق، بۇ ھەقتە شۇ چاغدىكى مائارىپ نازارىتىدە ئىشەنچلىك بىر ئىستاتىستىكىلىق مەلۇمات يوق ئىدى. مائارىپ نازارىتى 1930 - يىلى تۇرپان باشلانغۇچ مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى ياڭ جيامۇنى ئۆلكە مائارىپ تەپتىشلىكىگە ئۆستۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيىلەرنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆلكە مۇپەتتىشى ماۋېيچۈەننى شىمالىي شىنجاڭدىكى ناھىيىلەرنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش ئەھۋالىدىن يازغان دوكلادىدىن پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 120 نەچچە باشلانغۇچ مەكتەپ، 5 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بارلىقى مەلۇم بولدى. يۇقۇرقى ئىستاتىستىكا سانلىرى ئېلىنغان مەكتەپلەر ئىچىگە ئۈرۈمچىدىكى خەنزۇچە مەكتەپلەر كىرمەيدۇ.

**(7)**

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، يەنى 1919 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىر قانچە تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى.

1 - ھەممەخىراجەت ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چىقىرىلىپ، چاڭ يۈگلۇ، چاڭ يۈگشياڭ (بۇ ئىككىسى شۇ چاغ-

ىدىكى ئولكىلىك كېڭەشنىڭ باشلىقى چاڭ يۈگچېڭنىڭ ئوغۇللىرى) ۋە گۇاڭلۇ قاتارلىقلار بېيجىڭ رۇسچە بىلىم ئاشۇرۇش يۇرتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى.

2 - ھەممە خىراجەت ھوكۇمەت تەرىپىدىن چىقىرىلىپ، دۇەن شۇچيەن، جېن يۇنجياڭ قاتارلىقلار خاربىنغا قەن - شېكەرچىلىك تېخنىكىسىنى ئۈگىنىشكە ئەۋەتىلدى.

3 - ھەممە خىراجەت ھوكۇمەت تەرىپىدىن چىقىرىلىپ، سۇن جيۇرۇ، جەن ئىنشياۋ قاتارلىقلار تيەنجىنگە مانتېيورلۇقنى ئۈگىنىشكە ئەۋەتىلدى.

4 - ھەممە خىراجەت ھوكۇمەت تەرىپىدىن چىقىرىلىپ، ۋاڭ ۋەندې، تۇچىچاڭ، ياڭ فۇتيەن قاتارلىقلار لەنجۇ ب تۇردىكى ھۈنەر - سەنئەتى مەكتىۋىگە يۈڭ - توقۇمىچىلىق ۋە توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئۈگىنىشكە ئەۋەتىلدى.

5 - ھەممە خىراجەت ھوكۇمەت تەرىپىدىن چىقىرىلىپ، ۋاڭ دۇنەن، ۋاڭ كېچىڭ قاتارلىقلار بېيجىڭ قاتناش مىنىستىرلىكى تېلېگىراف مەكتىۋىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى،

جىن شۇرىن دەۋرىدە 1931 - يىلى ۋە 1932 - يىلى ھەممە خىراجەت ھوكۇمەت تەرىپىدىن چىقىرىلىپ، 2 تۈركۇم ئوقۇغۇچى گېرمانىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى (تەپسىلى ئەھۋال ئاپتور 1946 - يىلى يازغان «جىن شۇرىننىڭ گېرمانىيىگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشى ۋە ئۇنىڭ جەريانى» دېگەن ماتېرىيالدا يېزىلغان، شۇنىڭغا قارالسۇن).



**(8)**

1920 - يىلى شىنجاڭدا مائارىپ نازارىتى رەسمىي قۇرۇلدى. مائارىپ نازارىتى ئىچىدە ئىككى بولۇم تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 10 نەچچە كىشى مۇشۇ ئىككى بولۇمدە ئىشلىدى. ياڭ زېڭشىن ليۇۋېنلۇڭنى مائارىپ نازىرلىقىغا تەيىنلىدى. ليۇۋېنلۇڭ خۇسۇسى سودىگەرچىلىك قىلىپ، يەر ۋە مال - مۈلۈك سېتىۋېلىش كويىدا بولغاچقا، مائارىپ نازارىتىنىڭ مالىيە چوڭ ھوقۇقىنى تۇتقاندىن باشقا، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئەھۋالى بىلەن ئانچە كارى يوق ئىدى. ئۇ نازىر بولغان مەزگىل شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئەڭ قالايمىقان بولغان، ئەڭ ئارقىدا قالغان ۋە چىرىكلەشكەن مەزگىل ئىدى. شۇ چاغلاردا ئوقۇش تۈزۈمى جەھەتتە يېڭى ۋە كونا ئوقۇش تۈزۈمى ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى، مائارىپ ئىشلىرىنى ياخشىلاش توغرىسىدا پىلان تېخىمۇ يوق ئىدى. بەزى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش مۇددىتى 4 يىل، بەزى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 5 يىل بولۇپ، بەزىلىرى شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن تۈزۈلگەن دەرسلىكلەرنى ئىشلەتسە، بەزىلىرى يەنىلا مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دەرسلىكلەرنى ئىشلىتەتتى. بەزى باشلانغۇچ

مەكتەپلەر، مۇكەممەل مەكتەپ (تۆۋەن سىنىپلار ۋە يۇقۇرى سىنىپلار بار مەكتەپ) قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن بولسا، يەنە بەزى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئىپتىدائىي مەكتەپ ۋە يۇقۇرى سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئىككىگە ئايرىۋېتىلگەن ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى تۆۋەن، ئىشى ئېغىر بولۇپ، بىر ئوقۇتقۇچى بىر سىنىپقا ھەتتا ئىككى سىنىپقا ئاساسلىق دەرس ۋە قوشۇمچە دەرسلەرنىڭ ھەممىسىنى بېرەتتى. جايلاردىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى بېرىلگەندىن باشقا، ھەر خىل خىراجەتلەر (ئىش بېجىرىش راسخودى) ناھايىتى ئاز بېرىلەتتى.

جىن شۇرېن دەۋرىدە (1928 - يىلىدىن 1933 - يىلىغىچە) مائارىپ ئىشلىرى بۇرۇنقىدىن ئاز - تولا ياخشىلانغان بولسىمۇ، مەسىلەن: ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ناھىيىلەردە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى كۆپەيتىپ ئېچىش، سىنىپلارنى كۆپەيتىش، كىتاپ ۋە دەرسلىك دەپتەر سېتىۋېلىش، ئۆلكىلىك كۇتۇپخانا تەسىس قىلىش قاتارلىق ئىشلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزگىرىش چوڭ بولمىدى، شىنجاڭ مائارىپى يەنىلا ئىستىقبالغا ئىگە بولالمىدى.

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە بولسۇن ياكى جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە بولسۇن، ئاز سانلىق مىللەتلەر (ئۇيغۇر،



قازاق، موڭغۇل مىللەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) مائارىپىدا، ھېچقانداق مائارىپ ئەسلىھەلىرى بولمىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئوقۇماقچى بولسا، خەنزۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئېچىلغان مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى. تىل قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇللارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئالىي، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغانلار ھەقىقەتەن بەك ئاز بولۇپ، بىر قانچە كىشىدىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس.

# مۇندىن 70 يىل بۇرۇنقى شىنجاڭ قول سانائىتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

جى لو

شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمى 1 مىليون 640 مىڭ كۋادرات (مۇرەببە) كىلومېتىر كېلىدۇ. شىنجاڭدا تاغ تىزمىلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن، قۇملۇقلار بىپايان، زېمىن كەڭ، بەزى ناھىيىلەرنىڭ يەنە بىر ناھىيە بىلەن بولغان ئارىلىقى 200 — 300 كىلومېتىر كېلىدۇ. مىللەتلەر ئەھۋالى مۇرەككەپ، قاتناش قۇلايسىز، شۇنداق ئەھۋال ئاستىدىكى بۇ ئۆلكىنىڭ مۇندىن 70 يىل بۇرۇنقى ئىگىلىگى. فېئودallıق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن باشقۇرۇلغاچقا، شەھەرلەردە يەككە ياكى ئائىلە قول سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشى ۋە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يولغا قويۇلغان؛ يېزىلاردا دىخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يولغا قويۇلغان ئىدى. مەن شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەممە جايلارغا بارغان ئىدىم. تۆۋەندە شۇ جايلارنىڭ ئاساسلىق قول سانائىتى ھەققىدە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمنى بايان قىلماقچىمەن.



## ئۈرۈمچىنىڭ ئاساسلىق قول سانائىتى

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ قاتناش ئىشلىرى ئۇلاق كۈچى ئارقىلىق بولاتتى، يۈك توشۇش ۋە يولۇچىلارنى توشۇشتا 4 ئات قوشۇلىدىغان، 2 چاقلىق چوڭ ھارۋا ئاساس قىلىناتتى، قوشۇمچە خادىك ھارۋىمۇ بار ئىدى. ئۈرۈمچى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سىياسىي مەركىزى بولغاچقا، چوڭ ھارۋا ياساش سانائىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان. چوڭ ھارۋا ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىلىرى شەخسىي قول سانائەتچىلەر بولۇپ، ئائىلىسىدىكى پەرزەنتلىرىنى ئىشلىتەتتى ياكى شاگىرت قوبۇل قىلىپ ياردەملەشتۈرەتتى، ھۈنەر ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا تېخنىكا بىلىدىغان ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلاتتى. بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ تولىسى شەنشىلىكلەر ئىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىدە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغاچقا، مەبلىغى كۆپ بولۇپ ئۆز ئالدىغا ھارۋا ياساش كەسپى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھارۋا ياساش ئۈچۈن قارىياغاچ ئاساسىي ماتېرىيال ئىدى. ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى ئەرگۈگدىن چىققان قارىياغاچنىڭ سۈپىتى ياخشى ئىدى. بولۇپمۇ داۋانچىڭدىن چىققان قارىياغاچنىڭ سۈپىتى ھەممىدىن ياخشى ھېساپلىناتتى. دىخانلار كېسىپ ساقلىغان قارىياغاچلىرىنى سېتىپ پۇل قىلماقچى بولغاندا، شە-

ھەردىكى ھارۋا ياسايدىغانلارغا ساتاتتى، ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچى ئىككى تەرەپ توختام تۈزگەندىن كېيىن، ياغاچ ساتقۇچى قەرەللىك ھالدا ياغاچ ئەكىلىپ بېرەتتى، ياغاچ ئالغۇچى پۇلنى قەرەلگە بولۇپ بېرەتتى. شۇڭا ھارۋا ياساپ ساتقۇچىلارغا كۆپ مەبلەغ كەتمەيتتى. ھارۋا ياسايدىغان ياغاچچىلىق دۇكانلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى خوشنا دۇكانلارنىڭ كۆپىنچىلىرى تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرى بولۇپ، دۇكان خوجايىنلىرىنىڭ ئۆزى تۆمۈرچى ئىدى. بۇنداق تۆمۈرچىلەر بىر ھارۋىغا قانچىلىك تۆمۈر كېتىدىغانلىقىنى (قانچىلىك ئىش ھەققى ئېلىشنىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) مۆلچەرلىگەندىن كېيىن، ياغاچچىدىن شۇنچىلىك تۆمۈر ئېلىپ ھارۋىغا كېرەكلىك ھەر خىل نەرسىلەرنى سوقۇپ بېرەتتى. شۇ چاغلاردا مەخسۇس ھارۋا ياساش ئۈچۈن كېتىدىغان ھەر خىل نەرسىلەرنى سوقىدىغان تۆمۈرچىلەر ئايرىم بولۇپ، ئۇلار ھارۋىغا كېرەكلىك نەرسىلەردىن باشقا نەرسىلەرنى سوقمايتتى. ھارۋىغا كېرەكلىك ھەر خىل تاسما، ئاغامچا، ئات جابدۇقلىرى، پىلىك (ھارۋىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىدىغان ئەگمە سايىۋەن) قاتارلىقلارنى ياساش ۋە ئېتىشمۇ مەخسۇس كەسىپ ھىساپلىناتتى. ئۇندىن باشقا شەھەر ئىچىدىكى قاتناش ۋە قىسقا مۇساپىلىق سەپەرگە ئىشلىتىدىغان ھەرخىل مەپىلەرمۇ ياسىلاتتى. شۇ چاغلاردىكى ئەمەلدارلار ئومۇمىيۈزلۈك مەپىگە ئولتۇراتتى. ئۇزۇن



سەپەرگە چىققاندا مەپىگە ئولتۇرىدىغانلارمۇ بار ئىدى. بىراق، بۇنداق مەپىلەرگە ئات ياندىلاتتى. يارىيا ھارۋا دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ھارۋا بولۇپ، بۇنداق ھارۋا چوڭ ھارۋا (تۆمۈر ھارۋا)دىن كىچىك، مەپىدىن سەل چوڭ بولۇپ، ھارۋا ئۈستىگە ئىككى تەرىپى يۇقۇرىغا قاراپ تۇرىدىغان سايىۋەن قويۇلاتتى. بۇ خىلدىكى ھارۋىلارنى ئەمەلدارلار ئىشلىتەتتى، ئۈرۈمچىدە بۇنداق ھارۋىنى ياسايدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. مەخسۇس ئات، خېچىر تاقىلايدىغان تۆمۈرچىلەر تاقىچى دەپ ئاتىلاتتى. تاقىچىلار ئومۇمەن ئالغاندا ئۇچۇغىنىڭ ئالدىغا بىر يېرىم مېتىر ئارىلىقتا ئىككى تال ياغاچ قاداپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر تال ياغاچنى توغرا مىندۇرۇپ، خۇددى پۇتبول توپىنىڭ دەرۋازىسىغا ئوخشاش قىلىپ، ئات تاقىلايدىغان دار ياساپ، ئاتنى ئىككى ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا تېڭىپ تاقىلايتتى. تاقىچىلار بەزىدە تۆمۈر گۈرجەك ۋە ئوغاقمۇ سوقاتتى. شۇ چاغلاردا ئۈرۈمچى شەھىرىدە، بولۇپمۇ نەنگۈەن كوچىلىرىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ۋە ئات تاقىلايدىغان دارلار ۋە تۆمۈرچى دۇكانلىرى ھەممىلا يەردە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

ئۇندىن باشقا قازان قۇيىدىغان، سوقا (بوقۇسا) چىشى قاتارلىقلارنى قۇيىدىغان قۇيمىچىلىق قول سانائىتىمۇ بولۇپ، بۇنداق قۇيمىچىلىق زاۋۇتلىرى بار قورۇلارنى كىشىلەر قۇيمىخانا دەپ ئاتىشاتتى. بۇنداق

قۇيمىچىلىق زاۋۇتلىرى مەركەزلەشكەن كوچا — قازانچىلار
كوچىسى دەپ ئاتىلاتتى. باشقا نەرسىلەرنى مەسىلەن،
كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك چۆمۈچ، قىڭغىراق، قۇ-
لۇپ، مىخ قاتارلىقلارنى ياسايدىغان كىچىك تومۇرچى-
لىك دۇكانلىرى شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا دىگۈدەكلا
بار ئىدى. ئۇندىن باشقا، ياغاچ جاھازلار، ئۆي جاھازى-
لىرى ياسايدىغان ۋە قاسقان ئېتىدىغان كىچىك دۇكان-
لارمۇ ھەر قايسى كوچىلاردا بار ئىدى. پاختا ئاتىدىغان
ۋە پۇجا گىزا ياسايدىغان قول سانائەتلەرنىڭ تولىسى
داشىڭخالىڭ كوچىسىدا ئىدى. كىيىم تىكىدىغان ماشىنىچى-
لىق دۇكانلىرىنىڭ كۆپىنچىلىرى ماشىنىچىلار كوچىسى
(ھازىرقى خەلق مەيدانىنىڭ جەنۇپ تەرىپى)دە ئىدى.
مىسكەرچىلىك قول سانائىتى دۇكانلىرى مىسكەرلەر كوچىسى
(ھازىرقى شەرق شامىلى كوچىسىنىڭ دوڭدىن پەسكە
چۈشىدىغان جايلىرى)گە، موزدوزچىلىق قول سانائىتى
دۇكانلىرى ئەرداۋچىياۋغا مەركەزلەشكەن ئىدى. كۈندى-
لىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملارنىڭ تولىسى ئىچكىرى
ئۆلكىلەردىن ياكى رۇسىيىدىن ئىمپورت قىلىناتتى. جاي-
لاردا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان كۈندىلىك بۇيۇملار ھىچقان-
چىلىك ئەمەس ئىدى. ھارۋا ياساش، تاقا سوقۇش
كەسپى باشقا كەسپلەرنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. بۇلاردىن
باشقا، جۇۋازچىلىق، تۈگمەنچىلىك، خۇمدانچىلىق، كۇلال-



چىلىق قاتارلىق كەسپلەرمۇ بار ئىدى. بۇ يەردە بۇ
كەسپلەرنى بىر - بىرلەپ مىسال كەلتۈرۈپ ئولتۇرمايمىز.

## جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قول سانائىتى

جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قول سانائەت ئىشلەپچى-
قىرىشى شىمالىي شىنجاڭغا قارىغاندا گەۋدىلىك* ئىدى.
شىمالىي شىنجاڭنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا قەرەللىك با-
زار بولمىغاچقا، يېزىلاردىكى يەككە مەشغۇلات ئېلىپ
بارىدىغان قول سانائەتچىلەر، مەسىلەن، بورىچى، سۇ-
پۇرگىچى، سېۋەتچى ۋە زەمبىلچىلەر ئىشلەپچىقارغان
تەييار مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىنچىلىرى شەھەرلەردە سې-
تىلاتتى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا قەرەل-
لىك بازار بولۇپ، جايلارنىڭ بازارلىرى ئوخشىمىغان
كۈنلەردە بولاتتى. بازار كۈنى يېزىلاردىكى ئەر - ئايال-
لار ئاتقا مىنىپ ياكى پىيادە مېڭىپ بازارغا كېلەتتى.
ئات ياكى ئېشەكلەرگە ھەر خىل يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە
مەھسۇلاتلىرىنى ئارتىپ بازارغا ئاپىرىپ، ئېلىم - سېتىم
قىلىدىغان بولغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭدا قول سانائەت
ئىشلەپچىقىرىشى ئالاھىدە تەرەققى قىلغان. مەسىلەن:

1. باپكارچىلىق: جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پاختا
چىقىدىغان جايلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەكلا
ئۆيىدە يىپ ئىگىرەتتى، بەزىلىرى ئۆيىدىكى دۇكان -

دەستىگاھ بىلەن ماتا توقۇسا، بەزىلىرى ئىگىرگەن يىپلىرىنى بازارغا ئاپىرىپ ساتاتتى. قاراشەھەرنىڭ غەربىدىكى ھەر قايسى جايلاردا توقۇلىدىغان رەختلەر ئىچىدە «ژوپقاخام»، «سەگەز» قاتارلىق توقۇلمىلار بار ئىدى. «ژوپقاخام» قوپال، شالاڭ بولغاچقا، ئۇزاق چىدىمايتتى. بىر ماتانىڭ كەڭلىگى بىر يېرىم چى، ئۇزۇنلۇغى ئۈچ يېرىم غۇلاچچە كېلەتتى. ھەر بىرسىنىڭ باھاسى 3 مىسقال ئوپچۇرىسىدە ئىدى. خوتەن، لوپ، كېرىيە قاتارلىق جايلاردا ئىگىرگەن يىپ بىر قەدەر ئىنچىكە، ئىشلەتكەن ھۈنەر بىر قەدەر ياخشى بولغاچقا، توقۇلغان ماتالار قويۇق، كەڭلىگى مۇۋاپىق ئىدى. يىلىغا خوتەندە 170 مىڭ دانە، لوپتا 30 نەچچە مىڭ دانە، كېرىيىدە 25 مىڭ دانە (بۇ سانلار شۇ چاغدىكى ھوكۇمەتنىڭ دەپتىرىدىكى سان بولۇپ پۈتۈنلەي توغرا بولۇشى ناتايىن) ماتا - چەكمەن توقۇلاتتى، ھەر بىرسىنىڭ باھاسى 3 مىسقالدىن كۆپرەك ئىدى. گەنسۇ شەنشى قاتارلىق جايلاردا يىلىغا 20 مىڭ دانە ماتا - چەكمەن سېتىلاتتى. رۇسىيىنىڭ ئەنجان قاتارلىق جايلىرىغا تەخمىنەن 120 مىڭ دانە خام ئېكسپورت قىلىناتتى. رۇسىيىدە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن بىر مەزگىل ئىچكى ئۇرۇش بولۇپ تۇرغاچقا، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىر مەھەل توختاپ قالغانلىقتىن، شىنجاڭدا رەختنىڭ باھاسى ئۇشتۇمتۇت ئۆرلەپ كېتىپ، يەرلىك



توقۇلىدىغان رەختلەرنىڭ مىقدارى ئاشتى، شۇنىڭ بىلەن رۇسىيىگە ماتا چىقىرىدىغانلار ئۇرۇمچى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ماتا ئاپىرىپ ساتىدىغانلارنىڭ بىر مەھەل بازىرى ئىتتىكلەپ قالدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا باپكارچىلىق (بوزچىلىق) ۋە بوياقچىلىق كۆپىنچە شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن. ئۇيغۇر خەلقى مەللە چاپان ياكى قىزىل چەكمەن چاپان كىيىشنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاچقا، بوياقچىلار كۆپىنچە مۇشۇنداق ئىككى خىل چەكمەن بويايتتى. شۇ چاغلاردا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى شەھەر - يېزىلاردا يىلىغا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ماتا مۆلچەرلىنىشىچە ئاز دېگەندە 2 مىليون دانە ئەتراپىدا ئىدى، ئۇنىدىن باشقا، نەچچە قات توم يىپتىن خۇرجۇنلارمۇ توقۇلاتتى. خەنزۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، تولاق يىپتىن يۇمشاق سومكىلار توقۇلاتتى. بۇنداق سومكىلارغا كىيىم - كېچەك سېلىناتتى؛ يەنە يوتقان - كۆرپىگە قاپلايدىغان تولىما شەرشاپ (كىرلىك) توقۇلاتتى. بۇنىڭدىن يىپ ئىگىرىش، ماتا توقۇش جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئومۇمىيۈزلۈك قول سانائەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

2. گۈگۈتچىلىق: يۇمشاق، سىلىق سوگەت، تېرەك ياغىچىنى ناھايىتى نېپىز قىلىپ، 5 سۈكچە ئۇزۇنلۇقتا، 3 سۈكچە كەڭلىكتە كېسىپ، قۇرۇتقاندىن كېيىن بۇ تارشىلارنىڭ ئىككى بېشى ئىچىگە ئازراق ئېگىلىدۇ،

ئۇنىڭ 5 دانىسىنى بىر باغلام قىلىپ باغلاپ، كەڭ تەرىپىنى گۈڭگۈرت سۈيىگە ئازراق چىلاپ قۇرۇتقاندىن كېيىن گۈگۈت بولىدۇ. بۇنىڭ ئېتى تارشا گۈگۈت دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق گۈگۈتنى ئىشلەتكەندە، بىر تارشا گۈگۈتنى بىر قانچە قىلىپ يېرىپ، گۈڭگۈرت سۈركەلگەن تەرىپىنى ئوتقا تەككۈزگەن ھامان يانىدۇ، يانغان گۈگۈتنى چىراق يېقىش، ئوت تۇتاشتۇرۇش ۋە ۋاقىتلىق يورۇتۇش ئىشلىرىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئۇ سەرەڭگىدىن ئۇزاق يانىدۇ، تارشا گۈگۈت ئېتىدىغان بۇنداق قول سانائەت يېزىلارنىڭ ھەممە يېرىگە ئومۇملاشقان.

3. كىگىزچىلىك ۋە باشقىلار: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئىگىزلىكى بىر گەزچە كېلىدىغان كاڭ بولىدۇ. سۇپا ئۈستىدە تامنىڭ يان تەرىپىدە ياكى قاپ ئوتتۇرىسىدا مورىسى بار ئوچاق بولىدۇ، تاماق ئېتىش ۋە ئىسسىنىشتا شۇنداق ئوچاقتىن پايدىلىنىدۇ. بىر ئائىلىدىكى كىشىلەر كاڭ ئۈستىدە تاماق يەيدۇ ياكى يېتىپ - قوپىدۇ، شۇڭا كاڭغا كۆپىنچە كىگىز سېلىنىدۇ. بەزىلىرىگە كىگىز سېلىنغاندىن باشقا يەنە كىگىز ئۈستىگە گىلەم سېلىنىدۇ، شۇڭا بۇ جايلاردا كىگىزچىلىك بارلىققا كەلگەن ھەمدە ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. كىگىزگە يۇمشاق قوي يۇڭى ئىشلىتىلىدۇ، كىگىزنىڭ كەڭ - تارلىقى ئوخشىمايدۇ، رەڭگى قارا، بوز، ئاق بولىدۇ، چورىسى قارا، ئوتتۇرىسى گۈللۈك ياكى تامامەن گۈللۈك تەكلىمات كىگىزلەرمۇ بولىدۇ،



كىگىز ئېتىش ئۇسۇلى مۇنداق: چىغدىن توقۇلغان چوڭ توقۇلمىغا يۇيۇپ تازىلىۋېتىلگەن قوي يۇڭى تەكشى سېلىنىدۇ، ئۇزۇن - قىسقىلىقى بەلگىلىك ئۆلچەم بويىچە بولىدۇ، بۇ تورپاختا ئەتكەنگە ئازراق ئوخشاپ كېتىدۇ، ئاق كىگىزگە ئاق يۇڭ، قارا كىگىزگە قارا يۇڭ، تەكلىمات كىگىزگە بويالغان يۇڭ ئىشلىتىلىدۇ، يۇڭ سېلىنغان چىغ توقۇلمىنى يۆگەپ تۇرمەللىگەندىن كېيىن دومىلىتىپ پىششىقلايدۇ، بۇنى كىگىز پىشۇرۇش دەپ ئاتايدۇ. چىغ توقۇلما ئىچىگە سېلىنغان تەكشى يۇڭ چىڭدىلىپ كىگىز بولىدۇ. بۇ كىگىز ئېتىش دەپ ئاتىلىدۇ. شۇ چاغلاردا خوتەن تەرەپلەرنىڭ كىگىزى ناھايىتى داڭلىق بولۇپ، گۈلى شوخ كېلەتتى، كىگىزنىڭ ئۆزى يۇمشاق، سىلىق بولغاچقا، ياخشىلىرىنىڭ ھەر بىرى كۆمۈش تەڭگە ھىساۋىدا 3 - 4 سەرگە، ئوتتۇرا ھاللىرىنىڭ ھەر بىرى 1 - 2 سەرگە ياراتتى. ئارىلاش يۇڭدىن ئىشلىگەن كىگىز بەك ئەرزان بولۇپ، 5 - 6 مىسقالغا ياراتتى، ياخشى كىگىزلەر رۇسىيىنىڭ ئەنجان دىگەن يەرلىرىگە، ھىندىستان، كەشمىرگە ۋە ئافغانىستانغا چىقىرىلاتتى. ھەر يىلى تەخمىنەن 3 مىڭ پارچە ئوپچۇرىسىدە كىگىز سىرتقا چىقىرىلاتتى.

4. گىلەمچىلىك: خوتەن، لوپ، كېرىيە ۋە گۇما تەرەپلەردە كىگىزچىلىك تەرەققىي قىلغاندىن باشقا، گىلەمچىلىك ھۈنەر-سەنئىتىمۇ پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بار-

ماق بىلەن سانىغىدەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغان. گىلەم توقۇش ئۇسۇلى مۇنداق: ئىنچىكە يۇڭ يىپنى ئورۇش يىپى، پاختا يىپنى ئاقاق يىپى قىلىپ، ھەر خىل رەڭدە بويالغان ئىنچىكە يۇڭ يىپ بىلەن ئاقاق يىپ ئارىسىغا ئالماپ توقۇيدۇ. دەستىگاھتا 6 گەز ئۇزۇنلۇقتا، 4 گەز كەڭلىكتە توقۇلغان گىلەم 6 گەزلىك گىلەم دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى بىر غۇلاچتىن كېلىدىغان گىلەم بىر غۇلاچلىق گىلەم دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇزۇن ـ كەڭلىكى ھەر خىل گىلەملەرمۇ بولىدۇ. گىلەم توقۇش ۋاقتىدا ئىنچىكە تىۋىت قىستۇرۇپ توقۇغان گىلەم — تىۋىتلىك گىلەم دېيىلىدۇ، ئىپەك قىستۇرۇپ توقۇغان گىلەم زىلچا دېيىلىدۇ، زىلچا ئادەتتىكى گىلەمدىن قىممەت بولىدۇ. دەسلەپكى چاغلاردا گىلەمنىڭ باھاسى گىلەمنىڭ چوڭ كىچىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىنەتتى. كېيىنكى چاغلاردا گىلەمنىڭ باھاسى ھەر كۇۋادىرات گەز بويىچە بەلگىلىنىدىغان بولدى. ئادەتتىكى 6 گەزلىك گىلەمنىڭ باھاسى 6 سەر ئەتراپىدا ئىدى. ھەر يىلى ئەنجان، قوقان، ھىندىستان ۋە ئافغانىستان قاتارلىق جايلارغا 1000 نەچچە پارچىدىن ئارتۇق گىلەم چىقىرىلاتتى. گىلەمنىڭ گۈلى ۋە تۈرى جەھەتتە دەسلەپكى چاغلاردا ئۇيغۇرچە نۇسخا قوللىنىلاتتى. لېكىن گىلەم توقۇغۇچىلار ھۈنەرگە ئۇستا بولغاچقا، قانداق نۇسخا سىزىپ بېرىلسە، شۇ نۇسخىدا گىلەم توقۇيالايتتى. كېرىيە ۋە خوتەن-



دە مۇھاجىر بولۇپ تۇرغان ئەنگلىيىلىك ۋە رۇسىيىلىك سودىگەرلەر مۇۋاپىق نۇسخىدا گىلەم توقۇتۇپ، ئۇرۇق ـ تۇققان، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتەتتى. چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 27 ـ يىلى (1901 ـ يىلى) نالا توغۇلغانلىغىنىڭ 70 يىللىغىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، شىنجاڭ دائىرىلىرى خوتەنگە ئۇزۇنلۇقى ئۈچ غۇلاچ، كەڭلىكى ئىككى يېرىم غۇلاچ كېلىدىغان ساپ ئىپەك گىلەم توقۇش، گىلەمگە ئەجدىھارنىڭ مەرۋايىت ئويناۋاتقان رەسىمىنى چۈشۈرۈپ توقۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشەردى. بۇ گىلەم پۈتۈپ لەنجۇغا ئېلىپ بېرىلغاندا، گىلەمنى ھەدىيە قىلماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەچكە، ئۇلكە ئامبىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. يۈەنشىكەي ئۆزىنى پادىشا دەپ ئاتىغاندا، بېيجىڭ سىياسى ئىشلار ۋازارىتىدىكىلەر شىنجاڭ دائىرىلىرىگە ھېلىقى گىلەمنى بېيجىڭگە ئاپىرىش توغرىسىدا بىشارەت بەرگەن بولسىمۇ، يۈەنشىكەينىڭ پادىشالىق تۈزۈمى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاچقا، بۇ ئىش ۋۇجۇتقا چىقماي قالدى.

گىلەمچىلىك تەرەققى قىلىپ، ئەسلىدىكى 3 ـ 4 ئادەم بىرلىكتە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشتىن 10 ـ 20 ئادەم بىرلىشىپ مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان دۇكانلارغا ئۆزگەردى، ئائىلە قول سانائىتى، ئەمگەك مائاش مۇناسىۋىتى خاراكتىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىشقا ئايلاندى. مىنى-

گونىڭ 4 ـ 5 ـ يىللىرى خەنزۇ سودىگەرلەردىن گاۋجىيۇن لوپ ناھىيىسىدىكى كونا گىلەمچىلىك زاۋۇدىنىڭ ئەسۋاپلىرى ۋە ئۆيلىرىدىن پايدىلىنىپ گىلەمچىلىك، ئەتكەسچىلىك ئىگىلىگى بىلەن شۇغۇللىنىپ، گەنسۇدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنىڭ يىپكى ئىمامى ما يۈەنجۇاڭنىڭ جىيەنى، قەشقەرنىڭ سابىق دوتەيى ماشاۋۇنىڭ ئائىلە مەسچىتىگە نەچچە يۈز سەر كۈمۈش قىممىتىگە ئىگە ناھايىتى چوڭ بىر پارچە ئىپەك گىلەم توقۇتۇپ بەرگەن، مانا بۇ خەنزۇ كاپىتالىستلارنىڭ يەرلىك مېھنەتكەشلەرنى ياللاپ ئىشلەتكەنلىگىنىڭ بىرىنچى مىسالى. رۇسىيە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، بىر ئەرمىنىستانلىق ئادەم (ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ) خوتەندىكى گىلەمچى ئۇستىلارغا تۈركىيىنىڭ ھەر خىل گىلەم نۇسخىلىرىنى ئۈگىتىپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى چاغلاردا تۈرك گىلەم نۇسخىلىرى كۆپەيدى.

5. ئىپەكچىلىك: جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۈژمە دەرىخى كۆپ بولۇپ، پىلە بېقىش ئۇزاق تارىخقا ئىگە، بۇرۇنقى چاغلاردا يەرلىك خەلقلەر پىلە بېقىشقا ئانچە ئەجىرى قىلىپ كەتمەيتتى. پىلە قۇرۇتى ئۈژمە غازىڭى ئۈستىدە ئۆزى چوڭ بولۇپ، ئۆزى ئۆلۈپ قالاتتى. ئېلىنغان ئىپەكمۇ بەك ناچار ئىدى. تاۋباۋلىيەن يازغان «شىن ـ ماۋ يىلىدىكى سەپەر خاتىرىسى»دە يېزىلىشىچە شىنجاڭ



ئۆلكە بولغاندىن كېيىن، زوزۇڭتاڭ پىلىچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن جېجياڭ، جياڭسۇلاردىن 60 نەپەر پىلە باققۇچى ئىشچىنى («شىنجاڭ خەرىتىسى تەزكىرىسى»دە 40 نەچچە ئىشچى دېيىلگەن) يۆتكەپ كېلىپ، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە پىلىچىلىك ئىدارىسى قۇرۇپ، يەرلىك خەلققە پىلە قۇرۇتى ئېلىش، پىلە غوزىسى ئايرىش، ئىپەك تارتىش، بوياش، شايى ـ ئەتلەس توقۇش قاتارلىق ھۈنەر تېخنىكىنى ئۆگەتكۈزگەن، ھەم يەرلىك ئۈژمە دەرىخى ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ يوپۇرمىغى كىچىك بولۇپ، پىلە بېقىشقا مۇۋاپىق كەلمىگەچكە، شەرقىي جەنۇپ تەرەپتىن نەچچە يۈز مىڭ تۈپ ئۈژمە كۆچىتى ئەكەلدۈرۈپ، خەلقنىڭ مۇشۇ كۆچەتلەرنى ئاپىرىپ تىكىشىنى بۇيرۇق قىلغان ھەمدە ئۈژمە دەرەخلىرىنى ئۇلاش، ئوغۇتلاپ يوپۇرمىغىنى ئوبدان ئۆستۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى ئۆگەتكۈزگەن. ئەسلىدىكى غەرەز يامان بولمىسىمۇ، لېكىن فېئودالىلىق دەۋردىكى ئەمەلدارلار باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ راسخودى يېتىشمىگەچكە، چىقىمى كۆپ، ئىشنى ئەپلەشتۈرەلەيدىغانلىرى ئاز ئىدى. شۇ سەۋەپتىن بۇ پىلىچىلىك ئىدارىسى چوڭ ئۈنۈم ھاسىل قىلالماي، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن تاقالدى. گۇاڭشۈينىڭ 30 ـ يىلى (1905 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ سابىق مەمۇرى ۋالىيسى ۋاڭ شۇرەن سودا ـ

سانائەتنى تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن، جېجياڭ شاۋشىڭلىق جاۋگۇيخۇا دېگەن ئادەمنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئىپەكچىلىك ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. ئۇ، ئۈرۈمچىدە سابىق پىلىچىلىك ئىدارىسىنىڭ دۈردۈن توقۇيدىغان تېخنىكا ئىشچىسى جياڭ گۇاڭشيەننى تاپتى، يەنە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارىلىپ كەتكەن كونا تېخنىك خەن تىڭشيۇ، گۈل چىقىرىش ئۇستىسى ماۋجىڭفاڭ، پىلە بېقىش ئۇستىسى شۈيىڭگاۋلارنى يىغىپ ھەم ھۈنىرى ناھايىتى يۇقۇرى كونا ئۇيغۇر ئۇستىلاردىن شەمشىدىن، ئابلا، ئىسلام ۋە باقى قاتارلىق تۇتىيلەننى تەكلىپ قىلىپ، قەشقەر، خوتەنلەردە خەلققە ئۈژمە كۆچىتى تىكىش، پىلە بېقىش، ئىپەك تارتىش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئۆگەتتى ھەمدە سابىق پىلىچىلىك ئىدارىسىنىڭ بۇزۇق ئەسۋاپ - سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ، رېمونت قىلدۇرۇپ، ئىپەك تارتىش ماشىنىسى ياسىتىپ، خەلققە سىناپ ئىشلىتىشكە تارقىتىپ بەردى. خەلق ئىپەك تارتىش ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ، مۇنداق ماشىنا - سايمانلارنى تەقلىت قىلىپ ياسىدى. جاۋگۇيخۇا ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ھاسىل قىلغان ھاسىلاتلىرى، سابىق پىلىچىلىك ئىدارىسىنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەبلىرى ۋە شۇندىن كېيىن پىلىچىلىكنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ۋاڭ شۈرەنگە سۇندى. ۋاڭ شۈرەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالا-



قىدار ناھىيىلەرگە پىلىچىلىك ئىشلىرىنى جاۋگۇيخۇانىڭ پىكرى ۋە ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان چارىلار بويىچە باشقۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق چۈشەردى. ئەمەلدارلارنىڭ شۇ چاغدىكى ھېساۋات دەپتىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خوتەن تەۋەسىدە 2 مىليون تۈپ ئۈژمە كۆچىتى تىكىلىپ يىلىغا ئەنگلىيە، رۇسىيىگە 70 مىڭ سەر كۈمۈشكە 270 نەچچە مىڭ جىڭ پىلە غوزىسى، 12 مىڭ سەر كۈمۈشكە 80 نەچچە مىڭ جىڭ ئىپەك سېتىپ بېرىلگەن، ئۇندىن باشقا، يەركەندە يىلىغا 10 نەچچە مىڭ جىڭ، قاغىلىقتا 100 نەچچە مىڭ جىڭ پىلە غوزىسى ئىشلەپچىقىرىلغان. گۇما ناھىيىسىدە پىلىچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولغان بولۇپ، گۇاڭشۈينىڭ 31 - يىلى (1906 - يىلى) بىر يىلدا 60 نەچچە مىڭ جىڭ پىلە غوزىسى ئىشلەپچىقىرىلغان، گۇاڭشۈينىڭ 32 - يىلى (1907 - يىلى) پىلە غوزىسى 30 ھەسسە ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىلغان، گۇاڭشۈينىڭ 33 - يىلى (1908- يىلى) تەخمىنەن 5 ھەسسە ئاشۇرۇلغان، گۇاڭشۈينىڭ 34 - يىلى (1909 - يىلى) گۇما ناھىيىسىدە يەرلىك پىلە غوزىسى ئېكسپورتى 323 مىڭ نەچچە يۈزجىڭغا يەتكەن، ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيە بۇ جايلارنىڭ پىلە غوزىلىرىنى تالىشىپ سېتىۋالغاچقا، بىر جىڭ پىلە غوزىسىنىڭ باھاسى بىر يېرىم مىسقالدىن، ئىككى مىسقال ئىككى پۇڭ، ئىككى مىسقال ئۈچ پۇڭغىچە ئېشىپ كەتكەن.

شۇ چاغلاردا جەنۇبىي شىنجاڭدا كىيىم كىيىشكە بولىدىغان ئىككى خىل ئىپەك رەخت توقۇلاتتى. بىر خىلى ئۇيغۇرلار «بەقەسەم» دەپ ئاتايدىغان ئىپەك توقۇلما بولۇپ، بەقەسەمنىڭ يۈزى دۇردۇنغا ئوخشايتتى، رەڭگىمۇ ھەرخىل ئىدى، يەنە بىر خىلى «ئەتلەس» دەپ ئاتىلىدىغان توقۇلما رەخت بولۇپ، ساپ ئىپەكتىن توقۇلاتتى، ئەتلەس نېپىز بولۇپ ژارژاتقا ئوخشاپ كېتەتتى، تېگى ئاق، كۆللۈك، تېگى كۆك، گۈلى ئاقلىرى ياكى باشقا رەڭدىكىلىرىمۇ ياكى باشقا نۇسخىدىكىلىرىمۇ بار ئىدى، خوتەن، يەركەن قاتارلىق جايلاردا گەرچە پىلىچىلىك تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن پىلىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېخانلار پىلە ئۇرۇغى قالدۇرۇشقا ماھىر بولمىغاچقا، پىلە ئۇرۇغى ھەر يىلى رۇسىيىدىن سېتىۋېلىناتتى، 1917 - يىلى رۇسىيىدە ئىنقىلاب يۈز بەرگەندىن كېيىن، قەشقەردە مۇھاجىر بولۇپ تۇرغان رۇسىيىلىكلەر پىلە كېپىنىكىنى ئۆز جايىدا ئۇرۇقلىتىپ، ئۇرۇقلارنى دورا سۈيىگە چىلاپ، لەيلىگەنلىرىنى تاشلىۋېتىپ، چۆككەنلىرىنى ئەپقېلىپ، كېسەللىكى يوق پىلە ئۇرۇقلىرىنى قۇتىلارغا قاچىلاپ ساتتى. ھەر بىر قۇتا پىلە ئۇرۇغىنىڭ ئېغىرلىقى 8 مىسقال بولۇپ، باھاسى بىر سەر ئىدى. 1922 - يىلىدىن كېيىن خوتەن قاتارلىق جايلارغا كېرەكلىك پىلە ئۇرۇغى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلدى.

6. قەغەزچىلىك: خوتەن، كېرىيە، لوپ



ۋە گۇما قاتارلىق ناھىيىلەردە ئۈژمە دەرىخى كۆپ بولغاچقا، بۇ جايلاردا ئۈژمىنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرى ئېزىلىپ ھوردا پىشۇرۇلۇپ قەغەز ياسىلاتتى. بۇنداق ياسالغان قەغەزلەر قېلىن بولۇپ پاقىرىمايتتى ھەم كۆكۈشرەك ئىدى. خوتەندىن چىقىدىغان قەغەز ئاقراق بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى خوتەن سامان قەغىزى دەپ ئاتايتتى. ئەمەلدارلار مەھكىمىسى دەسلەپكى مەزگىللەردە بۇنداق قەغەزلەرنى ئاشلىق بېلىتى ۋە ئالاقە قەغىزى بېسىشقا ئىشلىتەتتى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى شىنجاڭ مالىيىسىدە قىيىنچىلىق كۆرۈلگەن چاغلاردا، ئەمەلدار تەرەپ سىلىقلىتىلغان سامان قەغەزگە ھۆكۈمەت ئالاقىسى، خەت - چەك ۋە ئۆلكە دائىرىسىدە ئاقىدىغان ئالاقىلارنى يېزىپ ئىشلەتكەچكە، قەغەزچىلىك بىرمەھەل ناھايىتى دەۋر سۈرۈپ كەتتى.

7. مېتالچىلىق: كۇچار ۋە باي ناھىيىلىرى قەدىمقى دەۋرلەردىلا مېتالچىلىق بىلەن داڭ چىقارغان. خەن سۇلالىسى كىتابلىرىدا «كۇسەن دۆلىتى مېتال ئېرىتەلەيدۇ. مېتال ئېرىتىمىسىدىن قۇيما سايمانلارنى ياسىيالايدۇ» دەپ يېزىلغان. كۇسەن ھازىرقى كۇچار بولۇپ، 2 مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىلا ھەر خىل تۆمۈر ئەسۋاب - سايمانلارنى ياساش بىلەن داڭ چىقارغان، ئۇنىڭ شۆھرىتى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ جايلاردىكى تۆمۈرچىلەر ئۆزلىرى سوققان قىلىچ، قايچا ۋە قىڭغىراقلار

بىلەن غەربىي شىمالدا داڭ چىقارغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇجايلاردا كالا يېغىغا ھاك، شاخار (ئىشقار) ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستى تەرىپى ئۈچلۈق، ئاستى تەرىپى ياپىلاق كەلگەن، خۇددى مۇنارشەكلىدە كىر سوپۇنى ياسىلاتتى. بۇنداق سوپۇنلار كىرنى ئاسان ئېرىتىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، ھەممە يەردە بازىرى ئىتتىك ئىدى. بۇجايلاردا يەرلىك ئۇسۇل بىلەن تېرە ئاشلىناتتى. ئاشلانغان تېرىلەردىن كىيىم - كېچەك تىكىلەتتى. ئاشلانغان قارا كورپە تېرىلەر ئەتىۋار ئىدى. دىمەك، كۇچار سوپۇنى ۋە كۇچار كورپىسى ئالاھىدە داڭلىق ئىدى. قەشقەر، يېڭىسار قاتارلىق ناھىيىلەردە مىسكەرچىلىك قول سانائىتى بولغان بولسىمۇ، لېكىن مىستىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنىڭ سانى كوپ بولمايتتى. باي ناھىيىسىدىكى مىس كېنىدىن مىس كوپ چىقاتتى. بۇ مىسلاردىن ئەمەلدارلار داچەن پۇل چىقارغاندىن باشقا، مىسكەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇستىلار ئۇنىڭدىن مىس قازان، مىس لىگەن، پەتنۇس، مىس تەخسە، ئاپتۇۋا-چىلاپچا، چوگۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ياسايتتى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل گۈل نەقىشلەر چىقىرىلغان بولۇپ، ناھايىتى كوركەم ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىچىدە ئوت كويىدىغان، چورىسىدە يېمەكلىك پىشۇرغىلى بولىدىغان «ئوت قازان»، «ساماۋەر»، جومبۇل، مىس لاق قاتارلىق نەرسىلەرنى ياسايدىغانلارمۇ بار ئىدى.



8. تۇماقچىلىق ۋە موزدوزچىلىق: جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا تۇماقچىلىق، دوپپىچىلىق، كونچىلىك، موزدوزچىلىقتا ئوخشاش ئائىلە قول سانائىتى ياكى دۇكانلار بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئۆلكە سىرتىدىن ياكى چەتئەللەردىن كىيىم - كېچەك بۇيۇملىرىنى كىرگۈزمەيتتى. دوپپا - تۇماقلارنىڭ خىلى مۇنداق 3 خىل بولاتتى. (1) ئۈستى تۈز، 4 بۇرجەكلىك دوپپىلار قارا ياكى تاجىرەڭ دۇخاۋا - مەخمەلدىن تىكىلەتتى. ئۈستىگە ياكى 4 تەرىپىگە يۇمىلاق ياكى باشقا شەكىلدە گۈل چىقىرىلاتتى. ئۇششاق مارجانلاردىن يۇمىلاق گۈل چىقىرىپ تىكىلگەن، توپىسى تۈز دوپپىلارنىڭ باھاسى قىممەت ئىدى. (2) 4 بۇرجەكلىك ئۈچى ئۈچلۈق دوپپا-تۇماقلارنىڭ كوپىنچىلىرى دۇخاۋا - مەخمەل ياكى تاۋا-دۇردۇندىن تىكىلەتتى. ئۈستىگە ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى كەشتىلىنەتتى. (3) دۇخاۋىدىن تىكىلگەن يۇمىلاق دوپپىلارغا گۈل كەشتە قىلىنمايتتى، دۇخاۋا - مەخمەلدىن تىكىلگەن تۇماقلارنىڭ ئاستى تەرىپىگە قاما ياكى سۇغۇر تېرىسى تۇتۇلاتتى. بۇنداق تۇماقلارنىڭ باھاسى بەك قىممەت ئىدى. بۇنداق 3 خىل دوپپا - تۇماقلارنىڭ ئەرەنچىسى ۋە ئايالچىسى ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئايالچىسىنىڭ گۈللىرى شوقراق بولاتتى. ئۈستىگە كالۋۇتۇن يىپتىن گۈل تىكىلگەن تەيتىللا دوپپىلار كوزنى قاماشتۇراتتى. ئولتۇرۇلگەن ماللارنىڭ تېرىسىنى، يۇڭ مويلىرى

ئېلىنىۋېتىلىپ ئاشلاپ كۆن - خۇرۇم قىلىنغاندىن كېيىن، يۇمشاقلىتىلغاندىن مەسە (ئۇزۇن تېرە پايپاق) تىكىلىپ، ئۈستىگە كەشە قاپلاپ كىيىلەتتى. مەسە كىيگەن كىشىلەر سۇپا ئۈستىدىكى كىگىز - كېچەكلەرنىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سۇپىغا چىققاندا كەشنى سېلىپ چىقىپ، سۇپىدىن چۈشكەندە كەشنى كىيىۋالاتتى، بۇنداق مەسە ۋە كەشلەرنىڭ ئەرەنچىسى بىلەن ئاياللچىسى ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئاياللارنىڭ سەل ئىگىز پاشنىلىق بولاتتى. كېيىنكى چاغلاردا بۇنداق مەسە - كەشلەرنى كىيىش ئادىتى ئۆزگىرىپ، ئەرلەر بەتىنكە، ئاياللار ئۇزۇن پايپاق، ئوتۇك كىيىدىغان بولغاچقا، كونىچە مەسە - كەش تىكىدىغان قول سانائەتچىلەر ئازىيىپ كەتتى.

بۇلاردىن باشقا ساندۇقچىلىق، پىچاقچىلىق قول سانائىتى ۋە ئۇششاق - چۈششەك قاشتېشى، ئويمىچىلىق قول سانائىتى، تومۇر ئەسۋاپلار قول سانائىتى قاتارلىق قول سانائەتلەرمۇ ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى. لېكىن ھەممە قول سانائىتى ئىچىدە يۇقۇردا ئېيتىلغان 8 تۈرلۈك قول سانائەت داڭلىق ئىدى.



# شىنجاڭ سەرەڭگە سانائىتىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىدىن قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ۋاڭزەييۇەن

(1)

مەن 1949 - يىلى، شۇۋاقىتتىكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھوكۇمەتنىڭ تەكلىۋى بويىچە سەرەڭگە ياساش ئۈچۈن ئىچكى ئۆلكىدىن كەلگەن ئىدىم. كېيىن مەن خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ شۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى سەرەڭگە سانائەت ئەھۋالىنىڭ كۆپ قېتىملىق كوتىرىلىش ۋە پەسىيىش جەريانىنى ئىگەللىدىم. مەن 1949 - يىلدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن. 1948 - يىلدىن ئىلگىرىكى ئىشلارنى باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان بولۇپ، بەزى كونكرېت ئەھۋال، ۋاقىت، ئورۇن، كىشىلەرنىڭ ئىسىم پەمىلىسى ئېسىمدە ئانچە تولۇق قالماپتۇ، ئەمما بايان قىلىنغان پاكىتلار كېيىن كورگەن ماددى نەرسىلەرگە ئاساسەن قىياسىمچە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋاللار بىلەن ئانچە چوڭ ئوخشىماسلىق بولمىسا كېرەك. ئەگەر بۇ ئاددى ئورگىنالىم ئەھۋالنى بىلىدىغانلارنى ئۆتكەن

ئىشلاردىن ئەمەلىي پاكىتلارنى ماتېرىيال قىلىپ يېزىپ قالدۇرۇشقا ئۇندىيەلىسە بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئازراق بولسىمۇ تۆھپەم بولدى، دېيەلەيتتىم.

**(2)**

ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ خېلى بۇرۇنلا سەرەڭگە زاۋۇتى ۋە كارخانىسى قۇرۇلغان بولۇپ، بەزى ئۆلكىلەرنىڭ ھەتتا ئون نەچچىدىن سەرەڭگە زاۋۇتى بولغان ئىدى، يىراق شىنجاڭدا تېخىچە سەرەڭگە زاۋۇتى قۇرۇلمىغانلىقتىن، كىشىلەر چاقماق تېشى بىلەن ئوت تۇتاشتۇراتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدا گۈڭگۈرت كانى بار ئىدى، يەرلىك خەلق گۈڭگۈرتتىن پايدىلىنىپ «تارشا گۈگۈت» ياساپ ئىشلىتەتتى. خەنزۇلار ئۇنى «چۈيبەنزى» دەپ ئاتايدۇ. شىمالىي ۋە شەرقىي شىنجاڭنىڭ قاتناش شارائىتى جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىغاندا ئاسانراق بولغىنى ئۈچۈن، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلگەن سەرەڭگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن بىخەتەرلىك سەرەڭگىمۇ بار ئىدى. ئەمما سەرەڭگە خەتەرلىك مال. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەكىلىدىغان ئارىلىق ئۇزۇن بولغاچقا، يول كىراسى ۋە بازاردىكى سېتىلىش باھاسى قىممەت بولاتتى.

ئىچكى رايونلاردا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا سودا - سانائەتنى جانلاندۇرۇش فاگجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.



پەرىزىمچە (ئىنقىلاۋىي قۇربان ماۋزېمىن، لىن جىلۇلار ئوتتۇرىغا قويغان فاگجېن بولسا كېرەك) دەسلەپتە ئىلىدا سەرەڭگە زاۋۇتى قۇرۇلدى. بۇ مەزگىلدە بىر زاۋۇتنى قۇرۇش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىش ئۈچۈن بىرىنچىدىن ئۈسكۈنە، ئىككىنچىدىن خام ئەشيا، ئۈچىنچىدىن تېخنىكا يېتىشمەيتتى، بۇ مەزگىلدە قاتناش ئىنتايىن قىيىن بولغاچقا، شۇنداقلا چەتنىڭ ياردىمىگە تايىنىش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلەتتى، ئۈسكۈنە ياساش تېخنىكا لايىھىلەشتىن ئايرىلالمايتتى، پىششىقلاپ ئىشلەشمۇ خام ئەشيادىن ئايرىلالمايتتى، تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەشتىمۇ تەجرىبىلىك پىششىقەدەم ئۇستىلارغا ئېھتىياجلىق ئىدى. بۇلارنىڭ بىرى كەم بولسىمۇ بولمايتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا ئىلىدا سەرەڭگە ياساشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋاكپەمىلىلىك خەنزۇدىن بىر كىشى، تاتاردىن بىر كىشى تېپىلدى، كېيىن يەنە بىر نۇسخا نېمىس يېزىقىدا سەرەڭگە ياساش ماشىنىسىنىڭ ئۈلگىسى تېپىلدى. بۇ ئۈلگىنىڭ پەقەت بەزى رەسىملىرى ۋە ئىزاھاتلىرى بار ئىدى. ئۇ ئېلان تەشۋىقات خاراكتېرلىق ھۆججەت بولۇپ، ماشىنا ياساش لايىھىسى ئەمەس ئىدى. بۇ شۇ ۋاقىتتىكى بىردىن - بىر تېخنىك ئاساسى بولۇپ، مېنىڭچە بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا زاۋۇتنى قۇرۇپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس

ئىدى. لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت شەرت - شارائىتىنىڭ قېيىنلىقىغا قارىماي ئاشۇ كىنىشلەرگە ئىشىنىپ زاۋۇت قۇرۇشنى ھاۋالە قىلدى. بۇ كىنىشلەرمۇ مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا بۇ ۋەزىپىنى ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىپ، شۇ دەۋردىكى ناھايىتى ئاز بولغان ماشىنىلارنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىپ، سەرەڭگە ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىسىنى پۈتكۈزۈپ چىقتى. مەن كېيىن بۇ ماشىنىلارنىڭ ئىنتايىن قوپاللىقى، ماشىنىنىڭ ئادەم ۋە قۇۋۋەت كۈچىنى تېجەپ ئەمگەك سەرپىياتىنى ئازايتىدىغان قىلىپ ئىشلەنمىگەنلىكىنى ۋە ماشىنىنى كۆركەملەشتۈرىدىغان جايلىرىنىڭمۇ يوقلۇقىنى كۆردۈم. قىسقىسى، ماشىنا خەرىتىگە ئاساسەن ياسالمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر تەرەپتىن ياسىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن. ماشىنىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سەرەڭگە ئۆلچىمى بويىچە ياسالغان ئىدى.

ئىشلەپچىقىرىشتا ئۈسكۈنە بولۇپلا قالماستىن، خام ئەشيانىڭ بولۇشىمۇ زۆرۈر ئىدى. سەرەڭگىنىڭ خام ئەشياسى ئاساسەن خىلور، كىسلاتالىق كالىي، فوسفور، گۈڭگۈرت، دېۋىرقاي ۋە ياغاچ ماتېرىيالى قاتارلىقلار ئىدى. شۇ ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭدا گۈڭگۈرت كانى بار ئىدى. بەزى جايلاردىكى تاغلاردا قارىغاي دەرىخى ناھايىتى كۆپ، دېۋىرقايمۇ يىغىپ تۈگەتكۈسىز، سەرەڭگە ياساشتا مۇۋاپىق كېلىدىغان تېرەك ماتېرىيالىمۇ خېلى



كۆپ ئىدى. بۇ نەرسىلەرنى ھەل قىلىش ئانچە قىيىن بولمىسىمۇ خىلور، كىسلاتالىق كالىي ۋە فوسفور ئىشلەپچىقىرىشقا ئىمكانىيەت بولمىغاچقا ئۇنى پەقەت ئادەمگە تايىنىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما بۇنىڭ بىرسى خىلورلاشتۇرۇلغان دورا، يەنە بىرسى ئوت تۇتاشتۇرغۇچى دورا بولۇپ، سەرەڭگە ياساشتا مۇھىم ئىككى خىل ماتېرىيال ئىدى. سەرەڭگە ياساش زاۋۇدىنىڭ قۇرۇلۇش - قۇرۇلماسلىقى مۇشۇ ئىككى خىل خام ئەشيانىڭ ياسىلىشىغا باغلىق ئىدى.

مەن مەلۇم بىر زاۋۇتتا ئالتە ئېلېكتروليز كوزا ۋە بىر دۆۋە ئۆسۈملۈك كۆلىنى كۆرگەن ئىدىم. ئىسكىلاتتىمۇ بىر دۆۋە ئېلېكتروليز ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈر جەۋھىرى تاياقچىسى ساقلىنىپ قالغان ئىكەن. بۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مۇندىن ئىلگىرى ئۆسۈملۈك كۆلى كالىينىڭ خام ئەشياسى قىلىنغان، ئېلېكتروليز ئاش تۇزى ياساش ئارقىلىق خىلور ئايرىلىپ، خىلور كىسلاتالىق كالىي ياساپ چىقىرىلغان. بۇ ۋاقىتتا ياسالغان خىلور كىسلاتالىق كالىينىڭ سۈپىتى خېلى ياخشى ئىدى ھەمدە كۆپلىگەن بىخەتەرلىك سەرەڭگىسىمۇ ياسىلىپ چىققان.

بۇ مەزگىلدە ئىشلەنگەن سەرەڭگە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ شەخسىي ئىگىلىكىدىكى زاۋۇتلاردا ياسالغان ئىشچىلار ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان

يەتكۈزۈلىدىغان ئاق فوسفورلۇق سەرەڭگىدەك بولماستىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆلچىمىدىكى بىخەتەرلىك سەرەڭگە ئىدى. خىلور كىسلاتالىق كالىي ئىشلىتىشى بىلەنلا زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى (تەخمىنەن 1940 - 1941 - يىللىرى). ئەمما، بۇ مەزگىلدە فوسفور تېخى ياساپ چىقىرىلمىغان، سەرەڭگە قېپىغا ئوت ئالدۇرۇش دورىسىنى سۈۋىغىلى بولمىغاچقا، بىخەتەرلىك سەرەڭگىسى ئارقىلىق ئوت تۇتاشتۇرغىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ، مەھسۇلات بازاردا سېتىلدى. بىر قاپ سەرەڭگىگە سوۋېتتە ئىشلەنگەن سەرەڭگىدىن بىر قاپ قوشۇپ سېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېتتە ئىشلەنگەن سەرەڭگە قېپىدىن پايدىلىنىپ، بىز ئىشلىگەن سەرەڭگە بىلەن ئوت تۇتاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. ئاڭلىشىمچە، بۇ زاۋۇتتا قىزىل فوسفورنى زادىلا ياسىيالمىغان ئىكەن، مەنمۇ قىزىل فوسفور ياسىلىدىغان ھېچقانداق ئۈسكۈنە كورمىدىم، مېنىڭ كورگىنىم پەقەت ئانچە چوڭ بولمىغان بىر ئېغىزلىق ئويگە خىش بىلەن سېلىنغان ئوچاقسىمان قۇرۇلۇشتىنلا ئىبارەت ئىدى. تامدا توك سىملىرى ئورنىتىلغان ئىزى كورۇنۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ھايۋان سوڭەكلىرىمۇ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا ھايۋانات سوڭىكىدىن پايدىلىنىپ، فوسفور ئىشلىمەكچى بولغانلىقىنى كورگىلى بولى-



دۇ. ئۇنىڭ ئاخىرى نىمە سەۋەپ بىلەن ياسالماي قالغانلىقىنى ئۇقالمىدىم.

بۇ زاۋۇت ئىش باشلاپ ئۇزۇن ئوتمەي، شىڭ شىسەي ئاينىپ ئوزگەردى. ئەجداتلار زىيانكەشلىككە ئۇچراپ 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋى پارتلىغاچقا زاۋۇتتا قىزىل فوسفورنى تاپقىلى بولماي قالماستىن، تەننەرقىمۇ يۇقۇرى كوتىرىلدى. نەتىجىدە ئىش توختىتىلدى. ئۈسكۈنىلەر ۋە يېرىم تەييار ماللار ئىسكىلاتقا كىرگۈزۈلۈپ پېچەتلەندى. مانا بۇ شىنجاڭ سەرەڭگە سانائىتىنىڭ 1 - قېتىملىق گۈللىنىش ۋە پەسىيىشى قاتارلىق ئەھۋاللاردۇر. بۇ مەزگىلدە زاۋۇتتا قانچىلىك ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ بارلىقى، قانچە ۋاقىت ئىشلىگەنلىكى، قانچىلىك مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى ۋە قانچىلىك سېتىلغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق گەپ - سوز ئاڭلىغىنىم يوق. مېنىڭ كورگىنىم پەقەت قول بىلەن ئايلاندۇرۇلىدىغان ئىككى دانە ماشىنىلا بولۇپ، پەرىزىمچە مەھسۇلاتىمۇ ئانچە يۇقۇرى بولمىسا كېرەك.

(3)

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، سەرەڭگىنىڭ باھاسى ئورلەپ كەتتى. ئىچكى ئولكىلەردىكى سودىگەرلەر بەس - بەس بىلەن سەرەڭگە ياساشقا كىرىشتى، بۇ مەزگىلدە شىنجاڭغا

ئېھتىياجلىق سەرەڭگە ئاساسەن ئىچكى ئۆلكىلەردىن
يۆتكەپ كېلىنگەچكە، سەرەڭگە ناھايىتى قىس بولدى.
بىراق، شىنجاڭ بىر قەدەر چەت، قاتنىشى قۇلايسىز.
خەۋەرلەرنىڭ تارقىلىشىمۇ ئاستا بولغاچقا، جىددى
دولقۇنمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئۆتۈپ كەتتى. 1947 -
1948 - يىللىرى بىر سودىگەر ئىچكى
ئۆلكىدىن ئازراق خام ئەشيا سېتىۋېلىپ
شىنجاڭنىڭ تېرەك ياغىچىدىن پايدىلىنىپ
قول سانائەت شەكلى بىلەن، ئۈرۈمچى خوتەنگەي رايو-
نىدا ئاق فوسفور سەرەڭگىسى ئىشلەپچىقاردى، شۇ ۋاقىت-
تىكى ئۆلكىلىك تەمىرات نازارىتى چەتنىڭ ياردىمىگە
تايانماي، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئۈسكۈنە ياسىدى ھەم-
دە ئىلى سەرەڭگە زاۋۇتىنىڭ يولىدا ماڭدى. بۇ مەزگىل-
دە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمىتى ئىچكى ئۆلكىلەرگە
ئادەم ئەۋەتىپ، تېخنىك خادىملارنى تەكلىپ قىلدى.
ئۈسكۈنە ۋە خام ئەشيا سېتىۋالدى مەن دەل شۇ مەزگىل-
دە شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىنغان ئىدىم. شۇنىڭدەك يەنە
3 نەپەر تېخنىك خادىم بىللە كەلدى. يەنە ئىككى دانە
سەرەڭگە رەتلەش ماشىنىسى، بىر دانە قىرىش ماشىنىسى
سېتىۋېلىندى، ئۇندىن باشقا خلوركىسلاتالىق كالىي،
گۈڭگۈرتلەشتۈرۈلگەن فوسفور قاتارلىق خام ئەشيالارمۇ
سېتىۋېلىندى.
مەن 1948 - يىلى كۈزدە ئۈرۈمچى شەھرىگە كەل-



گەن ئىدىم. شۇندىن ئېتىۋارەن ئۈرۈمچىدە دورا چىلاش
ماشىنىسى ۋە ياردەمچى ئۈسكۈنە ياسالدى. ھازىرقى
گوۋاڭمىڭلۇدىكى شەھەرلىك پارتكوم قوراسىنىڭ ئارقى-
دىكى كونا ئۆيلەر شۇ ۋاقىتلاردا زاۋۇت ئۆيلىرى بولۇپ،
بۇ جايدىكى ئەسلىدە بار بىر دانە سەيپۇجىنى ھەركەتلەن-
دۈرگۈچ قىلدۇق ۋە 6 نەپەر شاگىرت قوبۇل قىلىپ 1949-
يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ، گۈڭگۈرتلەشتۈرۈلگەن فوسفور-
لۇق سەرەڭگىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۇق. ئادەمنىڭ
ئازلىقىدىن ھەممە ئۈسكۈنىلەر بىرلا ۋاقىتتا ئىشلىمەيت-
تى. سەرەڭگە كېسىش ماشىنىسى ھەركەتلەنگەندە ھەممەي-
لەن شۇنىڭ بىلەنلا بولاتتى. سەرەڭگە تۈپلەپ گۈڭگۈرت-
كە چىلاشقا توغرا كەلگەندە، ھەممەيلەن تۈپلەش ۋە دو-
رىغا چىلاش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئىش باشلىنىپ ئۇ-
زۇن ئۆتمەي، ئۆلكىنىڭ رەئىسى ئايرىم ساندىكى ھۆكۈ-
مەت ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ زاۋۇتنى بىر قېتىم ئېكىس-
كۇرسىيە قىلدى. كېيىنتىنمۇ ئۈرۈمچى شەھرىدە سەرەڭگە
ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندى دەپ تەشۋىق قىلدى. ئىش
باشلاشتىن ئىلگىرى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرىي يولداشلار
زاۋۇتنىڭ قاچان ئىش باشلايدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ
تۇردى. رەئىس ئېكىسكۇرسىيىدىن كېيىن، مەھسۇلاتنى
قانداق قىلىپ ئاشۇرۇش توغرىسىدا سوراپمۇ قويمىدى.
كېيىن مەبلەغنىڭ كامچىللىقى خلوركىسلاتاسى، گۈڭگۈرت،
فوسفور قاتارلىقلار ۋاقتىدا سېتىۋېلىنمىغانلىقتىن، ئىش-

لەپچىقىرىش بەزى ۋاقىتلاردا توختاشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدەك تەننەرقى ۋە سېتىلىش باھاسى يۇقۇرى بولۇپ سەكراتقا چۈشكەن پېتى شىنجاڭنىڭ ئازات بولۇشىغا ئاران ئۇلاشتى. بۇ مەزگىلدە جەمئىي ئىشلەپچىقىرىلغان سەرەڭگە 100 ساندۇققىمۇ يەتمەيتتى (ھەر بىر ساندۇغى 2400 قاپ ئىدى).

**(4)**

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولۇپ، ئازاتلىق ئارمىيە ئۈرۈمچىگە ئورۇنلاشتى. سەرەڭگە زاۋۇدى ۋە باشقا بىر نەچچە شەھەر ئىگىلىگىدىكى كارخانىلار شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ، بارلىق مال - مۇلۇكلەر مەبلەغ قىلىندى. ئۇندىن باشقا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىدىن مەبلەغ ئاجرىتىپ ئۈرۈمچى ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىۋى قىلىپ قۇرۇلدى. ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئارزۇسىغا ئاساسەن، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىملاردىن ئادەم چىقىرىپ زاۋۇتقا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۈسكۈنىلەر سېتىۋېلىنىپ، ئىشچىلار كۆپەيتىلىپ تېخنىكىلار تەكلىپ قىلىندى. تۇرلۇك خام ئەشيا سېتىۋېلىندى. ئىشلەپچىقىرىش قەدەممۇ - قەدەم زورايدى. شۇ ئارقىلىق مەلۇم دەرىجىدە سەرەڭگە يېتىشمەسلىكتەك



ھالەت ھەل قىلىندى. شۇنداق بولسىمۇ كۈندىلىك ئەڭ يۇقۇرى مەھسۇلاتى 20 ساندۇقتىن ئاشمىدى.

خوتەنگەي كوچىسىدىكى شەخسى ئىگىلىكنى ئاساس قىلغان سەرەڭگە زاۋۇدى ئازاتلىقتىن كېيىنلا ئىشتىن توختاپ قالدى.

سابىق تەمىرات نازارىتى سىناق قىلىپ ياسىغان سەرەڭگە زاۋۇدى ئازاتلىقتىن ئىلگىرىلا ئىشتىن توختىغان ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇنىڭ بارلىق ماشىنا، ماتېرىياللىرىنى ئۈرۈمچى ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە كوپىراتىۋىنىڭ تاپشۇرۇۋېلىشىغا بۇيرۇق قىلدى.

1950 - يىلى ئىلى سودا شىركىتى غۇلجىدىكى بىر ئىسكىلاتنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇ ئىسكىلاتتىن دۆۋىلەپ قويۇلغان سەرەڭگە ياغىچى ۋە سەرەڭگە قېپى، ماشىنا قاتارلىقلار تېپىلدى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە كوپىراتىۋىغا بۇ نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى تەكشۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 1951 - يىلى ئەتىيازدا ئۈرۈمچى رايونلۇق ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىۋىدىن 3 كىشى غۇلجىغا باردى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ بىرى ئىدىم. بىز سوۋېتتە ئىشلەنگەن ئولچەملىك سەرەڭگە ياغىچى ۋە سەرەڭگە قېپىنىڭ بىر چوڭ ئىسكىلاتقا لىق بېسىۋېتىلگەنلىكىنى كوردۇق. شامال ئۆتۈ-

شۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ تېگىگە شال تاختاي قويۇلغان ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا 2 دانە قول بىلەن ئايلاندۇرۇپ سەرەڭگە ياغىچى چىقىرىدىغان ماشىنا ۋە بىر تارىشا چىقىرىش ماشىنىسى، بىر دانە كېسىش ماشىنىسى، بىرمۇنچە پارچە - پۇرات سايمانلار ۋە دورا ماتېرىياللىرى ۋە شۇنداقلا تېخى قېلىش تاختىسى قاتارلىقلارنى كۆردۈم. بۇ ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر قىلچە بۇزۇلمىغان، قول چاقىنى ئايلاندۇرغىلى بولاتتى. ئۇ ئانچە كۆپ دات باسمىغان بولۇپ ئىشلىتىشكە يارايتتى. بىرلا يېرى بۇ بىر ئاز قوپال بولۇپ، ئىشلىتىشكە كۆپ كۈچ كېتەتتى. يۇقۇرقى ئەھۋاللار تەكشۈرۈپ كۆرۈلگەندىن كېيىن، بىز بۇنى يۇقۇرىغا مەلۇم قىلدۇق، يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ قارارىغا ئاساسەن، مۇناسىۋەتلىك ماشىنىلارنى ئۈرۈمچى رايونلۇق بىرلەشمە ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىۋىغا ئۆتكۈزۈپ، ئىلى رايونىدا زاۋۇت قۇرۇپ، سەرەڭگە ئىشلەپچىقىرىش قارار قىلىندى.

جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ تارماق بانكىسى سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك باش بانكىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندا، يەرئاستى ئىسكىلاتىدا قىسمەن داتلىشىپ چىرىپ كەتكەن تۈنىكە تۈڭلىرىنى ئۇچراتتى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق بېسىلىپ قالغىلى ئۇزۇن يىللار بولغان قىزىل فوسفور قاچىلانغان تۈڭلار ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، بۇيرۇققا ئاساسەن بۇ تۈڭلارنى ئۈرۈمچى رايونلۇق بىرلەشمە



ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىۋى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئىشلەتتى.

ئىلىغا زاۋۇت قۇرۇشقا ئادەم ئەۋەتكەندە، مەنمۇ بىللە باردىم، بىز 1951 - يىلى ئىلىنىڭ ئۆزىدە بولمايدىغان ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك چەتتىن سېتىۋالغان دورىلارنى ئېلىپ ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتۇق، بۇچاغدا ئەسلىدە ساقلىنىپ قالغان ماشىنا سايمانلىرى ۋە يېرىم مەھسۇلاتلار ئىسكىلادى ئىلى سودا شىركىتىگە تەۋە بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۆيەرگە زاۋۇت قۇرغىلى بولمىدى. مۇزاكىرە ئارقىلىق غۇلجىنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونىغا بىر زاۋۇت قۇرۇلىدىغان بولدى، ياغاچ ماتېرىياللارنىڭ توشۇلۇشىغا ئاسانلىق يارىتىش ۋە سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن تارشىلاش سېخى سۇيىدۈڭگە قۇرۇلدى. ئىككى جايدىكى زاۋۇتقا ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى تەرىپىدىن پۇل ئاجرىتىلدى، شۇندىن ئېتىۋارەن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى ئارقا - ئارقىدىن يېڭى ئورۇنغا يۆتكەلدى.

1951 - يىلى كۈزنىڭ ئاخىرلىرىدا ماشىنا سايمانلىرى ۋە مەھسۇلاتلار ئاساسىي جەھەتتىن ئۆتكۈزۈۋېلىندى، شۇندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتىلگەن تېخنىك ئىشچىلىرى يېتىپ باردى. زورۇر بولغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى ۋە قوشۇمچە سايمانلارنىڭ ياسىلىشى ئاخىرلىشىپ، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن سەرەڭگە ۋە سەرەڭگە قېپى تەييارلاندى. سەرەڭگە ياغاچلىرى

ئۇزۇن يىل شامالغا سېلىنغان بولغاچقا، سەرەڭگە ئىشلەپچىقىرىشى ئۆز ۋاقتىدا باشلاندى، ئۇزۇن ئۆتمەي بازاردا سېتىلدى. ئارقىدىنلا تارشىلاش ماشىنىسى ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ماشىنا ئەسۋاپلار سۈيدۈڭگە يوتكەلدى.

1952 - يىلى يۇقۇرىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئازاتلىق ئارمىيە ئۇرۇمچى ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىۋىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى شەھەرلىك خەلق هوكۇمىتى بىۋاستە باشقۇردى. شەھەرلىك خەلق هوكۇمىتى ئىلى تارماق زاۋۇدىغا تەييارلانغان سەرەڭگە ياغىچى ۋە سەرەڭگە قېپىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشنى دەرھال توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشەردى، ماشىنا - سايمانلىرى پېچەتلەندى، تېخنىك خادىملىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۇرۇمچىگە قايتۇرۇلدى. تارشىلاش ماشىنىسى تېخى پۈتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ هامان خىزمەتتىن توختىدى. تۆپلەش قىسمىنىڭ يېرىم پىششىقلانغان سەرەڭگە قېپى تەگدىن تولىسى ئىشلىتىلگەن ئىدى. 11 - ئايغا كەلگەندە، سەرەڭگە قېپى پۈتۈنلەي ئىشلىتىلىپ بولغاندىن كېيىن بۇيرۇققا بىنائەن ئىشتىن توختىتىلدى.

شىنجاڭنىڭ ياغاچ ماتېرىيالىنىڭ باهاسى ۋە ئىشچىلارنىڭ مائاشى ئىچكى ئۆلكىلەرگە قارىغاندا خېلى يۇقۇرى ئىدى. سەرەڭگىگە كېرەكلىك دورا ماتېرىياللىرىنىڭ كوپىنچىسى ئىچكى ئۆلكىلەردىن سېتىۋېلىناتتى.



ماتېرىيال يىراق يەردىن يوتكىلىدىغان بولغاچقا، سەرەڭگىنىڭ تەننەرقىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭكىگە قارىغاندا خېلى يۇقۇرى تۇراتتى. بىر قانچە قېتىملىق تۈجۈپىلەپ قىلىنغان هېساۋات ۋە ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ماتېرىيال ۋە ئىشچىلارنىڭ ئىش سەرپىياتى تىرىشىپ تۆۋەنلىتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا بازاردىكىدىن تۆۋەن بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەهسۇلاتنىڭ تۆۋەن بولۇشى بازارنىڭ ئېهتىياجىدىن جىق يىراق بولۇپ، يەنىلا ئىچكى ئۆلكىلەردىن داۋاملىق يۆتكەپ كېلىشكە ئىمكانىيەت يار بەرمىدى، شۇڭلاشقا 1953 - يىلىنىڭ باشلىرى شەهەرلىك خەلق هوكۇمىتى ئۇرۇمچى سەرەڭگە زاۋۇدىنى پۈتۈنلەي ئىشتىن توختىتىشنى قارار قىلدى. زاۋۇت خادىملىرى قايتىدىن خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى. ئارقىدىنلا بارلىق ئۈسكۈنە - سايمانلار باهاغا سۇندۇرۇلۇپ سېتىۋېتىلدى. ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىرى كېرەكسىز ماتېرىيال قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىندى. ئىلىدىن قوبۇل قىلىنغان نەرسىلەرمۇ يۇقۇرقى ئۇسۇل بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. شۇندىن ئېتىۋارەن شىنجاڭدا سەرەڭگىچىلىك سانائىتى بىر مەزگىل توختاپ قالدى.

(5)

ئازاتلىقتىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئاهالىسى يىلدىن-يىلغا كۆپىيىپ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى قەدەممۇ-

قەدەم يۇقۇرى كوتىرىلىپ، سەرەڭگىگە بولغان ئېھتىياج كۈنسايىن ئاشتى. ئەمما سەرەڭگە ئاسان ئوت ئالىدىغان خەتەرلىك مال ئۇنىڭ ئۇستىگە شىنجاڭنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، مۇسابە ئۇزۇن بولغاچقا، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايتتى. يۇك ماشىنىلىرىمۇ ئۇنى توشۇشتىن قاچاتتى. ئەمىلىيەتتە ئوت ئاپىتى چىقىپ ماشىنىلارنى كويلەپ كويدۇرۇپتاشلىغان بولغاچقا، سودا ئورۇنلىرىغىمۇ بىسىم ئىنتايىن كۇچلۇك بولدى. 1958 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى سەرەڭگە يۇتكەشتىكى بىسىمنى تۇگىتىش ئۇچۇن، مەبلەغ سىلىپ، سەرەڭگە زاۋۇدى قۇرۇشنى قارار قىلدى. دولىتىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى سەرەڭگە زاۋۇدىگۇاڭجۇ چياۋمىڭ سەرەڭگە زاۋۇدىدىن زاۋۇت قۇرۇشقا يىتەكچىلىك قىلىشقا تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەپ يىتىشتۇرۇپ بىرىشكە خادىملار تەكلىپ قىلىندى. 1960 - يىلى بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ كولىمى چوڭ، ئالدىنقى بىر نەچچە قېتىمقىسىغا ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىشنى سىناق قىلىش شەكلى بىلەنلا بولماستىن، پۇتۇن شىنجاڭنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسىدىدە قۇرۇلغان ئىدى. رەتلەش ماشىنىسى ئون نەچچىدىن ئارتۇق بولۇپ، تارشىلاش ماشىنىسىمۇ خېلى چوڭ ئىدى. دولەتتىن تاشقى پىرىۋوت ئاجرىتىلىپ ئىككى دانە گۇڭگۇرت چىلاش ماشىنىسى ئىم



پورت قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن يىللىق مەھسۇلاتى يۇز مىڭدىن كوپ بولۇش پىلانلاندى (ھەربىر ساندۇقىنىڭ قاپتىن ئارتۇق).

1960 - يىللارنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، ئىچكى ئولكىلەردىكى زاۋۇتلاردا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئەمگەك سەرپىياتى يۇقۇرى بولغان تۇپلەش ماشىنىسى ئوزگەرتىپ ياسالدى. قول بىلەن ئايلاندۇرۇلىدىغان قىسمى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوزگەرتىلىپ، ھەركەتلەندۇرگۇچ كۇچ بىلەن ئايلىنىدىغان قىلىندى. شىنجاڭمۇ ئىچكى ئولكىلەرنىڭ تەجرىبىسىنى ئوگىنىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئوزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۇپىتى قەدەممۇ - قەدەم يۇقۇرى كوتىرىلىپ، پۇتۇن شىنجاڭنىڭ ئېھتىياجى ئاساسى جەھەتتىن قاندۇرۇلدى، چىگرا سودىسىدىمۇ ئاز مىقداردا ئېكىسپورت قىلىندى.

ئەمما سەرەڭگىنىڭ خام ئەشياسى پۇتۇنلەي ئىچكى ئولكىلەردىن توشۇلدى. بولۇپمۇ ياغاچ ماتىريالى شەرقىي شىمالنىڭ دۇەنمۇ ياغىچى ئىدى، ئەمما شۇجايىنىڭ ياغاچ ماتىريالى بىر نەچچە قېتىم سىناق قىلىپ ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، تېرەك ياغىچىنىڭ ئىچى پور، يېرىغى كوپ، زاپىسى ئاز ئىدى، قارىغاي كوپ بولسىمۇ، ئىشلىتىش ئۇنۇمى تۆۋەن، ھەم ناچار ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە شىنجاڭنىڭ ياغاچ ماتىريالىنىڭ تاغدىكى قىممە

تى، يوتكەش ھەققى شەرقىي شىمالنىڭكىگە قارىغاندا يۇقۇ-
رى بولغاچقا، سەرەڭگىنىڭ تەننەرقى يەنىلا نىسبەتەن
ئۈستۈن بولۇپ ئۇدا بىر نەچچە يىل زىيان كۆرۈلدى.
1962 - يىلى سودا ئورۇنلىرى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ
باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىنمۇ زىيان تار-
تىش ئەھۋالىنى يەنىلا ئۆزگەرتەلمىدۇق. كېيىن دۆلىتى-
مىز كۆپ خىل سەرەڭگە ياساش ماشىنىلىرىنى ئىشلەپ-
چىقىرىپ، شىنجاڭغا بىر نەچچىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن
تۇپلەش، قاچىلاش، ئوراش، گۈگگۈرتكە چىلاش ماشىنى-
سى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ماشىنىلاشتى. دۆلىتىمىزدە
ئىشلەنگەن چوڭ تىپتىكى تارشىلاش ماشىنىسىمۇ بارلىق-
قا كەلدى. ئۇنىڭ ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى
يىلىغا 250 مىڭ ساندۇققا يەتكۈزۈلدى. ئەندى يەنە بىر
مەخسۇس تېرەك دەرىخى يېتىشتۈرىدىغان ئورمانچىلىق
مەيدانى قۇرۇلسا، دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى
ئىسلاھ قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ تەننەرقى چوقۇم تۆ-
ۋەنلىگۈسى.

**新疆文史资料选辑**（10）（维吾尔文）
中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料研究委员会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆7220印刷厂印刷
787×1092毫米32开本11.25印张
1983年6月第1版　1983年8月第1次印刷
印数：1——8,500

**（内部发行）**

15 元

统一书号：M11098·123
定 元